# ئۆلىمالار

# olimalar

انما يخشى الله من عباده العلماء

ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئاللاھتىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ.





2023-يىللىق 2-سان، ئومۇمىي 8-سان

—— يېرىم يىللىق دىنىي ژۇرنال ——

ئۆلىمالار
olimalar

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ نەشر ئەپكارى
DOĞU TÜRKİSTAN ULEMALARI DERNEĞİ YAYINLARI
منشورات وأفكار اتحاد علماء تركستان الشرقية
PUBLISHER OF THE EAST TURKISTAN MUSLIM SCHOLARS ASSOCIATION

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ

# مۇندەرىجە

قۇرئان كەرىم
د. ئالىمجان بۇغدا (1)

قۇرئان كەرىم ھەققىدە
مۇھەممەد يۈسۈپ (9)

قۇرئان ۋە ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىشنىڭ تارىخىي جەريانى توغرىسىدا
پ. د. نۇرئەھمەت قۇربان (36)

قۇرئان كەرىمگە قانداق پوزىتسىيەدە بولۇشىمىز كېرەك؟
تاھىرجان ئاباس (57)

قۇرئان كەرىم ھەققىدە سوئال-جاۋابلار
ئابدۇلئەھەد ھاپىز (76)

قۇرئانغا قانداق مۇئامىلە قىلىمىز؟
د. يۈسۈپ قەرزاۋىي (90)

ئىسلام دىنىمىزنىڭ قانۇن مەنبەسى قۇرئان كەرىم
د. ئابدۇلخالىق ئۇيغۇر (114)

قۇرئان كەرىم مۆجىزىلىرى ھەققىدە
ئوبۇلقاسىم ئەھمەدى (122)

فاتىھە سۈرىسىنىڭ تەپسىرى
د. ۋەھبە زۇھەيلى (132)

ئىلخان ھاجىم
د. ئالىمجان بۇغدا (147)

قاغىلىق جامەسىنىڭ پاجىئەلىك ئاقىۋىتى ...... ئابدۇلئەھەد ھاپىز (160)

ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ يېرىم يىللىق پائالىيەتلىرى ...... (165)

2023-يىللىق
2-سان
(ئومۇمىي 8-سان)

ژۇرنال مەسئۇلى:
دوكتور ئالىمجان بۇغدا

باش مۇھەررىر:
مۇھەممەد يۈسۈپ

تەھرىر ھەيئىتى:
ئابدۇلئەھەد ھاپىز
ئابدۇراھمان جامال كاشغەرى
ئابدۇرېھىم دۆلەت
ئوبۇلقاسىم ئەھمەدى
ئابدۇسالام تەكلىماكان
ئابدۇلئەھەت ئۆجات
تاھىرجان ئاباس

مۇقاۋا ۋە بەت لايىھەلىگۈچى:
ئىستىقلال مېدىيا
www.istiqlalmedia.com

0212 540 31 13
Adres: Kemalpaşa Mahallesi 1. Biga Sokak No: 27 Daire:5
Küçükçekmece/İstanbul
www.olimalar.org olimalarjournili@gmail.com

# كەڭ ئوقۇرمەن ۋە ئاپتورلار سەمىگە

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك قېرىنداشلار!

ئاللاھ تائالاغا شۈكۈرلەر بولسۇنكى، ژۇرنىلىمىز 5-يىلىغا قەدەم قويدى. بۇ جەرياندا تەھرىر ھەيئىتىدىكى قېرىنداشلارنىڭ ۋە ھۆرمەتلىك ئاپتورلارنىڭ تىرىشچانلىقى، شۇنداقلا قىممەتلىك ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ قوللاپ-قۇۋۋەتلىشى ئارقىسىدا، ژۇرنىلىمىز كۈندىن-كۈنگە مۇكەممەللىككە قاراپ تەرەققىي قىلدى.

خۇددى بىز تۈنجى ساندا ئەسكەرتكىنىمىزدەك، ژۇرنىلىمىز مۇھاجىرەتتىكى خەلقىمىزگە توغرا دىنىي مەلۇماتلارنى تەقدىم قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ سەۋىيەسىنى ئاشۇرۇش، مەنىۋى دۇنياسىنى بېيىتىش، قېرىنداشلىق رىشتىسىنى كۈچەيتىش قاتارلىقلارنى ئاساسىي نىشان قىلغان.

مەزكۇر ژۇرنال ھەرقايسى ساھەلەردە قەلەم تەۋرىتىدىغان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ خەلقىمىزگە ئېھتىياجلىق بولغان يۈرەك سۆزلىرىنى، ئورتاقلاشماقچى بولغان مەسىلىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى ئۈچۈن ھازىرلانغان ئەركىن سەھنە بولۇپ، ژۇرنىلىمىزغا ماقالە ئەۋەتىدىغان قېرىنداشلىرىمىزنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن قېرىنداش! سىزنىڭ ژۇرنىلىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ساپاسىنى كۆتۈرۈش ھەققىدە پىكىر-تەكلىپلەرنى بېرىپ، بىزنى يېقىندىن قوللاپ بېرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز.

ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ سانىنى قۇرئان كەرىم ھەققىدىكى يازمىلارغا خاس قىلدۇق.

ھۆرمەت بىلەن:

«ئۆلىمالار ژۇرنىلى» تەھرىراتى

# قۇرئان كەرىم



دوتسېنت دوكتور ئالىمجان بۇغدا
شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى رەئىسى

بىزلەرنى ياراتقان، مەخلۇقاتلىرى ئىچىدىن ئەقىل ۋە ئىدراك بىلەن ئالاھىدە شەرەپلىك قىلىغان، بىلمىگەنلىرىمىزنى قەلەم ۋە يېزىق ئارقىلىق بىلدۈرۈپ، ئەقلىمىزنى ئىمان بىلەن نۇرلاندۇرغان جانابىي ئاللاھغا ھەمدۇسانا ئېيتىمىز. ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارغا رەھمەت قىلىپ ئەۋەتكەن، ئۇنىڭغا ئىنسانلارنىڭ ھىدايىتى ئۈچۈن ئۆز كالامى بولغان قۇرئان كەرىمنى نازىل قىلغان ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ۋە سالام يوللايمىز. ئۇنىڭ ئائىلىسى ۋە بارلىق ساھابىلىرىگە ئاللاھتىن رەھمەت تىلەيمىز.

جانابىي ئاللاھ يەر يۈزىگە تۇنجى ئىنسان ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ھەزرىتى ھەۋۋانى ئاپىرىدە قىلغان دەۋردىن باشلاپ، ئىنسانلارغا ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى بىلدۈرۈش، ئۇلارغا يارىتىلىش غايىسىنى تونۇتۇش ۋە ئۇلارنىڭ ۋەزىپىلىرىنى ئەسلىتىپ تۇرۇش ئۈچۈن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتى. پەيغەمبەرلەر ھەر دەۋردە ئاللاھ تائالادىن كەلگەن ۋەھيى ۋە تەلىماتلار ئاساسىدا ئىنسانلارغا جانابىي ئاللاھنىڭ زاتى سۈپەتلىرىنى، جانابىي ئاللاھغا ئىمان كەلتۈرۈش، ئۇ زاتقا ئىبادەت ۋە بەندىچىلىك قىلىشنىڭ يوللىرىنى، ھاياتى دۇنيانىڭ ماھىيىتىنى، دۇنيا ھاياتىدا ئاللاھ تائالا رازى بولىدىغان ياخشى ئىشلارنى قىلىش ئارقىلىق، ئەبەدىي ھاياتلىق ئالەمى بولغان ئاخىرەتتە مۇكاپاتقا ئېرىشىپ، جەننەتكە كىرىشنىڭ يوللىرىنى كۆرسىتىپ بەردى.

جانابىي ئاللاھ پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق ئىنسانلارغا بىلدۈرگەن ئەمر-پەرمان ۋە يول-يورۇقلىرىنىڭ پەيغەمبەرلەر بۇ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنتۇلۇپ كەتمەسلىكى ۋە ئىنسانلار تەرىپىدىن ئۆزگەرتىلىۋەتمەسلىكى ئۈچۈن، پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيى ئارقىلىق كىتاب ۋە مۇسھەفلەرنى (سەھىپە ياكى ۋاراق) نازىل قىلدى. مەسىلەن: ئادەم ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان «سۇھۇفى ئادەم»، ھەزرىتى شىش ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان «سۇھۇفى شىش»، ئىدرىس ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان «سۇھۇفى ئىدرىس»، ھەزرىتى نۇھ

ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان «سۇھۇفى نۇھ» ۋە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان «سۇھۇفى ئىبراھىم»غا ئوخشاش 100 دىن ئارتۇق سۇھۇف ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان «تەۋرات»، داۋۇت ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان «زەبۇر»، ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان «ئىنجىل» ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان «قۇرئان كەرىم»دىن ئىبارەت تۆت مەشھۇر كىتابقا ئوخشاش.

ھەر پەيغەمبەر-ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ تاكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىچە – جانابىي ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن ۋەھيىنى ئۆز ھاياتىغا تەتبىقلاش ۋە ئىنسانلارغا يەتكۈزۈش ۋەزىپىسىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇندىغان. ھەر بىر پەيغەمبەر ئۆزىدىن بۇرۇن كەلگەن پەيغەمبەرنى ۋە ئىلىپ كەلگەن ئىلاھى ۋەھيىنى تەستىقلاش بىلەن بىرگە، ئىلاھىي كۆرسەتمىلەر ئاساسىدا زامان ئىچىدە ئىنسانلار تەرىپىدىن قوشۇۋېلىنغان باتىل ئەقىدە، بىدئەت، خۇراپات، ئىنسان تەبىئىتىگە زىت بولغان پاسكىنا، ناچار ئادەت ۋە ھەر خىل زۇلۇم، زوراۋان سىستېمىلارنى تازىلاش ۋە ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن، بارلىق كۈچى بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن. ھەر دەۋردىكى پەيغەمبەرلەرگە ۋە ئىلىپ كەلگەن ئىلاھىي ۋەھيىگە ئىمان كەلتۈرگەن، ئۇنى قوللىغان، ئۇنىڭغا ئەگەشكەن مۇئمىن-مۇسۇلمان كىشىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ۋارىسلىرى پەيغەمبەرنىڭ يولىنى پاك تۇتۇشقا، ئىلىپ كەلگەن ئىلاھىي تەلىماتلار بويىچە ئەمەل قىلىشقا ۋە باشقا ئىنسانلارنىمۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ يولىغا ئەگىشىپ مېڭىشقا دەۋەت قىلغان.

بارلىق پەيغەمبەرلەر ئېتىقاد ۋە ئىمان مەسىلىلىرى جەھەتتە ئوخشاش ۋە بىر پۈتۈن بولغان بولسىمۇ، ئىبادەت ۋە ئىجتىمائىي ھۆكۈم جەھەتتىكى بەزى مەسىلىلەردە بىر-بىرىدىن پەرقلىق. ھەر پەيغەمبەر ئاللاھ تەرىپىدىن ئايرىم شەرىئەت ئىگىسى سۈپىتىدە ئەۋەتىلگەن بولۇپ، مۇئەييەن بىر پەيغەمبەر دەۋرىدە كۈچكە ئىگە بولغان بەزى ھۆكۈملەر كېيىنكى پەيغەمبەر دەۋرىدە مەنسۇخ بولغان (ئەمەلدىن قالغان) ياكى ئۆزگەرگەن. پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچىسى بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىنسانىيەتكە باشقا بىر پەيغەمبەر كەلمەيدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ زاتقا نازىل قىلىنغان كىتاب-قۇرئان كەرىم ھۆكمى قىيامەتكىچە كۈچكە ئىگە، مۇسۇلمانلارغا يول كۆرسەتكۈچى، ئىلاھىي رەھبەر بولغان ئاخىرقى كىتابتۇر.

قۇرئان كەرىمنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش توغرا كەلسە، قۇرئان كەرىم جانابىي ئاللاھ تەرىپىدىن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ۋاستىسى بىلەن، ۋەھيى ئارقىلىق پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالامغا 23 يىل ئىچىدە ئەرەب تىلىدا نازىل قىلىنغان، سۈرە فاتىھەدىن باشلاپ سۈرە ناستا ئاياغلاشقان ۋە ئىككى مۇقاۋا ئارىسىغا ئېلىنغان، ھېچكىم ئۇنىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرەلمەيدىغان ۋە بارلىق ئىنسانلار بىر يەرگە كەلسىمۇ، قىيامەتكىچە ئۇنىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرۈشى مۇمكىن بولمىغان، ئىچىدىكى ئايەتلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ۋە ھېچبىر ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلمەستىن تەۋاتۇر يولى ئارقىلىق بىزگە يېتىپ كەلگەن، ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن قوغدالغان، ئۇنى ئوقۇش ئىبادەت ھېسابلىنىدىغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئىبادەت قىلىنىدىغان، ئاللاھ تائالانىڭ كالامىدۇر.

بۇ تونۇشتۇرۇشنى قىسقىچە ئىزاھلاشقا توغرا كەلسە:

• قۇرئان كەرىمنىڭ تامامى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ۋەھيى يولى بىلەن نازىل قىلىنغان ئاللاھنىڭ كالامىدۇر. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ياكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھېچقانداق سۆزى ئارىلاشمىغان، ھەر ئىككىسى ئاللاھ تائالا ئۇلارغا قانداق ۋەھيى قىلغان بولسا، شۇنداق يەتكۈزگەن.

• قۇرئان كەرىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا 23 يىللىق پەيغەمبەرلىك ۋە نۇبۇۋۋەت ۋەزىپىسى جەريانىدا پەيدىنپەي، ئەمەلىي ئېھتىياجغا ئاساسەن نازىل قىلىنغان. ئەمەلىي ھاياتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن تەتبىقلانغان ۋە ھۆكۈملىرى ئىجرا قىلىنغان.

• پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن ھەر ۋەھيىنى ئالغان، ھېچبىر نەرسىنى يوشۇرماستىن، قاتماستىن شۇ پېتى ساھابىلىرىگە يەتكۈزگەن ۋە ئۇلارنى كۆز ئالدىدا «ۋەھيى كاتىبى» دەپ ئاتالغان ساھابىلەرگە يازدۇرۇپ، ئوقۇتۇپ تەستىقلىغان. ساھابىلەرمۇ ھەر كەلگەن ۋەھيىنى يادقا ئېلىپ ياكى يېزىپ ساقلىغان ۋە باشقىلارغا شۇ پېتى يەتكۈزگەن. قۇرئان كەرىمدە يېزىلمىغان ھەر قانداق ئايەت، ھەزرىتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تەرەپتىن كۆپەيتىلىپ تارقىتىلغان قۇرئان ھەرپلىرىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان قىرائەت ۋە «قۇدسى ھەدىسلەر» دەپ ئاتالغان ھەدىسلەر قۇرئان ھېسابلانمايدۇ.

• پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن پارچە-پارچە كەلگەن ۋەھيى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن بىر پۈتۈن رەت تەرتىپ ۋە تەرتىل (ئاھاڭ، قىرائەت) ئاساسىدا باشتىن-ئاخىرغىچە ئوقۇپ بېرىلگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى تولۇق يادقا ئالغان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامغا ئۇنى

باشتىن-ئاخىرغىچە ئوخشاش بىر رەۋىشتە ئوقۇپ بەرگەن ۋە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئۇنى تەستىقلىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە، بولۇپمۇ ۋەھيى كاتىبى قارى ۋە ھاپىز ساھابىلىرىگە قۇرئان كەرىمنىڭ مۇشۇ ئاخىرقى شەكلىنى ئوقۇپ بەرگەن ۋە ساھابىلەرمۇ مۇشۇ تەرتىپتە يادقا ئالغان.

- قۇرئان كەرىم باشتىن-ئاخىر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەرەب تىلىدا نازىل قىلىنغان. قۇرئان كەرىم ئۇنىڭ ئەرەب تىلىدىكى ئەسلىي ھالىتىدۇر. قۇرئان كەرىمنىڭ تەرجىمىسى ياكى تەپسىرى قانداق بولۇپ كېتىشتىن قەتئىينەزەر، قۇرئان كەرىم ھېسابلانمايدۇ.

- قۇرئان كەرىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ چوڭ مۆجىزىسى. قۇرئان كەرىم بالاغىتى ۋە پاساھىتى، ئىنسانىيەتنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت-سائادىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىچىدە ئورۇن ئالغان ئۆزگەرمەس ئالەمشۇمۇل ھەقىقەتلەر ئېتىبارى بىلەن، بارلىق ئىنسانلار ۋە جىنلار بىر يەرگە كەلسىمۇ، ئۇنىڭ ئوخشىشىنى يازالىشى ۋە ئېيتالىشى مۇمكىن بولمىغان تەڭداشسىز ئىلاھىي مۆجىزە.

- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تەكلىپى ۋە خەلىپە ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ ماقۇللىقى بىلەن «ۋەھيى كاتىبى» دەپ ئاتالغان ساھابىلەردىن تەشكىل تاپقان بىر ھەيئەت قۇرئان كەرىمنىڭ پارچە-پارچە يېزىلغان نۇسخىلىرىنى ناھايىتى جىددىي تەكشۈرۈپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاخىرقى قېتىم ئوقۇپ بەرگەن شەكىلدە ئىتتىپاق بىلەن بېكىتىپ، جەمئىي قىلىپ بىر مۇسھەف ھالىغا كەلتۈرگەن ۋە بارلىق ساھابىلەر بۇنى تەستىقلىغان. قۇرئان كەرىمنىڭ بۇ نۇسخىسى سۈرە فاتىھەدىن باشلاپ سۈرە ناستا ئاياغلاشقان ۋە ئىككى مۇقاۋا ئارىسىغا ئېلىنغان، مۇشۇ تەرتىپتە ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا مىراس قالغان ۋە ھازىر بىزنىڭ قولىمىزدا بار بولغان ھالىتىدۇر.

- قۇرئان كەرىمنى ساۋاب ئۈمىد قىلىپ ئوقۇش ۋە قاراش ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ ۋە ئوقۇغۇچى ساۋابقا ئېرىشىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان كەرىمنى جۇنۇپ، ھەيزدار ۋە تاھارەتسىز كىشىلەرنىڭ تۇتۇشى جائىز ئەمەس. باشقا ھېچقانداق كىتابنى – ھەدىسلەرنىمۇ – ساۋاب ئۈمىد قىلىپ ئوقۇش بىلەن ئىبادەت ھېسابلانمايدۇ. ھەر قانداق ئىبادەتتە پەقەتلا قۇرئان كەرىمنىڭ ئەسلى، يەنى ئەرەبچىسى ئوقۇلىدۇ. قۇرئان كەرىمنىڭ تەرجىمىسىنى، ھەدىس ياكى باشقا ئەرەبچە سۆزلەرنى نامازلاردا ئايەتنىڭ ئورنىغا ئوقۇشقا بولمايدۇ.

ئىماننىڭ ئاساسلىرىدىن بىرى ئاللاھ تائالانىڭ بارلىق كىتابلىرىغا ۋە ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەنلىكىنىڭ ھەق ۋە راستلىقىغا ئىمان كەلتۈرۈشتۇر. قۇرئان

كەرىمگە ئىمان كەلتۈرۈش دېگەنلىك يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك، قۇرئان كەرىمنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغانلىقىغا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىزگىچە ھېچقانداق ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلمەستىن، تەۋاتۇر يولى بىلەن كەلگەنلىكىنىڭ ھەق ۋە راستلىقىغا شەك-شۈبھە قىلماستىن ئىمان كەلتۈرۈشتۇر. قۇرئان كەرىمنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ كالامى ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈش، ئۇنىڭ ھەق ۋە راستلىقىنى تەستىقلاش ماھىيەت جەھەتتىن قۇرئان كەرىمدە ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەھىھ ھەدىسلىرىدە تىلغا ئېلىنغان بارلىق ئىلاھىي كىتابلارنى ۋە پەيغەمبەرلەرنى تەستىقلىغانلىق ۋە ئىمان كەلتۈرگەنلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

قۇرئان كەرىم ئۆزىنى «قۇرئان»، «كىتاب» دەپ ئاتىغان بولۇپ، ئۇنىڭ «ھىدايەتكە باشلىغۇچى» «ھەق-باتىلنى ئايرىغۇچى» ۋە «ھەقىقەتنى بايان قىلغۇچى» قاتارلىق بىرمۇنچە سۈپەتلىرى بار. قۇرئان كەرىمنىڭ بىر قىسمى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدىكى دەۋرىدە، يەنە بىر قىسمى بولسا مەدىنىدىكى نۇبۇۋۋەت زامانىدا نازىل بولغان. مەككىدە نازىل بولغان ئايەت ۋە سۈرىلەر «مەككىي»، مەدىنىدە نازىل بولغانلار بولسا «مەدەنىي» دەپ ئاتىلىدۇ. ماھىيەتتە بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچبىر پەرق يوق. قۇرئان كەرىمدە ئورۇن ئالغان مەزمۇنلار ئاساسەن «خەۋەر» ۋە «ئەمر-پەرمان»دىن ئىبارەت ئىككى كاتېگورىيىگە ئايرىلغان. «خەۋەر» قىسمى ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم ۋە سۈپەتلىرى، ئاخىرەت ھاياتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر، كائىنات بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ۋە بۇرۇنقىلارنىڭ قىسسەلىرى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. «ئەمر-پەرمان» قىسمىدا بولسا، ئىنسانلارنىڭ ھىدايەتكە ئېرىشىپ، توغرا يولنى تېپىش بىلەن، مۇكەللەف ھېسابلانغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن مەسئۇلىيەتلەر، يەنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ بۇ دۇنيادىكى ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ، ئاخىرەتتە جەننەتتىن ئىبارەت مۇكاپاتقا ئېرىشىش ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلىشى ۋە نېمىلەردىن ھەزەر ئەيلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈملەر بايان قىلىنغان.

قۇرئان كەرىم نازىل بولغان دەۋردىن باشلاپ تاكى قىيامەت كۈنىگىچە مۇسۇلمانلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت-سائادەت دەستۇرى ۋە ھايات رەھبىرىدۇر. ئۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان كەرىم نازىل بولغان دەۋردىن باشلاپ تاكى قىيامەت كۈنىگىچە ھەر دەۋر ۋە ھەر مۇھىتتا ياشىغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇنى چۈشىنەلىشى، ئاڭقىرالىشى ۋە ھاياتىغا توغرا تەتبىقلىيالىشى لازىم بولىدۇ. قۇرئان كەرىم نازىل بولغان دەۋردە ئۇنىڭ ئىچىدىكى بارلىق ئىلاھىي تەلىمات ۋە يول-يورۇقلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ھاياتىغا

تەتبىقلىدى ۋە ئۆزگە ئەگەشكەن مۇۋەھھىد مۇسۇلمان ساھابىلىرىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىپ، ئىلاھىي تەلىمات ۋە يول-يورۇقلارنى ئۆز ھاياتىغا تەتبىقلىدى. قۇرئان كەرىمدە ئىزاھلاشقا تېگىشلىك بولغان مەسىلىلەرنى ياكى ساھابىلەر چۈشىنەلمىگەن يەرلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىزاھلاپ بەردى. بەزىدە مەلۇم بىر شەخس ياكى بىر ھادىسە توغرىسىدا ئايەت نازىل بولغان بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئايەتنىڭ نۇزۇل سەۋەبى خاس بولغان تەقدىردىمۇ، ھۆكۈملىرىنىڭ ئومۇمىيلىق پرىنسىپى بويىچە باشقا زامان ۋە شارائىتلاردا ئوخشاش مەسىلىدە ئۇ ئايەتنى ئاساس قىلغان ھالدا ھۆكۈم بېرىپ، كېيىنكى مۇسۇلمانلارغا قۇرئان كەرىم بىلەن قانداق ئەمەل قىلىشنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ بەردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا ساھابىلەر قۇرئان كەرىم ۋە دىنغا مۇناسىۋەتلىك كاللىسىدىن ئۆتمىگەن ھەرقانداق مەسىلىنى ئۇنىڭدىن سوراپ ئۆگىنەتتى. ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئان كەرىمگە قانداق ئەمەل قىلغان ۋە ھاياتىغا قانداق تەتبىقلىغان بولسا، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ شۇنداق قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن ۋەھيى ئۈزۈلدى. ھېچكىمگە ئاللاھ تائالادىن ۋەھيى كەلمىدى، ھېچكىممۇ ئۆزىگە ئاللاھ تائالادىن ۋەھيى كەلگەنلىكىنى دەۋا قىلمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ساھابىلارنىڭ قولىدا ئىككى نەرسە قالدى: بىرى ئاللاھ تائالانىڭ كالامى بولغان قۇرئان كەرىم، يەنە بىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئان كەرىم ۋە ۋەھيى ئىلاھىيگە ئاساسەن ئۆتكۈزگەن 23 يىللىق پەيغەمبەرلىك ھاياتىدا قىلغان ئىش-ئىزلىرى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ 23 يىللىق ھاياتىدا ساھابىلەرگە ئىسلام دىنىغا ئائىت نۇرغۇن نەرسىنى ئۆگەتتى ۋە ئەمەلىي تەتبىقلاپ كۆرسەتتى. جانابىي ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇسۇلمانلارغا: «ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىش» شەرتىنى قوشقانىدى. ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئالاقىدار نېمە بولسا ئۇنى بەجانىدىللىق بىلەن كۆزەتتى، سۆزلىرىنى يادىدا تۇتتى. ئەگىشىشكە لازىم بولغانلارغا ئەگەشتى، بىر-بىرلىرىنى ئۇنىڭغا ئەگىشىشكە دەۋەت قىلدى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان دىنىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، ئائىلىۋى ھاياتى شەكىللەندى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ گەپ-سۆز ۋە ئىش-ئىزلىرى، ساھابىلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەققىدىكى بىر-بىرىگە سۆزلەپ بەرگەن رىۋايەتلىرى ساھابىلەردىن كېيىنكى

ئەۋلادلار تەرىپىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى ۋە ھەدىسلىرى سۈپىتىدە ئالاھىدە ۋاراقلارغا يېزىلىشقا ۋە بىر يەرگە جەملىنىشكە باشلىدى. مۇسۇلمان ئالىملار ئىچىدىن مەخسۇس ھەدىس ئىلمى بىلەن شۇغۇللانغان «مۇھەددىسلەر» (ھەدىسشۇناسلار) ئوتتۇرىغا چىقىپ، بۇلارنىڭ ئىچىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەۋە بولغانلار بىلەن تەۋە بولمىغانلارنى «رىۋايەت ئىلمى ۋە مېتودى» بويىچە ئىلغاپ، سەھىھ ۋە ئىشەنچلىك بولغانلارنى كىتاب ھالىتىگە ئېلىپ كەلدى. مۇسۇلمان ئالىملار بۇ ھەدىس كىتابلىرىنى تارىختىن بېرى ئىسلام دىنىنى توغرا چۈشىنىش، قۇرئان كەرىمنى توغرا تەپسىر قىلىش، قۇرئان كەرىمنى ھاياتقا تەتبىقلاشتا ئەڭ ئىشەنچلىك ۋە توغرا مەنبە دەپ قارىدى. بۇنىڭ بىلەن تارىختىن بۇيان ئىسلام دىنىنىڭ ساپلىقى ساقلاندى ۋە ئىسلام دىنىنى ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا توغرا يوسۇندا يەتكۈزۈش كاپالەتكە ئىگە قىلىندى.

قۇرئان كەرىمنىڭ ئەرەب تىلىدا نازىل بولۇشى، ئەرەب تىلىنىڭ مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىس ئالاھىدىلىكى ۋە ئۆزىگە خاس پاساھەتلىك ۋە بالاغەتلىك «ئىستىلىستىكىلىق» ئىپادىلەش شەكىللىرى، قۇرئان كەرىمدىكى ئىلاھىي ئەمر-پەرمان ۋە ئەھكاملارنىڭ ئاساسىي پىرىنسىپ بولۇشى، كۆپلىگەن مەسىلىلەرنىڭ تەپسىلاتىغا كىرمەستىن، ئىخچام يوسۇندا كېلىشى، نۇرغۇن ھۆكۈملەرنىڭ مەيدانغا كەلگەن ھادىسىلەرگە قارىتا نازىل بولۇشى... قاتارلىق نۇرغۇن تەرەپلىرى بىر مەزگىل مۇسۇلمانلار ئارىسىدا قۇرئان كەرىمنى تەپسىر قىلىشتا، ھەدىسلەرنى قوللىنىشتا بەزى قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. مۇسۇلمانلار ئىچىدە قۇرئان كەرىمنى خالىغانچە تەپسىر قىلىدىغان، ئۆزىگە ئەسقاتىدىغان ھەدىسلەرنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۆزىنى ھەقلىق چىقىرىشقا تىرىشىدىغان، باشقىلارنى قۇرئاننى ئىنكار قىلىش ۋە ھەدىسكە ئەمەل قىلماسلىق بىلەن تۆھمەت قىلىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلۈشكە باشلىدى. نەتىجىدە مۇسۇلمان دۇنياسىدا پىكرىي ۋە سىياسىي جەھەتتە نۇرغۇن داۋالغۇشلار ۋە پاجىئەلەر يۈز بەردى.

مۇسۇلمان ئالىملار بۇ ۋەزىيەت ئالدىدا قۇرئان كەرىمنى چۈشىنىش ۋە ئۇنى ھاياتىغا تەتبىقلاش ھەققىدە جىددىي ئىزدەندى. مۇسۇلمان ئالىملارنىڭ تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە ئىمان ۋە ئەقىدە بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردە «كالام ئىلمى»، مۇسۇلمانلارنىڭ دۇنيا ھاياتىغا تەئەللۇق ئىبادەت، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، ئائىلىۋى، سىياسىي مۇئامىلىلەر ۋە بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردە «فىقھى ئىلمى»، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز نەپسى-خاھىشىنى پاكلاش، باشقىلار بىلەن بولغان ئەدەپ-ئەخلاق ۋە ئىسىل

پەزىلەتلىك مەسىلىلەردە «تەسەۋۋۇپ ئىلمى» قاتارلىق نۇرغۇن ئىلىملەر ئوتتۇرىغا چىقتى. مۇجتەھىد ئالىملار بۇ ئىلىملەرنىڭ ھەر بىرىنىڭ قۇرئان ۋە سۈننەتنى ئاساس قىلغان ھالەتتە مەسىلىلەرنى قانداق ئىزاھلاش ۋە قانداق چۈشىنىشنىڭ مۇمكىن بولىدىغانلىقىنىڭ مېتودىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بارلىق ئالىملارنىڭ مۇشۇ مېتود بويىچە ھەرىكەت قىلىشى بىلەن، مۇسۇلمان دۇنياسى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە غايەت زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. نۇرغۇن ساھەلەردە يېڭى كەشپىياتلار ۋە ئىجادىيەتلەر ئوتتۇرىغا چىقتى. دۇنيادا ۋەھشىيلىك ۋە ئاچكۆزلۈك، زۇلۇم ۋە ئىستىبدات ئۈستىگە قۇرۇلغان نۇرغۇن مەدەنىيەت ۋە ھۆكۈمرانلىقلار مەغلۇپ ۋە ۋەيران بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئادالەت ۋە ھۆرلۈكنى ئاساس قىلغان ئىسلام مەدەنىيىتى ھاكىم بولدى.

مۇسۇلمانلار قۇرئان كەرىم ۋە ئۇنىڭ تەپسىرى بولغان سۈننەتى رەسۇلۇللاھنى ئاساسىي تۇتقا قىلىپ، مۇشۇ ئىككى ئەڭگۈشتەرنىڭ نۇرى ئاستىدا مەسىلىلەرنى دەۋرنىڭ ئىقتىدارلىق، قابىلىيەتلىك ئۆلىمالىرىنىڭ ئۆز دەۋرىگە ئۇيغۇن چۈشىنىشى ئاساسىدا ھاياتنى نىزامغا كىرگۈزگەن مۇددەتكىچە تارىختا كاپىرلارغا قارشى ئىززەت ۋە ئۈستۈنلۈك قازاندى. بۇنىڭ ئەكسىچە مۇسۇلمانلار «قۇرئان ماڭا كۇپايە» دەپ، ھەر كىم قۇرئان كەرىمنى ئۆز خاھىشى بويىچە چۈشىنىش ۋە باشقىلارغا «ماۋۇ توغرا» دەپ قارىغۇلارچە تېڭىشقا ياكى ھەدىسنى قۇرئان كەرىمنىڭ ئالدىغا چىقىرىپ «ماۋۇ توغرا» دەپ قارىغۇلارچە «ھەدىسچىلىك» قىلىشقا باشلىغاندىن تارتىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكى بۇزۇلدى. مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچى ئازايدى، كاپىرلارغا قارشى ئىززەت-ھۆرمىتىنى يوقاتتى. بولۇپمۇ بىزدەك خىتايلارنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىقىغا دۇچار بولغان، كىملىكىدىن ئايرىلىپ يوقىلىش گىردابىغا دۇچ كەلگەن شەرقىي تۈركىستانلىق مۇسۇلمانلار ئۈچۈن بۇنداق ئەھۋال بىر پاجىئەدىن ئىبارەت.

قۇرئان كەرىم ۋە سۈننەت ئايرىلماس بىرلىكتۇر. ھەر ئىككىسى بىر-بىرىنىڭ تاماملىغۇچىسىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ كالامىنى ۋە ئۇنىڭ مۇراد-مەقسىتىنى پەيغەمبەرسىز ۋە پەيغەمبەرنىڭ تەتبىقلىشى ۋە ئىزاھاتىسىز چۈشەنگىلى بولمىغاندەك، قۇرئان كەرىمسىز ھەدىسمۇ ھېچ ئىشقا يارىمايدۇ. مۇھىم بولغىنى بۇ ئىككى قىممەتلىك خەزىنىدىن ئەڭ ياخشى تەرىقىدە پايدىلىنىپ، ئاللاھ تائالانىڭ بۇ دۇنيادىكى ئىمتىھانىدىن ياخشى ئۆتۈشىمىزدە.

جانابىي ئاللاھ بىزلەرگە ھىدايەت ۋە تەۋپىق، ئۆلىمالىرىمىزغا بەسىرەت ۋە توغرا ئاڭ نېسىپ قىلسۇن.



# قۇرئان كەرىم ھەققىدە

ئۇستاز مۇھەممەد يۈسۈپ

## قۇرئان كەرىمنىڭ نازىل بولۇشى

قۇرئان كەرىم ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى، مۇسۇلمانلارنىڭ دەستۇرى، ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ بىرىنچى ئاساسلىق مەنبەسىدۇر. ئۇ پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق ۋەھيى يولى بىلەن نازىل قىلىنغان ساماۋى كىتاب. قۇرئان كەرىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دائىملىق مۆجىزىسى. قۇرئان كەرىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مىلادىيە 610-يىلى مەككىدىكى ھىرا غارىدا تۇنجى قېتىم نازىل بولۇشقا باشلىغان. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توپتوغرا 40 ياشتا ئىدى.

ئىمام بۇخارىي ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان: «رەسۇلۇللاھقا ئەڭ دەسلەپكى ۋەھيى راست چۈش بىلەن باشلانغان. ئۇنىڭ كۆرگەن چۈشلىرى تاڭ نۇرىدەك روشەن ئىدى. كېيىن ئۇ يالغۇزلۇقنى ياقتۇرىدىغان بولۇپ قالدى، ئۇ ھىرا غارىدا[1] ئۆيگە قايتماي كېچىلىرى يالغۇز ئىستىقامەت قىلاتتى، ئىستىقامەتكە چىققاندا ئۇزۇقلۇق ئېلىۋالاتتى. ئىستىقامەتتىن بوشىغاندا، خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىپ، ئىككىنچى قېتىم چىقىش ئۈچۈن تەييارلىناتتى. بۇ ئىش ھىرا غارىدا ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىك كەلگەنگە قەدەر داۋام قىلدى. رەسۇلۇللاھنىڭ ھۇزۇرىغا پەرىشتە كېلىپ: ‹ئوقۇ› دېدى. رەسۇلۇللاھ: ‹مەن ئوقۇشنى بىلمەيمەن› دېدى. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېدى: پەرىشتە مېنى تۇتۇپ قاتتىق سىقىپ قويۇۋېتىپ، ‹ئوقۇ› دېدى. يەنە مەن: ‹ئوقۇشنى بىلمەيمەن› دېدىم، مېنى ئىككىنچى قېتىم تۇتۇپ قاتتىق سىقىپ قويۇۋېتىپ: ‹ئوقۇ› دېدى. مەن: ‹ئوقۇشنى بىلمەيمەن› دېدىم. مېنى ئۈچىنچى قېتىم يەنە تۇتۇپ سىقىپ قويۇۋەتكەندىن كېيىن: ‹ياراتقان

[1] ھىرا غارى — مەككە مۇكەررەمە شەھىرىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان «نۇر تېغى»نىڭ ئۈستىدە بولۇپ، مەسجىدى ھەرەمگە تۆت كىلومېتىر كېلىدۇ، ئېگىزلىكى 634 مېتىر.

رەببىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن. ئۇ ئىنساننى ئەلەقتىن ياراتتى. سەن ئوقۇغىن. رەببىڭ ئىنسانغا قەلەم بىلەن يېزىشنى ئۆگەتكەن، بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈرگەن ئەڭ كەرەملىك زاتتۇر›[2] دېگەن ئايەتلەرنى ئوقۇدى. رەسۇلۇللاھ پەرىشتە بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچراشقان چاغدا پەيدا بولغان قورقۇنچ بىلەن خۇۋەيلىدنىڭ قىزى خەدىچەنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىپ، قورقۇنچىنى بېسىش ئۈچۈن، ‹مېنى يۆگەپ قويۇڭلار، يۆگەپ قويۇڭلار› دېدى. ئۇ قورقۇنچى تۈگىگۈچە يۆگەپ قويۇلدى، ئۇ خەدىچەگە ئەھۋالنى بايان قىلىپ: ‹ئى خەدىچە ماڭا نېمە بولغاندۇ؟ ئۆزۈم توغرىسىدا قورقۇپ قالدىم› دېدى. خەدىچە: ‹ئۇنداق ئەمەس، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئاللاھ سېنى ھەرگىز رەسۋا قىلمايدۇ. چۈنكى سەن ئۇرۇق-تۇغقانلارغا شەپقەت قىلىسەن، راست گەپ قىلىسەن، ئاجىز، بىچارىلەرگە ياردەم قىلىسەن، يوقسۇللارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىسەن، مېھمانلارنى ياخشى كۈتۈۋالىسەن، بېشىغا كۈن چۈشكەنلەرگە ياردەم قىلىسەن› دېدى. شۇنىڭ بىلەن خەدىچە ئۇنى تاغىسىنىڭ ئوغلى ۋەرەقە ئىبنى نەۋفەل ئىبنى ئەسەد ئىبنى ئابدۇلئۇززانىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ۋەرەقە جاھىلىيەت دەۋرىدە خىرىستىيان دىنىغا كىرگەنىدى، ئىبرانىي يېزىقنى بىلەتتى، ئىبرانىي يېزىقى بىلەن ئىنجىلدىن كۆپ نەرسىلەرنى يازاتتى. ئۇ ياشانغان، كۆزى ئەما بولۇپ قالغان بوۋاي ئىدى. خەدىچە ۋەرەقەگە: ‹تاغامنىڭ ئوغلى! قېرىندىشىڭنىڭ[3] ئوغلىنىڭ (يەنى مۇھەممەدنىڭ) سۆزىگە قۇلاق سال› دېدى. ۋەرەقە رەسۇلۇللاھتىن: ‹ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! نېمە بولدۇڭ؟› دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ كۆرگەنلىرىنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەردى. ۋەرەقە ئۇنىڭغا: ‹ئاللاھ مۇساغا چۈشۈرگەن شەرىئەت مۇشۇ. ئىست، مەن سېنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلغان چاغلىرىڭدا ياش يىگىت بولسامچۇ! ئىست، مەن خەلقىڭ سېنى يۇرتۇڭدىن ھەيدەپ چىقارغان ۋاقىتتا ھايات بولسامچۇ!› دېدى. رەسۇلۇللاھ ئەجەبلىنىپ: ‹خەلقىم مېنى يۇرتۇمدىن ھەيدەپ چىقىرارمۇ؟› دېدى. ۋەرەقە: ‹ھەئە، ھەيدەپ چىقىرىدۇ، پەيغەمبەر بولغان ئادەم دۈشمەنلىك بولىدۇ. سېنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلغان چاغلىرىڭدا ھايات بولغان بولسام، ساڭا يېقىندىن ياردەم قىلاتتىم› دېدى. ئۇزاق ئۆتمەي ۋەرەقە ۋاپات بولۇپ كەتتى، ۋەھيى ئۈزۈلۈپ قالدى»[4].

قۇرئان كەرىم ۋەزىيەت ۋە شارائىتنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئاز-ئازدىن نازىل بولۇپ، تولۇق 23 يىلدا تولۇق تاماملاندى. «قۇرئاننى كىشىلەرگە دانە-دانە ئوقۇپ بېرىشىڭ ئۈچۈن ئۇنى بۆلۈپ-بۆلۈپ نازىل قىلدۇق، ئۇنى تەدرىجىي نازىل قىلدۇق»[5].

[2] سۈرە ئەلەق، 1ـ5ـ ئايەتلەر.

[3] ۋەرەقەنىڭ 3ـ بوۋىسى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ 4ـ بوۋىسىنىڭ قېرىندىشى ئىدى.

[4] «سەھىھۇلبۇخارىي» 1ـ توم، 7ـ بەت 3 ـ ھەدىس.

[5] سۈرە ئىسرا، 106ـ ئايەت.

«قۇرئان» دېگەن سۆز «قرأ» يەنى «ئوقۇدى» دېگەن پېئىلدىن تۈرلەنگەن بولۇپ، «ئوقۇش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ﴿لَا تُحَرِّكْ بِهِ لِسَانَكَ لِتَعْجَلَ بِهِ. إِنَّ عَلَيْنَا جَمْعَهُ وَقُرْآنَهُ. فَإِذَا قَرَأْنَاهُ فَاتَّبِعْ قُرْآنَهُ. ثُمَّ إِنَّ عَلَيْنَا بَيَانَهُ﴾ يەنى «(ئى پەيغەمبەر! ساڭا ۋەھيى نازىل بولۇۋاتقان چاغدا) ئۇنى ئېسىڭگە ئېلىۋېلىشقا ئالدىراپ تىلىڭنى مىدىرلاتما. چۈنكى ئۇ ۋەھيىنى (سېنىڭ دىلىڭغا) توپلاش ۋە ئۇنى ساڭا ئوقۇتۇش بىزنىڭ ئىشىمىزدۇر. شۇڭا، بىز ئۇنى (ساڭا جىبرىئىل ئارقىلىق) ئوقۇپ بەرگەندە، سەن ئۇنى (جىم تۇرۇپ) ئاڭلىغىن»[6] دېگەن ئايەتتىكى «قُرْآنَ» يەنى «قۇرئان» دېگەن سۆز بۇ مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

ۋەھيى ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى

ۋەھيى ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلەرگە نازىل قىلغان تەلىماتى دېگەنلىك بولۇپ، ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسىنى ئىنسانغا بىلدۈرۈشىنىڭ بىردىنبىر يولىدۇر. قۇرئان كەرىمدە: «أوحى» يەنى «ۋەھيى قىلدى»، «كلم» يەنى «سۆزلىدى»، «قال» يەنى «ئېيتتى»، «أمر» يەنى «بۇيرۇدى»، «القى» يەنى «تاشلىدى»، «أنزل» يەنى «نازىل قىلدى (يەنى چۈشۈردى)»، «نادى» يەنى «نىدا قىلدى» قاتارلىق ئىپادىلەر بىلەن ئەمەلگە ئاشقان ۋەھيىنىڭ يوللىرى بۇ ئايەتتە بايان قىلىنغان: «ئاللاھ بىر ئىنسانغا پەقەت ۋەھيى يولى بىلەن ياكى پەردە ئارقىسىدىن سۆزلەيدۇ، ياكى بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتىپ ئۇ ئۆز ئىرادىسى بىلەن ئۇنىڭغا خالىغان ۋەھيىنى قىلىدۇ»[6].

ۋەھيى ئۆزى بىلەن ئەڭ ئاۋۋال تونۇشقان ئىنسانلارنىڭ ھاياتىنى قايتىدىن قۇرۇپ چىققان ۋە ئۇلارنىڭ ياشاش تەرزىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىپ، ئۇلارنى ئازغۇنلۇقتىن ھىدايەتكە، ئىناقسىزلىقتىن بىرلىككە، نادانلىقتىن ئىلىم-مەرىپەتكە، ئاجىزلىقتىن كۈچ-قۇۋۋەتكە تەدرىجىي ئېلىپ بارغانىدى. چۈنكى ۋەھيى يېڭى بىر ھاياتنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن نازىل بولغان ئىلاھىي قانۇندۇر. زادى ۋەھيىنىڭ مەقسىتى ئىنساننى مەركەز قىلغان بىر ھايات، ئىماننى مەركەز قىلغان بىر ھايات، ئىلىم-مەرىپەتنى مەركەز قىلغان بىر ئىمان ۋە ھەقىقەتنى مەركەز قىلغان ئىلىم-مەرىپەت ئىدى. شەكسىزكى، ھەقىقەتنىڭ مەنبەسى ئاللاھ تائالادۇر. ۋەھيىنىڭ روھى بىلەن پارلاق بىر ھاياتقا ئېرىشكەن ساھابىلەر بارلىق ئەخلاق-پەزىلەتتە، ھەقىقەتنى نامايان قىلىشتا، ھەقىقەت ئۈچۈن پىداكارلىق قىلىشتا ۋە ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتا ۋايىغا يەتكەن ۋە پۈتۈن دۇنيا ئەللىرىگە ئۆچمەس ئۈلگىلەرنى ياراتقانىدى.

ۋەھيى تۆۋەندىكىدەك تۆت تۈرلۈك بولغان:

(1) پەردە ئارقىسىدىن سۆز قىلىش. ئاللاھ تائالا مىسىرنىڭ تۇر تېغىدا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا پەرىشتىنىڭ ۋاسىتىسىز سۆز قىلغان. «ئاللاھ

---

[6] سۈرە شۇرا، 51_ئايەت.

مۇساغا بىۋاسىتە سۆز قىلدى»[7].

(2) ئىلھام قىلىش ياكى پەيغەمبەرنىڭ قەلبىگە ئورنىتىش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «جىبرىئىل مېنىڭ قەلبىمگە ‹ھېچكىم رىزقىنى تولۇق تۈگەتمەستىن ئۆلمەيدۇ› دەپ ئىلھام قىلدى. سىلەر ئاللاھقا تەقۋالىق قىلىڭلار ۋە ئۇنىڭدىن ياخشى نەرسىلەرنى تىلەڭلار»[8].

(3) راست چۈش. پەيغەمبەرلەرنىڭ چۈشى ۋەھيىدۇر. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «رەسۇلۇللاھقا ۋەھيى دەسلەپتە ياخشى چۈش كۆرۈش بىلەن باشلانغان»[9].

(4) ئاللاھ تائالانىڭ جىبرىئىلنى ئەۋەتىشى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەھيى توغرۇلۇق سورالغىنىدا: «ۋەھيى ماڭا بەزىدە قاتتىق جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن كېلىدۇ، گاھىدا پەرىشتە بىر ئادەمنىڭ سۈرىتىدە كۆرۈنۈپ كېلىپ ماڭا سۆز قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ سۆزلىرىنى تولۇق ئېسىمدە تۇتۇۋالىمەن»[10] دەپ جاۋاب بەرگەن.

## مۆجىزە ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى

مۆجىزە پەيغەمبەرلەرنىڭ راستىنلا ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىلىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىشى ئۈچۈن ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بېرىلگەن دەلىل، ئىسپات ۋە پاكىت دېمەكتۇر.

ئاللاھ تائالا ھەربىر پەيغەمبەرنى يېتەرلىك مۆجىزىلەر بىلەن ئەۋەتكەن. مەسىلەن: ئاللاھ تائالانىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا «ئوتتا كۆيمەس مۆجىزىسى»نى بەرگەن. بابىل پادىشاھى نەمرۇد ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى چوڭ بىر ئوت دۆۋىسىگە ئاتقاندا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دەھشەتلىك ئوت ئىچىدە تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ نە بەدىنى، نە تېرىسى كۆيمىگەن. مۇسا ئەلەيھىسسالامغا قولى چىراغدەك يانىدىغان، ھاسىسى ئەجدىھاغا ئايلىنىدىغان مۆجىزىلەرنى، ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىدىغان، ئاق كېسەلنى ساقايتىدىغان، تۇغما كورنىڭ كۆزىنى ئاچىدىغان مۆجىزىلەرنى بەرگەن. بۇلار قۇرئان كەرىم ۋە باشقا ساماۋى كىتابلاردا قەيت قىلىنغان. ئاخىرقى پەيغەمبەر ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىمۇ نۇرغۇن مۆجىزىلەر بېرىلگەن. ئۇنىڭ ۋە بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرىنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە پەرقلىق ۋە تا قىيامەتكىچە كۈچكە ئىگە بولغان بىردىنبىر جانلىق مۆجىزە-قۇرئاندۇر.

مۆجىزىلەر ئەزەلدىن ھەربىر دەۋر ۋە جەمئىيەتنىڭ شارائىتىغا قاراپ، شۇ ۋاقىتتىكى ئەڭ تەرەققىي قىلغان نەرسىنىڭ جىنسىدىن بولۇپ، ئۇنى بېسىپ چۈشىدىغان ئالاھىدە پەرقلىق

[7] سۈرە نىسا، 164-ئايەت.

[8] شىھاب قۇزائىينىڭ «مۇسنەد» ناملىق ھەدىس توپلىمى، 115-ھەدىس، 2-توم، 185-بەت.

[9] «سەھىھۇلبۇخارىي»، 3-ھەدىس، فەتھۇلبارى 1-توم، 27-بەت.

[10] «سەھىھۇلبۇخارىي»، 2-ھەدىس، فەتھۇلبارىي 1-توم، 23-بەت.

ئۇستۇنلۇكى بىلەن كەلگەن. مانا بۇ، ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلەرگە مۆجىزە ئاتا قىلىشتىكى پرىنسىپى. ئەگەر بۇنداق بولمىغاندا مۆجىزە ئەۋەتىشنىڭ ھېچبىر ئەھمىيىتى بولمايتتى. چۈنكى بىر پەننى بىلمىگەن خەلققە باشقا بىر پەن بىلەن دۇئېل ئېلان قىلغاننىڭ ئەھمىيىتى بولمايتتى. بەلكى دۇئېل ئۇلارنىڭ تەرەققىي قىلىپ ئەڭ چوققىسىغا يەتكەن نەرسىسىنىڭ جىنسىدىن بولغاندىلا، ئۇنىڭ قىممىتى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. مەسىلەن: پىرئەۋننىڭ زامانىدا سېھىرگەرلىك ئىنتايىن زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقتىن، ئاللاھ تائالا شۇ زاماننىڭ تەقەززاسىغا ماسلاشتۇرغان ھالدا، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا پۈتۈن سېھىرلەرنى بەربات قىلىپ، سېھىرگەرلەرنى مات قىلىدىغان مۆجىزە ئاتا قىلغان. ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرى تېببىي جەھەتتە زور يۈكسەلگەن بىر دەۋر بولغانلىقتىن، ئاللاھ تائالا ئىسا ئەلەيھىسسالامغا شۇ دەۋرنىڭ ئەڭ ئۇستا دوختۇرلىرىمۇ ساقايتالمىغان ئاق كېسەلنى، تۇغما كورنى ساقايتىدىغان ئاللاھ تائالانىڭ ئىزنى بىلەن ئۆلۈكلەرنىمۇ تىرىلدۈرىدىغان مۆجىزىنى ئاتا قىلغان.

ئەمما ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىغا كەلگەندە، ئەرەبلەردە ئەدەبىيات، شېئىرىيەت ناھايىتى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانىدى. ئەرەبلەر چوڭ-كىچىك ھەممىسى بىردەك شېئىرخۇمار خەلق ئىدى. ئۇلار ھەر يىلى مەلۇم بىر كۈننى بەلگىلەپ، «ئوكاز»[11] بازىرىدا بارلىق مەشھۇر ئەدىبلەر ۋە شائىرلار ماھارەت كۆرسىتەتتى. «ئوكاز» ئەينى زاماندا شائىرلارنىڭ شېئىر سورۇنىغا ئايلانغانىدى. ئەرەبلەرنىڭ شېئىرىيەتكە بۇنچىلىك زور ئەھمىيەت بېرىشىدىكى سەۋەبلەر بولسا: بىر تەرەپتىن، ئۇلار قۇملۇق سەھرالار ۋە يايلاقلاردا ھايات كەچۈرىدىغان خەلق بولغاچقا، تەبىئەتنىڭ ھەرخىل مەنزىرىلىرى ئۇلارنى شېئىر ۋە غەزەللەرنى ئېيتىشقا ئۈندەيتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەرەبلەردە ئومۇمىي بىرلىك بولماستىن، قەبىلىلەرگە بۆلۈنۈپ، ھەربىر قەبىلە ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى شېئىر ۋە غەزەللەر ئارقىلىق ئىپادىلەپ پەخىرلىنىش ۋە شېئىر بىلەن رەقىبلىرىنى سۆكۈش، ھەتتا بۇ سەۋەبتىن بىر-بىرىگە قارشى چوڭ ئۇرۇشلارنى باشلاش قاتارلىق مۇددىئالار بىلەن ئۆمۈر ئۆتكۈزەتتى. شۇڭا ئۇلار ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر بىلەن تويۇنغان بەدىئىي شېئىرلارغا ۋە تالانتلىق شائىرلارغا زور ئېھتىياجلىق ئىدى. قىسقىسى، ئۇلار شېئىر بىلەن كۆتۈرۈلەتتى، شېئىر بىلەن چۈشەتتى. بەزى بەدىئىي شېئىرلىرىنى كەبىگە ئېسىش بىلەن پەخىرلىنەتتى.

## قۇرئان كەرىم مەڭگۈلۈك مۆجىزىدۇر

شۇنداق بىر ۋەزىيەتتە، قۇرئان كەرىم ئۆزىنىڭ پارلاق نۇرى بىلەن دۇنياغا نۇر

[11] ئوكاز ـ ھازىرقى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ مەككە بىلەن تائىف شەھەرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى بىر جاينىڭ ئىسمى.

چاچقان، بەدئىيلىك ۋە ئەدەبىيلىك جەھەتتە ئەڭ ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن هالدا، ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنىشى بىلەن ئەرەبلەرنىڭ ئۆزلىرىنى «ئەرەب (تىلى راۋان)» باشقا مىللەتلەرنى «ئەجەم (تىلى راۋان ئەمەس)» دەپ مەغرۇرلانغان ئاتاقلىق ئەدىبلىرى بىلەن تالانتلىق شائىرلىرىنى سەھنىدىن چۈشۈردى. بۇ ئەينى ۋاقىتتا قۇرئان كەرىمنىڭ جىمى ئەرەبلەرگە دۈئېل ئېلان قىلىشى ئىدى. ئۇلار قۇرئاننىڭ ئالدىدا خۇددى چۈش ۋاقتىدا قۇياشقا تىكىلىپ قارىغان كىشىنىڭ كۆزى خىرەلىشىپ قالغىنىدەك، ئەقىللىرى خىرەلىشىپ، بارچە ماھارەتلىرىنى پۈتۈنلەي يوقاتقان هالدا گاڭگىراپ قالدى.

قۇرئان كەرىم جىمى ئەرەبلەرگە دۈئېل ئېلان قىلغىنىدەك، پۈتۈن ئىنسانىيەتكە دۈئېل ئېلان قىلغانىدى. قۇرئان بۇ خۇسۇستا نۇرغۇنلىغان ئىشلارنىڭ بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن ۋە بۇ ئىشلار ئەمەلىيەتتە ئوتتۇرىغا چىققان. مەسىلەن: شۇ ۋاقىتتىكى ئىككى چوڭ ئىمپېراتورلۇقلاردىن بولغان رىملىقلار بىلەن ئىرانلىقلار ئوتتۇرىسىدا قاتتىق ئۇرۇش بولۇپ، ئىرانلىقلار رىملىقلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ. بۇ ئەھۋال مۇشرىك ئەرەبلەرنى مەمنۇن، مۇسۇلمانلارنى بولسا غەمكىن قىلىدۇ. چۈنكى ئىرانلىقلار ئەرەبلەرگە ئوخشاش بۇددىست، رىملىقلار ساماۋى دىنغا-خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان خەلقلەر ئىدى. شۇڭا مۇشرىك ئەرەبلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىرانلىق دىنداشلىرىنىڭ رىملىقلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغانلىقىدىن سۆيۈنۈپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭمۇ رىملىقلارغا ئوخشاش بولۇشىنى تىلەيتتى. بۇ ئەھۋال مۇسۇلمانلارنى قاتتىق غەمكىن قىلغانىدى. شۇ ۋاقىتتا قۇرئان رىملىقلارنىڭ كېيىنكى غەلىبىسىدىن خەۋەر بېرىپ: ﴿الم. غُلِبَتِ الرُّومُ. فِي أَدْنَى الْأَرْضِ وَهُمْ مِنْ بَعْدِ غَلَبِهِمْ سَيَغْلِبُونَ. فِي بِضْعِ سِنِينَ لِلَّهِ الْأَمْرُ مِنْ قَبْلُ وَمِنْ بَعْدُ وَيَوْمَئِذٍ يَفْرَحُ الْمُؤْمِنُونَ. بِنَصْرِ اللَّهِ يَنْصُرُ مَنْ يَشَاءُ وَهُوَ الْعَزِيزُ الرَّحِيمُ﴾ «رىملىقلار يېقىن بىر جايدا يېڭىلدى. ئۇلار يېڭىلگەندىن كېيىن بىر قانچە يىل ئىچىدە يېڭىدۇ، ئىلگىرى ۋە كېيىن ھەممە ئىش ئاللاھنىڭ باشقۇرۇشىدىدۇر، بۇ كۈندە مۇئمىنلەر ئاللاھنىڭ بەرگەن ياردىمى بىلەن خۇشال بولىدۇ، ئاللاھ خالىغان كىشىگە ياردەم بېرىدۇ. ئاللاھ غالىبتۇر، (مۇئمىنلەرگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر»[12] دېگەنىدى. بۇ خەۋەرنى مۇسۇلمانلار «ھەق ۋە راست» دەپ تەستىق قىلىشقان، ئەرەب مۇشرىكلىرى، يەھۇدىيلار ۋە مۇناپىقلار بۇ خەۋەرنى «بۇ يالغان ۋەدە، قېنى كۆرىمىز، قايسىمىزنىڭ كۈتكىنى ئەمەلگە ئاشىدىكەن» دېيىشكەن ئىدى. شۇنداق قىلىپ بۇ ئىككى پىرقە ئىرانلىقلار بىلەن رىملىقلارنىڭ ئۇرۇشىنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتكەنىدى. ئارىدىن تولۇق يەتتە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، رىملىقلار خۇددى قۇرئان كەرىمنىڭ ئالدىنئالا خەۋەر

[12] سۈرە رۇم، 2 ـ 5 ـ ئايەتلەر.

بەرگىنىدەك ئىرادىلىقلارنى يېڭىدۇ. ئەگەر ئەھۋال قۇرئان كەرىم خەۋەر بەرگەندەك بولماستىن، ئەكسىچە بولۇپ رىملىقلار يېڭىلگەن بولسا ياكى ئۇرۇش يۈز بەرمىگەن بولسا نېمە بولماقچى ئىدى؟ شەكسىزكى، ئەرەبلەرنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى «يالغاندىن پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلغان، شۇڭا گەپلىرى يالغان چىقتى» دەپ تۆھمەت قىلىشى ئۈچۈن يېتەرلىك شەرت – شارائىت ھازىرلانغان بولاتتى. ئۇ ۋاقىتتا ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي دەستۇرى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ئەڭ چوڭ مۆجىزە قۇرئان كەرىم يالغانغا چىقىرىلغاندىن كېيىن، ئەھۋال قانداق بولماقچى ئىدى؟ ئەمما بۇ خەۋەرنى بەرگۈچى زات ئاللاھ تائالا ئىدى. چۈنكى يەتتە يىلدىن كېيىن بولىدىغان مۇنداق بىر ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسىدىن خەۋەر بېرىش مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭلا ئەمەس، پىشقان تەجرىبىلىك ھەربىي قوماندانلارنىڭمۇ قولىدىن كېلىدىغان بىر ئىش ئەمەس ئىدى.

## مۆجىزىلەر ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلاردۇر

پەيغەمبەرلەرگە بېرىلگەن مۆجىزىلەر تەبىئىي قانۇنىيەتلەردىن ھالقىپ ئۆتىدىغان ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلار ئىدى. مەسىلەن: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇتلارغا چوقۇنىدىغان بىر قەۋمگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى كۆيدۈرۈپ جازالىماقچى بولغىنىدا، ئۇنى ئىلاھلىرىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ ئېتىقادى بويىچە بولغاندا، ئۇلارنىڭ ئىلاھلىرى ئۆزلىرىگە ھاقارەت قىلغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى جازالىشى ۋە ئۇنىڭدىن ئىنتىقام ئېلىشى كېرەك ئىدى. لېكىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوتقا تاشلانغاندا، ئوت ئۆزىنىڭ كۆيدۈرۈش خۇسۇسىيىتىنى يوقاتتى، ئۇلارنىڭ ئىلاھلىرى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن ئىنتىقام ئالالمىغانلىقتىن، ئۇلارنى مات قىلىپ قويدى.

شۇ ئېنىقكى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى ئوتتىن قۇتۇلۇپ ئامان قېلىش ئەمەس، بەلكى ئوتنىڭ كۆيدۈرۈش قانۇنىيىتىنى بىكار قىلىش ئارقىلىق، ئىلاھلارنىڭ جازالاشتىن ئاجىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئىدى. ئەگەر ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئوتتىن قۇتقۇزۇشنىلا مەقسەت قىلغان بولسا ئىدى، قەۋمى ئۇنى خۇددى ئىسا ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى سۇيىقەستچى قەۋملەر تۇتالمىغاندەك تۇتالمىغان ياكى يامغۇر يېغىپ، ئوت ئۆچۈپ قالغان سەۋەبلەر بىلەنمۇ ئۇنى قۇتقۇزالايتتى. ئەگەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قېچىپ قۇتۇلغان ياكى يامغۇر يېغىپ ئوت ئۆچۈپ قالغان بولسا ئىدى، قەۋمى «ئەگەر بىز ئىبراھىمنى تۇتالىغان بولساق، ئەلۋەتتە ئىلاھلىرىمىز ئۇنىڭدىن ئىنتىقام ئالغان ۋە ئوت ئۆچۈپ قالمىغان بولسا، ئەلۋەتتە كۆيدۈرۈلگەن

بولاتتى» دەپ كۆرەڭلىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما يالقۇنلاپ تۇرغان ئوت ئۆزىگە تاشلانغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى كۆيدۈرەلمىدى، ئۇلار چوقۇنغان ئىلاھلار ئۇنى جازالىيالمىدى. نەتىجىدە، ئۇلار «ئىلاھلىرىمىز» دەپ چوقۇنغان بۇتلارنىڭ بىراۋغا پايدا ياكى زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان ھەتتا ئۆزلىرىنىمۇ زىيان – زەخمەتلەردىن قوغدىيالمايدىغان ھەيكەللەر ئىكەنلىكىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆردى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ «ھاساڭ بىلەن دېڭىزغا ئۇر!» دېگەن ئەمرىگە ئاساسەن، ھاسىسى بىلەن ئۇرۇۋىدى، دېڭىز سۈيى خۇددى ئىككى چوڭ تاغدەك ئىككى تەرەپكە ئايرىلىپ، ئوتتۇرىدىن يول ھاسىل بولدى. سۇنىڭ بۇنداق بولۇشى ئۇنىڭ قانۇنىيىتىگە زىت بىر ئىش. لېكىن مۆجىزە ئۇنى شۇنداق قىلالىدى. بۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ خاسىيەتلىك ھاسىسىنىڭ كارامىتى ئەمەس، بەلكى ئۇ ئارقىدا پىرئەۋن قوشۇنلىرى، ئالدىدا پايانسىز دېڭىزدىن ئىبارەت «ئىككى تاش»نىڭ ئوتتۇرىسىدا قېلىپ، قۇتۇلۇشنىڭ ئىنساني چارىلىرى پۈتۈنلەي تۈگىگەن بىر ۋاقىتتا، تولۇق ئۈمىدۋارلىق بىلەن ئىشىنىڭ چارىسىنى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرغانىدى. شۇڭا ئۇنىڭ قەۋمى «بىز ئەمدى تۈگەشتۇق» دېگەندە، ئۇ: «ئەسلا ئۇنداق بولمايدۇ! رەببىم چوقۇم مەن بىلەن بىللىدۇر، ئۇ ماڭا يول كۆرسىتىدۇ»[13] دېگەن سۆزنى تولۇق ئىشەنچ ۋە خاتىرجەملىك بىلەن ئېيتىش ئارقىلىق، قۇتۇلۇش ئىشىنىڭ ئىنساني سەۋەبلەردىن ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىگە يۆتكەلگەنلىكىنى جاكارلىغانىدى.

پەيغەمبەرلەرگە بېرىلگەن مۆجىزىلەر خاراكتېر جەھەتتە ئوخشاش بولمىغاندەك، قىممەت جەھەتتىمۇ ئوخشاش بولمىغان. مەسىلەن: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن باشقا پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرى ماددىي مۆجىزىلەر بولۇپ، شۇ ۋاقىتتا ئۇنى كۆرگەنلەر قايىل بولۇپ ئىشەنگەن، ئۇنى كۆرمىگەن كېيىنكىلەر ئۈچۈن تارىخ ياكى قىسسە ئورنىدا بولۇپ قالغانلىقتىن، خالىغانلار ئىشىنىپ، خالىمىغانلار ئىشەنمەيدىغان ئىشلاردۇر. ئەمما مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى بولغان قۇرئان كەرىم زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كۈچىنى يوقاتمايدىغان مەڭگۈلۈك مەنىۋى مۆجىزىدۇر. قۇرئان كەرىم ھەممىلا يەردە بار. ئۇنى ھەركىم «مانا بۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى» دەپ كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ.

بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرىگە نەزەر سالغىنىمىزدا، ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ شۇ ۋاقىتتا روياپقا چىقارغان ئىشلىرى ئىكەنلىكىنى، قۇرئان كەرىمنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى بولغان «كالام» سۈپىتى ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. ئىش – ھەرىكەت بىر ياكى بىر قانچە قېتىم تەكرارلىنىپ ئاخىرلىشىدۇ. بۇ

[13] سۈرە شۇئەرا، 62 ـ ئايەت.

خۇددى ئوت ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تاشلانغان ۋاقىتتا ئۇنى كۆيدۈرمىگەن بولسىمۇ، كېيىن يەنە ئۆزىنىڭ ئەسلى خۇسۇسىيىتىگە قايتقانلىقى بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۆتكەندە يېرىلغان دېڭىز سۈيىنىڭ كېيىن يەنە ئەسلى خۇسۇسىيىتىگە قايتقىنىغا ئوخشاش. ئەمما سۈپەت ئۇنىڭ ئىگىسى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان مۇددەتكىچە ئۇنىڭ بىلەن ھەممىشە بىللە داۋاملىشىدۇ. بۇ خۇددى ئاللاھ تائالانىڭ كالام سۈپىتىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن مەڭگۈ داۋاملاشقانلىقىغا ئوخشاش.

قۇرئان كەرىمنىڭ بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان يەنە بىر تەرىپى شۇكى، ھەرقانداق بىر پەيغەمبەرنىڭ مۆجىزىسى ئايرىم ۋە دەستۇرى ئايرىم ئىدى. مەسىلەن: مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى ھاسا بولسا، دەستۇرى تەۋرات ئىدى. ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى مېدىتسىنا بولسا، دەستۇرى ئىنجىل ئىدى. ئەمما مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى ئۇنىڭ دەستۇرىنىڭ ئۆزىدۇر. بۇ قۇرئان كەرىمدىن ئىبارەت ئۇلۇغ دەستۇرنىڭ مۆجىزە بىلەن قوغدىلىپ مەڭگۈ داۋاملىشىشى ۋە مۆجىزىنىڭ دەستۇردا ھەممىشە بولۇشى ئۈچۈن ئىدى. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ كىتابلىرى شۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۈممەتلىرىگە ئامانەت قىلىنغان ۋە ئۇلار كىتابلىرىنى چىڭ ساقلاشقا ئەمر قىلىنغان. ئەمما قۇرئان كەرىمنى ساقلاش، ئۇنى ئۆزگەرتىش ۋە بۇرمىلاشلاردىن قوغداش ئىشىنى ئاللاھ تائالا ئۆز ئۈستىگە ئالغان. ﴿إِنَّا نَحْنُ نَزَّلْنَا الذِّكْرَ وَإِنَّا لَهُ لَحَافِظُونَ﴾ يەنى «قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە ئۇنى ئەلۋەتتە ئۆزىمىز قوغدايمىز»[14] دېگەن ئايەت بۇنى ئىپادىلەيدۇ.

نېمە ئۈچۈن شۇنداق؟ چۈنكى بىرىنچىدىن، قۇرئان كەرىم تا قىيامەتكىچە مەڭگۈلۈك جانلىق مۆجىزىدۇر. ئۇ مۆجىزە بولغان ئىكەن، ئۇنىڭ تېكىستلىرى ئۆز پېتىچە ساقلىنىشى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا ئۇنىڭ مۆجىزىلىكى يوقالغان بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، بۇرۇنقىلار ساماۋى كىتابلارنى قوغداشتا ئاجىزلىق قىلدى، ئۇلار مۇقەددەس كىتابلىرىنىڭ بەزىسىنى ئۇنتۇدى، بەزىسىنى بۇرمىلىدى، بەزىسىنى خەلقتىن يوشۇردى. شۇنداق قىلىپ بۇ ئامانەتلەرگە خىيانەت قىلدى. شۇ سەۋەبتىن ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدىن ئىبارەت ئەڭ ئاخىرقى ۋە مەڭگۈلۈك دەستۇرنى قوغداش ئىشىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى.

بىز مۇسۇلمانلارنىڭ قۇرئان كەرىمنى قوغداش ۋە ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىش ئەھۋالىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، كىشىلەرنىڭ قۇرئان كەرىمنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىشىنىڭ زامان ئۆتكەنسېرى ئاجىزلاپ بېرىۋاتقانلىقىنى ۋە ئۇنى قوغداش ئىشىنىڭ كۈچىيىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ شۈبھىسىزكى، قۇرئان

[14] سۈرە ھىجر، 9-ئايەت.

كەرىمنى قوغداش ئىشىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ قولىدا ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇڭا قۇرئان كەرىمنى مۇسۇلمانلار ئارىسىدىلا ئەمەس، بەلكى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا مۇسۇلمان ئەمەس قەۋملەر ئارىسىدىمۇ تاپقىلى بولغىنىدەك، مۇسۇلمان ئەمەسلەرنىڭمۇ ئۇنى قوغداپ ۋە نەشر قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. نېمە ئۈچۈن ياپونىيە، ئىتالىيە ۋە باشقا مۇسۇلمان بولمىغان دۆلەتلەر قۇرئان كەرىمنى ئەڭ ئېسىل ۋە ئەڭ سۈپەتلىك نەشر قىلىش ئۈچۈن شۇنچە كۆپ خىراجەت چىقىرىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن گېرمانىيەلىك مۇسۇلمان ئەمەس بىر شەخس قۇرئان كەرىمنى ھۆسنخەت بىلەن بىر بەتكە سىغدۇرۇپ چىقىشقا شۇنچىلىك كۈچ چىقىرىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن قۇرئان كەرىمنى نەشر قىلىدىغان مۇسۇلمان ئەمەس مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىنى ئۆزگەرتكىنىدەك قۇرئان كەرىمنىڭ بىرەر ھەرپىنى بولسىمۇ ئۆزگەرتەلمەيدۇ؟ چۈنكى ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمنى شۇنداق قوغداشنى خالايدۇ ۋە ئۇ ئىنسانلارنى شۇنداق قىلدۇرۇش، قۇرئان كەرىمگە ئىختىيارسىز خىزمەت قىلدۇرۇش ئارقىلىق قۇرئان كەرىمنى ئاللاھ تائالا ئۆزى قوغداپ كېلىۋاتقانلىقىنى دەلىللەيدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، قۇرئان كەرىمنى قوغدىغۇچى مۇسۇلمانلار ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىدۇر!

## قۇرئان كەرىم پۈتۈن ئالەم ئۈچۈن مۆجىزىدۇر

قۇرئان كەرىم ئەرەبلەرگىلا جەڭ ئېلان قىلىش ئۈچۈن كەلگەن مۆجىزە ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئالەم ئۈچۈن مۆجىزىدۇر. ئۇ زامان ۋە ماكانلارنىڭ توساقلىرىنى بۆسۈپ تاشلىدى.

### 1. قۇرئان كەرىمنىڭ ئۆتكەن زامانلارنىڭ توساقلىرىنى بۆسۈپ ئۆتكەنلىكى

ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھېچ ئوقۇمىغان ۋە ئوقۇش، يېزىشنى ئۆگەنمىگەن، پەقەتلا ئاللاھنىڭ ۋەھيىسى بىلەن تەربىيەلەنگەن بىر زات ئىدى. ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان بۇ قۇرئاندا، ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنىڭ-ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر بىلەن ئۇلارنىڭ قەۋملىرىنىڭ ئىش-ئىزلىرى، ھەتتا تارىخ سەھنىسىدىن ھېچ ئىزى قالمىغان مىللەتلەرنىڭمۇ كەچۈرمىشلىرى، ئېتىقادلىرى ۋە ئاقىۋەتلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. يۇقىرىقىلارنىڭ قىسسىلىرىنىڭ بەزىسىنى بىر ئۆمۈر ئىزدەنگەن تارىخشۇناسلاردىن مىڭدىن بىرى بىلەتتى ياكى بىلمەيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ قىسسىلەرنى قۇرئاننىڭ ھېكايە قىلىشى بويىچە بايان قىلىپ بەرگەندىن كېيىن، مەزكۇر قىسسىلەر ئەھلى كىتاب (يەھۇدىي، خىرىستىيان) ئالىملىرىنىڭ قولىدىكى ساماۋى كىتابلارنىڭ ۋە شۇ زامانلاردىكى مەشھۇر تارىخچىلارنىڭ ھېكايە قىلغانلىرىنىڭ ئۆزى بولۇپ چىققان. شۇ سەۋەبتىنمۇ ئەينى زامانلاردا ئىسلام دىنىغا كىرگەن ئەھلى كىتاب ئالىملىرى ۋە باشقا ئىلىم ئەھلىلىرى

كۆپ بولغان.

قۇرئان كەرىمنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ بىر قانچە ئورۇندا بايان قىلغان (سەن ئۇلارنىڭ يېنىدا يوق ئىدىڭ) دېگەن ئايەتلىرى قۇرئان كەرىمنىڭ ئۆتكەن زامانلارنىڭ توساقلىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈشتەك ئۇلۇغ مۆجىزىسىنى كۆرسەتمەكتە. ﴿ذَلِكَ مِنْ أَنْبَاءِ الْغَيْبِ نُوحِيهِ إِلَيْكَ وَمَا كُنْتَ لَدَيْهِمْ إِذْ يُلْقُونَ أَقْلَامَهُمْ أَيُّهُمْ يَكْفُلُ مَرْيَمَ وَمَا كُنْتَ لَدَيْهِمْ إِذْ يَخْتَصِمُونَ﴾ يەنى «(ئى پەيغەمبەر!) بۇ بىز ساڭا ۋەھيى قىلىۋاتقان غەيب خەۋەرلىرىدىندۇر. ئۇلار مەريەمنى تەربىيەلەشنى تالىشىپ (چەك تاشلاش ئۈچۈن) قەلەملىرىنى (سۇغا) تاشلىغان چاغدىمۇ، ئۇلار (بۇ ھەقتە) دەتالاش قىلىشقان چاغدىمۇ سەن ئۇلارنىڭ يېنىدا يوق ئىدىڭ»[15]، ﴿وَمَا كُنْتَ بِجَانِبِ الْغَرْبِيِّ إِذْ قَضَيْنَا إِلَى مُوسَى الْأَمْرَ وَمَا كُنْتَ مِنَ الشَّاهِدِينَ﴾ يەنى «(ئى پەيغەمبەر!) بىز (تۇر تېغىنىڭ) غەرب تەرىپىدە مۇساغا ۋەھيى قىلغاندا سەن يوق ئىدىڭ ۋە (بۇ ۋەقەلىكنى) كۆرگەنلەردىنمۇ ئەمەس ئىدىڭ».[16]

2. قۇرئان كەرىمنىڭ ماكان توساقلىرىنى بۆسۈپ ئۆتكەنلىكى

قۇرئان كەرىم كىشىلەرنىڭ ئىسلام دىنى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام توغرۇلۇق ئۆز-ئۆزىگە مەخپىي ئېيتقانلىرىدىن خەۋەر بېرىشتىن تاشقىرى، كىشىلەرنىڭ كۆڭۈللىرىدىن كەچكەنلىرى ھەققىدىمۇ تەپسىلىي ۋە ئېنىق خەۋەر بەرگەن. ﴿وَيَقُولُونَ فِي أَنْفُسِهِمْ لَوْلَا يُعَذِّبُنَا اللَّهُ بِمَا نَقُولُ﴾ يەنى «ئۇلار ئىچىدە: (ئەگەر ئۇ راست پەيغەمبەر بولىدىغان بولسا) ئاللاھ بۇ سۆزىمىز تۈپەيلىدىن بىزنى جازالىماسمىدى؟ دەيدۇ»[17]. قۇرئان كەرىم بۇ ئايەتتە، ئەرەب مۇشرىكلىرىنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قارشى ئىچىدە ئۆزىگە-ئۆزى پىچىرلىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن. ئەگەر ئۇلار شۇنداق سۆزلىمىگەن بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە بۇ ئايەتكە قارشى چىقىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا «بىز ئۇنداق ئويلىمىدۇق، سەن يالغانچىسەن» دەپ تۆھمەت قىلغان بولاتتى. ئەمما ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى رەزىللىكلىرىنى پاش قىلغان بۇ قۇرئان كەرىم ئايىتى ئالدىدا لام-جىم دېيەلمىگەن.

بۇ، قۇرئان كەرىمنىڭ كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە كەچكەنلەردىن خەۋەر بېرىشى بولۇپ، كىشىلەر تېخى كۆڭلىگە كەلتۈرمىگەن ۋە چوقۇم كەلتۈرىدىغان ئىشلاردىنمۇ خەۋەر بېرىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مۆجىزىسىنى نامايان قىلغان. ﴿سَيَقُولُ السُّفَهَاءُ مِنَ النَّاسِ مَا وَلَّاهُمْ عَنْ قِبْلَتِهِمُ الَّتِي كَانُوا عَلَيْهَا﴾ يەنى «بەزى ئەخمەق كىشىلەر: ئۇلارنى (يەنى پەيغەمبەر بىلەن مۆئمىنلەرنى) يۈزلىنىپ كېلىۋاتقان قىبلىسى (بەيتۇلمۇقەددەس) دىن نىمە بۇرىۋەتكەندۇ؟ دەيدۇ»[18]. بۇ ئايەت قىبلە بەيتۇلمەقدىستىن كەبىگە ئۆزگەرتىلىشتىن بۇرۇن نازىل بولغان

[15] سۈرە ئال ئىمران، 44-ئايەت.
[16] سۈرە قەسەس، 44-ئايەت.
[17] سۈرە مۇجادەلە، 8-ئايەت.
[18] سۈرە بەقەرە، 142- ئايەت.

بولۇپ، قۇرئان كەرىم يېقىن كەلگۈسىدە ئەمەلگە ئاشىدىغان بۇ چوڭ ئۆزگىرىشكە كىشىلەرنىڭ تۇتىدىغان مەۋقەسى توغرۇلۇق ئالدىنئالا خەۋەر بەرگەن. كەبە ئۆزگەرگەندىن كېيىن، ئۇلار راستىنلا شۇنداق دېيىشكەن. ﴿سَيَحْلِفُونَ بِاللَّهِ لَكُمْ إِذَا انْقَلَبْتُمْ إِلَيْهِمْ لِتُعْرِضُوا عَنْهُمْ فَأَعْرِضُوا عَنْهُمْ إِنَّهُمْ رِجْسٌ وَمَأْوَاهُمْ جَهَنَّمُ جَزَاءً بِمَا كَانُوا يَكْسِبُونَ﴾ يەنى «ئۇلارنىڭ يېنىغا قايتىپ بارغىنىڭلاردا، ئۇلار سىلەرنىڭ ئەيىبلىمەسلىكىڭلار ئۈچۈن (يالغان ئۆزرىلەرنى ئېيتىپ)، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىدۇ، ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈڭلار. چۈنكى ئۇلار نىجىستۇر، قىلمىشلىرىنىڭ جازاسى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەمدۇر»[19]. بۇ ئايەت، جىھادتىن قېچىپ ئايرىلىپ قالغان مۇناپىقلارنىڭ مۇسۇلمانلار جىھادتىن قايتىپ كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ يالغاندىن ئۆزۈرلەرنى ئويدۇرۇپ قەسەم قىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن. مەلۇمكى بۇ ئايەتلەر «س» ھەرپى بىلەن باشلانغان بولۇپ، ئەرەب تىلىدا «س» ھەرپى ھازىرقى زامان پېئىللىرىنىڭ ئالدىغا كېلىش ئارقىلىق ئىش – ھەرىكەتنىڭ تېخى يۈز بەرمىگەنلىكىنى ۋە پات-يېقىندا بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

3. قۇرئان كەرىمنىڭ كېلەچەكنىڭ تۇساقلىرىنى بۆسۈپ ئۆتكەنلىكى

﴿أَمْ يَقُولُونَ نَحْنُ جَمِيعٌ مُنْتَصِرٌ﴾ يەنى «ئۇ توپ يېقىندا مەغلۇپ قىلىنىدۇ ۋە ئارقىغا قاراپ قاچىدۇ»[20] بۇ ئايەت پۈتۈن ئەرەب مۇشرىكلىرىنىڭ ۋە مەدىنىدىكى يەھۇدىيلار بىلەن مۇناپىقلارنىڭ يېقىن كېلەچەكتە مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن چوقۇم مەغلۇپ قىلىنىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن. بۇ ئايەت مەككىدە مۇسۇلمانلار سان ۋە كۈچ جەھەتتە ئىنتايىن ئازلىقنى تەشكىل قىلىدىغان بىر ۋاقىتتا نازىل بولغان. ھەتتا ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئايەت نازىل بولغاندا: «قايسى توپ ئۇ بىزدىن مەغلۇپ بولىدىغان. بىز ئۆزىمىزنى قوغداشتىنمۇ ئاجىز كېلىۋاتقان تۇرساق» دېگەن. قۇرئان كەرىم بۇ ئايەت ئارقىلىق بىر قانچە يىل كېيىن ئەمەلگە ئاشىدىغان بىر ھەقىقەتتىن خەۋەر بەرگەن. ئەگەر ھىجرىيەنىڭ 6–يىلى بىرلەشمە ئەرەب قوشۇنى مەدىنىدە يېڭىلمىگەن ۋە ھىجرىيە 8–يىلى مۇسۇلمانلار مەككىنى فەتھى قىلىپ، ھەممىنى تەلتۆكۈس مەغلۇپ قىلمىغان بولسا قۇرئان كەرىمنىڭ بۇ ئايىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى يالغانچىغا چىقىرىشقا يېتەرلىك ئىدى.

ئىسلامنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىققان ۋەلىد ئىبنى مۇغىرەنىڭ ئاقىۋىتى توغرۇلۇق قۇرئان كەرىم ئالدىن خەۋەر بېرىپ: ﴿سَنَسِمُهُ عَلَى الْخُرْطُومِ﴾ يەنى «بىز يېقىندا ئۇنىڭ بۇرنىغا بەلگە سالىمىز»[21] دېگەن. كېيىن بەدرى غازىتى بولغان كۈنىدە ۋەلىد ئىبنى مۇغىرە بۇرنىدىن

[19] سۈرە تەۋبە، 95_ئايەت.

[20] سۈرە قەمەر، 45_ئايەت.
[21] سۈرە قەلەم، 16_ئايەت.

قىلىچلىنىپ ئۆلىدۇ. ئۇنىڭ بۇرنىغا ئۇرۇلۇپ ئۆلىدىغانلىقىنى ئىش يۈز بەرمەستە كىم ئېيتىپ بېرەلەيدۇ؟ ئەگەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ خەۋەرنى ئۆز خاھىشىدىن بەرگەن بولسا ۋە كېيىن ئىش ئۇنىڭ خەۋەر بەرگىنىدىن باشقىرەك بولغان بولسا، قانداق بولماقچىدى؟ ئىسلام دىنىنىڭ تەقدىرى نېمە بولماقچىدى؟

قۇرئان كەرىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەڭ ئەشەددىي دۈشمەنلىك قىلغان تاغىسى ئەبۇ لەھەبنىڭ كاپىر پېتى ئۆلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ: ﴿تَبَّتْ يَدَا أَبِي لَهَبٍ وَتَبَّ. مَا أَغْنَىٰ عَنْهُ مَالُهُ وَمَا كَسَبَ. سَيَصْلَىٰ نَارًا ذَاتَ لَهَبٍ. وَامْرَأَتُهُ حَمَّالَةَ الْحَطَبِ. فِي جِيدِهَا حَبْلٌ مِنْ مَسَدٍ﴾ يەنى «ئەبۇ لەھەبنىڭ ئىككى قولى قۇرۇپ كەتسۇن! (ئەمەلىيەتتە) قۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭغا مال-مۈلۈكى ۋە ئېرىشكەن نەرسىلىرى ئەسقاتمىدى. ئۇ ئۇزاققا قالماي لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا كىرىدۇ. ئۇنىڭ ئايالىمۇ مەھكەم ئېشىلگەن ئارغامچا بىلەن ئوتۇننى بويىنىغا باغلاپ يۈدۈگەن ھالدا (لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا) كىرىدۇ»[22] دەيدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى يەۋەتسىمۇ دەردى چىقمايدىغان ئەشەددىي دۈشمىنىگە ئايلانغان ئەبۇ لەھەب مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىنى توسۇش ئۈچۈن تۈرلۈك چارە – تەدبىر ۋە ھىيلە – مىكىرلەرنى ئىشلىتىشنىڭ ئورنىغا، خالايىقنىڭ ئالدىغا چىقىپ: «مۇھەممەد مېنى مۇسۇلمان بولماي كاپىر پېتى ئۆلىدۇ ۋە دوزاخقا كىرىدۇ، دېدى. گۇۋاھ بولۇڭلاركى، مەن مۇسۇلمان بولدۇم، نەتىجىدە دوزاخقا كىرمەيدىغان بولدۇم» دەپ يالغاندىن بولسىمۇ، ئېلان قىلغان بولسا ئىدى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى «يالغانچى» دەپ تۆھمەت قىلىشقا ۋە ئىسلام دىنىغا زىيانكەشلىك قىلىشقا قادىر بولغان بولاتتى. لېكىن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا شۇنى پىلانلىغۇدەك ئەقىل بەرمىدى. نەتىجىدە خۇددى قۇرئان كەرىم خەۋەر بەرگىنىدەك كاپىر پېتى ئۆلدى.

ئۇنىڭدىن باشقا قۇرئان كەرىم دە شۇنداق ئاجايىپ ئىشلارنىڭ مەيدانغا كېلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىلگەن بولۇپ، قۇرئان كەرىم نازىل بولغان زامانلاردا بىراۋ بۇ ئىشلار توغرۇلۇق ئېغىز ئاچسا ئۇ چوقۇم ساراڭ دەپ ئەيىبلەنگەن بولاتتى. ئەمما زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇرۇنقىلارنىڭ ئەقلى يەتمىگەن بۇ ئىشلارنىڭ بەزىلىرى ئىلىم –پەن تەرەققىي قىلغان ۋە ئەقىللار يېتىلگەن بۇ دەۋردە مەيدانغا چىقماقتا. بۇ ئىش تا قىيامەتكىچە شۇنداق داۋاملىشىدۇ.

## قۇرئان كەرىمنىڭ تەدرىجىي نازىل قىلىنغانلىقى

قۇرئان كەرىمنىڭ بىراقلا نازىل قىلىنماستىن، ئاز-ئازدىن، پارچە-پارچە نازىل قىلىنغانلىقىنىڭ ھېكمىتى ۋە سىر-ئەسرارلىرى ناھايىتى كۆپ. ئاللاھ تائالا بۇلارنىڭ بەزىسىنى ئوچۇقلىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ

[22] سۈرە لەھەب.

كۆڭلىنى تىنچلاندۇرۇش ۋە ئىرادىسىنى كۈچەيتىش، ئۇنىڭ قەۋمىدىن يەتكەن ئەزىيەتلەرگە تەسەللى بېرىش. ئۇنى دەۋەت يولىدىكى جاپا-مۇشەققەتلەرنى سەۋرچانلىق بىلەن قوبۇل قىلىشقا ئۈندەش، بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ بېشىغا كەلگەن قىيىنچىلىقلارنى ھېكايە قىلىپ بېرىش ئارقىلىق كۆچلۈك بولۇشقا تەشەببۇس قىلىش، ئۇنىڭغا ئاللاھ تائالانىڭ ياردەم قىلىدىغانلىقى ۋە ئەڭ چوڭ نۇسرەت ئاتا قىلىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ قەلبىنى مۇستەھكەملەش... قاتارلىقلاردۇر.

بۇنىڭدىن باشقا، قۇرئان كەرىمنىڭ ئاز-ئازدىن نازىل قىلىنغانلىقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنى يادلىۋېلىشى ئۈچۈن ئوڭاي ئىدى. قۇرئان كەرىمنىڭ ئاز-ئازدىن نازىل بولغانلىقىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئايەتلەرنى دەرھال يادلىۋېلىشى ۋە بۇ ئايەتلەردە كۆرسىتىلگەن ئەھكاملارنى تۇرمۇشىغا تولۇق تەتبىقلاشنى ئۆگىنىشى ئۈچۈن ئوڭايلىق يارىتىپ بېرەتتى. مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىپ تۇرىدىغان ئىشلار ھەققىدە ئاللاھ تائالانىڭ بەلگىلىمىلىرىنى بايان قىلىپ بېرىش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورالغان سوئاللارغا جاۋاب بېرىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى قۇرئان كەرىمنىڭ تەدرىجىي نازىل بولۇشىنى تەقەززا قىلاتتى.

## ئايەت ۋە سۈرىلەرنىڭ تەرتىپى

قۇرئان كەرىمدىكى ئايەت ۋە سۈرىلەرنىڭ تەرتىپى ئۇلارنىڭ نازىل بولۇش تەرتىپى بويىچە ئەمەس، بەلكى جىبرىئىلنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئايەت ۋە سۈرىلەرنىڭ ئورۇنلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشىگە ئاساسەن رەتلەنگەن. شۇڭا فاتىھە سۈرىسى قۇرئان كەرىمنىڭ ئەڭ بېشىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولسىمۇ، ئۇ دەسلەپ نازىل بولغان سۈرە ئەمەس. بەلكى ئەڭ دەسلەپ نازىل بولغىنى ئەلەق سۈرىسى بولۇپ، ئۇ قۇرئان كەرىمنىڭ 30-پارىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

### جىبرىئىلنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قۇرئان ئوقۇتۇشى

جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ھەر يىلى رامىزان ئېيىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قۇرئاننى بىر قېتىم باشتىن ئاخىرغىچە ئوقۇپ بېرىپ، ئاندىن يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن باشتىن ئاخىر تىڭشايتتى. پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇش ئالدىدىكى رامىزان ئېيىدا، ئۇنىڭغا قۇرئان كەرىمنى ئىككى قېتىم ئوقۇپ بېرىپ، ئىككى قېتىم تىڭشىغان. ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىسكە كۆرە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆيۈملۈك

قىزى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا: «جىبرىئىل ماڭا قۇرئاننى ھەر يىلى بىر قېتىم ئوقۇپ بېرەتتى، بۇ يىل ئىككى قېتىم ئوقۇپ بەردى، بۇنىڭدىن ئەجىلىمنىڭ يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى سېزىۋاتىمەن» دېگەن[23].

### قۇرئان كەرىمنىڭ ساقلىنىشى

ئاللاھ تائالا ساماۋى كىتابلارنىڭ ئاخىرقىسى بولغان قۇرئان كەرىمنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولغان پېتى ساقلاشنىڭ پۈتۈن شەرت-شارائىتلىرىنى ۋە سەۋەبلىرىنى تولۇقلاپ بەرگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇنى نازىل بولغان پېتى ساقلاپ، ئاۋۋالقى مۇسۇلمانلارغا سالامەت يەتكۈزگەن. شۇڭا قۇرئان كەرىم ھەرقانداق بىر ئۆزگەرتىش، ئالماشتۇرۇش ۋە بۇرمىلاشلاردىن پۈتۈنلەي ساقلىنىپ، بىزلەرگىچە ئۆز پېتى بىلەن يېتىپ كەلگەن يېگانە كىتابتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ساھابىلەرنىڭ قۇرئان كەرىمنى نازىل بولغان پېتى ساقلاش ئىشىدىكى ھوشيارلىقى ۋە چېكىگە يەتكەن ئېھتىياتچانلىقى دۇنيا تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر ئەھۋال. بۇنىڭغا مۇسۇلمان ئەمەس ئىلىم ئەھلىلىرىمۇ گۇۋاھ.

شەكسىزكى، قۇرئان كەرىم يادقا ئېلىنىش ۋە يېزىپ قالدۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككى يول بىلەن ساقلىنىپ كەلگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئان كەرىمدىن نازىل بولۇپ تۇرغان ئايەت ۋە سۈرىلەرنى شۇ ۋاقتىنىڭ ئۆزىدىلا ساھابىلەرگە يادقا ئالدۇرۇش ۋە تېرىلەرگە، خورما يوپۇرماقلىرىغا يازدۇرۇش ئارقىلىق ساقلاپ كەلگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئايەتلەرنى نازىل بولۇۋاتقان پەيتنىڭ ئۆزىدىلا يادقا ئېلىۋېلىشقا ناھايىتى زور ئەھمىيەت بېرەتتى، ھەتتا جىبرىئىل ئۇنىڭغا ئوقۇپ بېرىۋاتقان ئايەتلەرنى ئۇنتۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ شۇ لەھزىنىڭ ئۆزىدە يادلىۋېلىشقا ئالدىراپ تىلىنى مىدىرلىتاتتى. شۇڭا ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇنىڭ قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنى ئۇنتۇپ قالمايدىغانلىقى ۋە ئۇلارنى ئۇنىڭغا تولۇق ئۆگىتىپ توپلاپ بېرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى مۇنۇ ئايەت بىلەن خاتىرجەم قىلغان: ﴿لَا تُحَرِّكْ بِهِ لِسَانَكَ لِتَعْجَلَ بِهِ. إِنَّ عَلَيْنَا جَمْعَهُ وَقُرْآنَهُ. فَإِذَا قَرَأْنَاهُ فَاتَّبِعْ قُرْآنَهُ. ثُمَّ إِنَّ عَلَيْنَا بَيَانَهُ﴾ يەنى «(ئى پەيغەمبەر! ساڭا ۋەھيى نازىل بولۇۋاتقان چاغدا) ئۇنى ئېسىڭگە ئېلىۋېلىشقا ئالدىراپ تىلىڭنى مىدىرلاتما. چۈنكى ئۇ ۋەھيىنى (سېنىڭ دىلىڭغا) توپلاش ۋە ئۇنى ساڭا ئوقۇتۇش بىزنىڭ ئىشىمىزدۇر. شۇڭا، بىز ئۇنى

[23] «سەھىھۇلبۇخارىي»، 6285-ھەدىس، فەتھۇلبارى، 11-توم، 94-بەت.

(ساڭا جىبرىئىل ئارقىلىق) ئوقۇپ بەرگەندە، سەن ئۇنى (جىم تۇرۇپ) ئاڭلىغىن. ئاندىن ئۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشمۇ بىزنىڭ ئىشىمىزدۇر[24]».

بۇنىڭدىن باشقا، يەنە كېلىپ، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام نازىل بولۇپ بولغان ئايەتلەر ۋە سۈرىلەرنى ھەر يىلى رامىزان ئېيىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا باشتىن ئاخىر بىر قېتىم ئوقۇپ بېرىپ، ئاندىن يەنە ئۇنىڭدىن تىڭشايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇشى ئالدىدىكى رامىزاندا جىبرىئىل قۇرئان كەرىمنى ئۇنىڭغا باشتىن ئاخىر ئىككى قېتىم ئوقۇپ بېرىپ، يەنە ئۇنىڭدىن تىڭشىغان.[25]

دېمەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئان كەرىمنى تەكرارلاشقا ۋە ئۇنى پىششىق يادلىۋېلىپ، ئۆز پېتى ساقلاش ئىشىغا ئىنتايىن زور ئەھمىيەت بېرەتتى. شۇڭا كېچىلىرى تەھەججۇد نامازلىرىدىمۇ، ھەتتا جىھاد مەيدانلىرىدىمۇ قۇرئان كەرىم ئاغزىدىن چۈشمەيتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىدىن نازىل بولغانلىرىنى ئۆز ۋاقتىدىلا ساھابىلەرگە يادقا ئالدۇراتتى، ئۇلارغا قۇرئان كەرىمدىن ساۋاق بېرەتتى ۋە يادلاش ئۇسۇللىرىنى ئۆگىتەتتى، ساھابىلەرمۇ قۇرئان كەرىمنى يادلاش ئىشىغا پەۋقۇلئاددە زور ئەھمىيەت بەرگەنلىكتىن، ھەمىشە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدىن ئايرىلماي، ئاز-ئازدىن نازىل بولۇپ تۇرغان ئايەتلەرنى تېزلا يادلىۋالاتتى ۋە يادلىغان ئايەتلەرنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ۋە ھاياتىنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ ماڭاتتى. ئۇلار قۇرئان كەرىمنى يادلاش ئىشىدا بىر-بىرى بىلەن بەسلىشەتتى، كېچىلىرى مەسجىدلەرگە كىرىۋېلىپ، بەس-بەستە قۇرئان يادلايتتى، يادلاپ بولغانلىرىنى تەكرارلايتتى، ھەتتا كېچىلىرى مەدىنە مۇنەۋۋەرەدىكى مەسجىدلەردىن قۇرئان كەرىم تىلاۋىتى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ئاللاھ تائالا ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە كۆپلىگەن كىتابلارنى نازىل قىلغان بولسىمۇ، ئۇلاردىن بىرىنىمۇ كىشىلەر يادلاپ باققان ئەمەس. ھەتتا ئۆتمۈشلەردە «تەۋرات» بىلەن «ئىنجىل»لارنى ھەرقانداق بىر ئاۋام ئوقۇيالمايتتى، پەقەت ئۆلىمالىرىلا ئوقۇپ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. چۈنكى ئۇ ۋاقىتلاردا يادلاش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئالىملاردىن باشقا خەت ئوقۇشنى بىلىدىغانلارمۇ يوق دېيەرلىك ئىدى. ئەمما قۇرئان كەرىمنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ ساھابىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقى يادىسىغا بىلەتتى. بىر

[24] سۈرە قىيامەت، 16 ـ 19 ـ ئايەتلەر.

[25] ئىمام بۇخارىي رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە شۇنداق كەلگەن.

قېتىملىق ئۇرۇشتا 70تىن كۆپرەك قارىينىڭ شېھىت بولغانلىقىمۇ شۇ ۋاقىتتا قارىيلارنىڭ كۆپلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ھەممىگە مەلۇمكى، دۇنيا تارىخىدا قۇرئان كەرىمدىن باشقا بىرەر كىتابنى بۇنچىلىك زور ئەھمىيەت بېرىپ يادقا ئېلىش كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر ئىش. بۇنىڭدىكى سەۋەب شۇكى، ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمنى تا قىيامەتكىچە ئۆزى مۇھاپىزەت قىلىپ ساقلاشنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ قۇرئان كەرىمنى ساقلاشنىڭ سەۋەبلىرىنى ۋە تۈرتكىلىرىنى يارىتىپ بەرگەن. ئۇ بولسىمۇ، قۇرئان كەرىمنى يادلاشنى ئەڭ شەرەپلىك ئىبادەت قاتارىدىن ساناپ، مۇسۇلمانلارنىڭ دىلىدا ئۇنى يادلاش ئوتىنى ياندۇرغانلىقى ۋە ئۇنى يادلاشنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگەنلىكى ھەمدە ئۆز ۋاقتىدا يېزىپ ساقلاشنىڭ پۈتۈن ئىمكانىيەتلىرىنى يارىتىپ بەرگەنلىكى ئىدى. ﴿وَلَقَدْ يَسَّرْنَا الْقُرْآنَ لِلذِّكْرِ فَهَلْ مِنْ مُدَّكِرٍ﴾ يەنى «ھەقىقەتەن بىز بۇ قۇرئاننى ئوقۇش ۋە يادلاش ئۈچۈن ئاسان قىلىپ بەردۇق، (ئۇنىڭدىن) ۋەز-نەسىھەت ئالغۇچى بارمۇ؟»[26]. مەلۇمكى، قۇرئان كەرىمدىن باشقا ھېچقانداق بىر ساماۋى كىتابنى ياكى ھەدىسنى يادلىغانغا ياكى ئوقۇغانغا ساۋاب ۋەدە قىلىنغان ئەمەس، بەلكى ئەمەل قىلغانغىلا ساۋاب بېرىش ۋەدە قىلىنغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىن تا ھازىرغىچە دۇنيادا قارىيلار ئۈزۈلۈپ قالمىغانلىقى ئۈچۈن ھېچكىم قۇرئان كەرىمگە بىرەر ھەرپ چاغلىق ئۆزگەرتىش كىرگۈزەلمەيدۇ. قۇرئان كەرىمنى ھازىر مۇسۇلمان ئەمەس خەلقلەرمۇ مۇسۇلمان ئەمەس دۆلەتلەردە ھەر خىل مەنپەئەتلەر يۈزىسىدىن نەشر قىلىپ تارقىتىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا بىرەر ھەرپ چاغلىق ئۆزگەرتىش كىرگۈزەلمىگەن.

### قۇرئان كەرىمنىڭ توپلىنىشى

قۇرئان كەرىم بىرىنچى خەلىپە ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىغا بىر يىلمۇ توشمىغان ۋاقىت ئىچىدە، يەنى ھىجرىيەنىڭ 12-يىلى (631-مىلادى) يەمامە ئۇرۇشىدىن كېيىنلا رەسمىي كىتاب شەكلىدە توپلانغان.

بۇ پىكىرنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تۇنجى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويغان، ئاندىن ساھابىلەرنىڭ ئۆلىمالىرى بۇ ئىشقا ھەممە بىردەك ئىتتىپاقلا كەلگەن. قۇرئان كەرىمنى كىتاب شەكلىدە توپلاپ چىقىش ئىشىنى زەيد ئىبنى سابىت باشچىلىقىدىكى بىر تۈركۈم ساھابىلەر ئۈستىگە ئالغان. ئۇلار

[26] سۈرە قەمەر، 22-ئايەت.

ئەينى ۋاقىتتا «كۈتتابۇلۋەھيى» يەنى «ۋەھيىنى يازغۇچىلار كومىتېتى»نىڭ ئەزالىرى ئىدى.

## «كۈتتابۇلۋەھيى» كومىتېتى

زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەخسۇس كاتىبى ۋە «كۈتتابۇلۋەھيى» كومىتېتىنىڭ رەئىسى بولۇپ، قارىيلارنىڭ ئەڭ سەرخىلى، پەۋقۇلئاددە زېرەك، ھوشيار ۋە ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى ئالاھىدە يۇقىرى كىشى ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئاۋۋال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئۇنىڭدىن كېيىن خەلىپىلەر ئۇ كىشىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن مەخسۇس كاتىپ قىلىپ ئىشلەتكەن. زەيد ئىبنى سابىت جىبرىل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قۇرئان كەرىمنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم باشتىن ئاخىر ئوقۇپ بېرىپ، يەنە ئۇنىڭدىن تىڭشىغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ھازىر بولۇش شەرىپىگە نائىل بولغان، ئىشەنچلىكلىكى، ئېھتىياتچانلىقى ۋە تەقۋالىقى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قايىل قىلغان ساھابىلەرنىڭ بىرى ئىدى.

## «كۈتتابۇلۋەھيى» كومىتېتىنىڭ قۇرئان كەرىمنى توپلاشتىكى ئۇسۇلى

زەيد ئىبنى سابىت باشچىلىقىدىكى «كۈتتابۇلۋەھيى» كومىتېتى ئەزالىرى قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەت ۋە سۈرىلىرىنى توپلاپ كىتاب ھالىغا كەلتۈرۈشتە دۇنيادا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئەڭ ئىلغار ۋە ئەڭ ئىشەنچلىك ئۇسۇلنى قوللانغان بولۇپ، «كۈتتابۇلۋەھيى» كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى تېرىلەرگە، سىلىق تاشلارغا، خورما دەرىخىنىڭ قوۋزاقلىرىغا ۋە يوپۇرماقلىرىغا، شۇنداقلا سۆڭەكلەرگە يېزىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىدە ساقلانغان قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەت ۋە سۈرىلىرىنى شۇ ۋاقىتتىكى قارىيلارنىڭ يادلىغانلىرىغا بىرمۇ بىر سېلىشتۇرۇپ، ھەر بىر قارىيدىن تىڭشىغان ئايەتلەردىن ھەر بىر ئايەتنىڭ توغرىلىقىغا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىدە يېزىپ ساقلانغان ئايەتلەردىن ھەر بىر ئايەتنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدا يېزىلغانلىقىغا ئىككى گۇۋاھچىنىڭ گۇۋاھلىقىنى ئېلىشنى شەرت قىلغان. ئۇلار ھەر بىر ئايەت ئۈستىدە ئالاھىدە توختىلىپ ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدا، ئۇنىڭ دەپ بېرىشى بىلەن يېزىلغانلىقىغا ئەڭ ئاز دېگەندە ئىككى گۇۋاھچىنى قەسەم قىلدۇراتتى، ئاندىن شۇ ئايەتنىڭ ئۆزىنى قارىيلاردىن تىڭشاپ كۆرەتتى، قارىيلارنىڭ ئوقۇغىنى بىلەن يېزىلىپ ساقلانغىنى ئەينەن چىقسا، ئاندىن ئۇنى رەسمىي قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى قاتارىدىن ساناپ توپلاپ ماڭاتتى.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەت ۋە سۈرىلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ۋاقتىدا رەتلەپ قويغان تەرتىپ بويىچە ئىنتايىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن تىزىپ چىقىپ، قۇرئان كەرىمنى ھازىرقى كىتاب ھالىغا كەلتۈرگەن.

«كۆتتابۇلۋەھيى»نىڭ قۇرئان كەرىمنى توپلاشتا بۇنداق ئېھتىياتچانلىق بىلەن بىلەن ئىش كۆرۈشىگە تۈرتكە بولغان ئامىل شۇكى، قۇرئان كەرىم ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى، ئۇنى ئاللاھ تائالادىن نازىل بولغان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن تاپشۇرۇپ ئالغان پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا يەتكۈزۈش ھەم شەرەپلىك ھەم خەتەرلىك بىر مەجبۇرىيەت ئىدى. قۇرئان كەرىمنى توپلىغان «كۆتتابۇلۋەھيى» كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى بۇنى ناھايىتى ئوبدان بىلەتتى. ئۇلار بۇ ئىشتا قىلچە سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈشنىڭ ئاللاھ تائالاغا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قىلىنغان ئەڭ چوڭ خىيانەت ھېسابلىنىدىغانلىقىنى، ناۋادا قىلچىلىك سەۋەنلىك ئۆتۈلسە، خۇددى ئىلگىرىكى يەھۇدىي، خرىستىيان ئالىملىرىغا ئوخشاش ئۆزلىرىنىڭ ئىلاھىي كىتابلىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىپ تا قىيامەتكىچە ئاللاھنىڭ ۋە خەلقنىڭ ئالدىدا لەنەتكەردى بولۇپ قېلىش خەۋپىنى ئەلۋەتتە ھېس قىلاتتى ۋە ياخشى بىلەتتى.

**«كۆتتابۇلۋەھيى» كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاقتىدا ۋەھيىلەرنى يېزىپ قالدۇرۇشقا ۋە كېيىنچە قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنى توپلاشقا بەلگىلەنگەن «كۆتتابۇلۋەھيى» كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى ساھابىلەرنىڭ ئەڭ مۇكەممەل قارىيلىرىدىن تاللاپ چىقىلغان ئەڭ تەقۋادار، ئەڭ ئالىم، ئەڭ ھوشيار ۋە ئەڭ ئېھتىياتچان شەخسلەردىن تەشكىللەنگەن گۇرۇپپا ئىدى. قۇرئان كەرىمنىڭ پۈتۈن ئايەتلىرىنى جەملەپ، ئۇلارنى كىتاب ھالىغا كەلتۈرۈش ئىشىغا ساق بىر يىل كەتكەن. ساھابىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقى قۇرئان كەرىمنى يادقا بىلەتتى. شۇڭا ئۇلار ئۆز ۋاقتىدا قۇرئان كەرىمنى كىتاب شەكلىدە توپلاپ ئوقۇشقا زور ئېھتىياجلىق ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئېغىزدىن-ئېغىزغا يۆتكىلىپ يۈرگەن قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى ھەتتا ئۇنى يادقا ئالمىغان ساھابىلەر ئۈچۈنمۇ تونۇشلۇق ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغان يىلى ئىسلام دىنىنى يوق قىلىش پىلانى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان مۇرتەد ئەرەب قەبىلىلىرى بىلەن بولغان، تارىختا «يەمامە ئۇرۇشى» دەپ ئاتالغان ئۇرۇشتا ساھابىلەردىن كۆپ كىشىنىڭ شېھىت بولغانلىقى،

ھەتتا قارىيلاردىن بۇ بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا 70تىن كۆپرەك كىشىنىڭ شېھىت بولغانلىقى سەۋەبلىك مۇسۇلمانلار قۇرئان كەرىمنى يادلىغان قارىيلار تۈگەپ كەتسە ئۇنىڭ بەزى ئايەتلىرىنىڭ قەلبلەردىن ئۆچۈرۈلۈپ كېتىش خەۋپىنى ھېس قىلغان. شۇنداق قىلىپ ساھابىلەر قارىيلارنىڭ تۈگەپ كېتىشى بىلەن قۇرئان كەرىمنىڭ قەلبلەردىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى رەتلەپ قويغان ئايەت ۋە سۈرىلەرنى شۇ تەرتىپى بويىچە كىتاب ھالىغا كەلتۈرۈپ توپلاش قارارىغا كەلگەن.

### قۇرئان كەرىم نۇسخىلىرىنىڭ كۆپەيتىلىشى

قۇرئان كەرىم ھىجرىيەنىڭ 25-يىلى (645-مىلادى) ئۈچىنچى خەلىپە ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىدە، ئۇنىڭ مەخسۇس پەرمانى بىلەن نۇسخىلاندۇرۇپ كۆپەيتىلگەن. قۇرئان كەرىمنى نۇسخىلاندۇرۇپ كۆپەيتىش پىكرىنى قارىيلارنىڭ پېشىۋاسى ھۇزەيفە ئىبنى يەمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، بۇ پىكرنى خەلىپىدىن باشلاپ پۈتۈن ئۆلىمالار قوللىغان. قۇرئان كەرىمنى ھەربىر قارىينىڭ ئۆزى مەنسۇپ بولغان شىۋىدە ئوقۇشى ۋە ھەربىر قارىينىڭ ئۆزى ئوقۇغان شىۋىنى ھەممىدىن ئەۋزەل ساننىشى نەتىجىسىدە چىققان ئىختىلاپنى يوق قىلىپ، قۇرئان كەرىمنى ھەممە بىر خىل قىرائەت ۋە بىر خىل شىۋىدە ئوقۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مەقسىتى بىلەن ئۇنى بىرلا قۇرەيش شىۋىسىدە نۇسخىلاپ، ھەرقايسى ئىسلام ئەللىرىگە بىر نۇسخىدىن ئەۋەتكەن.

### قۇرئان كەرىمنى نۇسخىلاندۇرۇش ئۇسۇلى

قۇرئان كەرىمنى نۇسخىلاش ئىشىنى «كۆتتابۇلۋەھيى» كومىتېتىنىڭ رەئىسى زەيد ئىبنى سابىت، ئابدۇللا ئىبنى زۇبەير، سەئىد ئىبنى ئاس، ئابدۇراھمان ئىبنى ھارىس قاتارلىق قارىي ساھابىلەر ئۈستىگە ئالغان. قۇرئان كەرىمنى نۇسخىلاندۇرۇشقا بەلگىلەنگەنلەر بىرىنچى خەلىپە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىدا توپلانغان قۇرئان كەرىم نۇسخىسىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆيىدىن سوراپ ئېلىپ كېلىپ، نۇسخىلارنى قۇرئان كەرىمنىڭ مۇشۇ نۇسخىسىغا ئاساسلىنىپ نۇسخىلاندۇرغان، ئاندىن ئەسلى نۇسخىنى يەنە ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا قايتۇرۇپ بېرىپ، يېڭى نۇسخىلاردىن بىرىنى خەلىپە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆز يېنىدا ئېلىپ قېلىپ قالغانلىرىنى ئىسلام ئەللىرىدىن ھەر بىرىگە بىر نۇسخىدىن بىر قارى بىلەن قوشۇپ

ئەۋەتىپ بەرگەن ۋە ھەر جايدا قۇرئان كەرىمنىڭ مۇشۇ نۇسخىسىنى ئوقۇش توغرۇلۇق مەخسۇس پەرمان چىقارغان. ئاندىن مۇشۇ قېتىم نۇسخىلارغا كۆپەيتكەندىن باشقا قۇرئان دەپ سانالغانلارنىڭ ھەممىسىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغان.

ئۈچىنچى خەلىپە ئوسمان ئىبنى ئاففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىدا نۇسخىلاندۇرغان قۇرئان كەرىم زامانىمىزدا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئوقۇلۇۋاتقان قۇرئان كەرىمنىڭ ئۆزىدۇر. بۇ نۇسخا «مۇسھەف ئوسمانى» (ئوسمانىي قۇرئان) دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. ئوسمان ئىبنى ئاففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىدا كۆپەيتىلگەن قۇرئان كەرىم نۇسخىلىرى بەش ئىدى دېگەنلەرمۇ ۋە ئالتە ئىدى دېگەنلەرمۇ بار. ئەمما خەلىپە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مىسىر، بەھرەيىن، يەمەن، مەككە، بەسرە قاتارلىق شەھەرلەرگە بەرگەن قۇرئان كەرىمنى بەرگەن قارى بىلەن قوشۇپ ئەۋەتكەنلىكى ئېنىق.

## ھەزرىتى ئوسمان زامانىدىكى قۇرئاننىڭ قولىيازما نۇسخىلىرى

ھەزرىتى ئوسمان زامانىدا توپلىنىپ ۋە ھەرقايسى ئىسلام ئەللىرىگە ئەۋەتىلگەن قۇرئان كەرىمنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئەسلى نۇسخىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى زامانىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يوقاپ كەتكەن. ئەمما شۇ ۋاقىتتىكى قولىيازما نۇسخىلاردىن بىرى ھازىر مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىدە، يەنە بىرى تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇل شەھىرىدىكى توپقاپى سارىيى «مۇقەددەس ئامانەتلەر مۇزېيى»دە، يەنە بىر نۇسخىسى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى «مۇسۇلمانلار ئىدارىسى»نىڭ كۇتۇپخانىسىدا، تامغا ئورنىتىلغان مەخسۇس ئەينەك ساندۇقنىڭ ئىچىدە ساقلىنىۋاتقانلىقى مەلۇم.

## ئىلگىرىكى ئەرەب ئېلىپبەسى

ئىلگىرى ئەرەب ئېلىپبەسىدىكى ھەرپلەر چېكىتسىز يېزىلاتتى. مەسىلەن: (ب، ت، ث، ي، ن)، (ج، ح، خ)، (د، ذ)، (ر، ز)، (س، ش)، (ص، ض)، (ع، غ)، (ط، ظ)، (ف، ق) قاتارلىق ھەرپلەرنى بىر-بىرىدىن ئايرىپ تۇرىدىغان چېكىتلەر يوق ئىدى. لېكىن ئەرەبلەر ئادىتى بويىچە بۇ چېكىتسىز ھەرپلەرنىڭ قايسىسى «ب»، قايسىسى «ت» ۋە قايسىسى «ث» ئىكەنلىكىنى سۆزنىڭ باش-ئاخىرىغا قاراپلا، ھېچبىر قىيىنچىلىق ھېس قىلماستىن بىلىۋالاتتى ۋە توغرا ئوقۇيتتى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنىڭ ئوقۇش بەلگىلىرىنى بېكىتىشكە ھاجەت يوق ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالەمدىن ئۆتۈپ قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا، ئىسلام دىنى ئەرەب ئەمەس قەۋملەر ئارىسىغا كەڭ تارقىلىشقا

باشلىغان. ھەر خىل مىللەتلەرنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشى بىلەن ئۇلارنىڭ قۇرئان كەرىمنى ئوقۇشقا بولغان زور ئېھتىياجى ئەرەب ئەمەس قەۋملەرنىڭ ئەرەب تىلىنى توغرا ئوقۇشى ئۈچۈن مەخسۇس قائىدە بەلگىلەشنى تەقەززا قىلغان ئىدى. چۈنكى ئەرەبلەر ئۆز تىلىدا نازىل بولغان بۇ قۇرئان كەرىمنىڭ ھەرپلىرىنى بىر-بىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ، توغرا ئوقۇپ كېتەلىگەن بىلەن، ئەرەب ئەمەس مىللەتلەر ئۇنى ئەرەبلەردەك ئوقۇيالمايتتى.

## قۇرئان كەرىمگە ئوقۇش بەلگىلىرىنىڭ قويۇلۇشى

ئەرەب تىلىنىڭ گرامماتىكا قائىدىسىنى ۋە قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنىڭ ئوقۇلۇش بەلگىلىرىنى تۇنجى قېتىم تۈزۈپ چىققان ئادەم تابىئىن ئۆلىمالىرىدىن ئەبۇلئەسۋەد دۇئەلىي (606-688م) دېگەن كىشى بولۇپ، ئۇ تۆتىنچى خەلىپە ھەزرىتى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب (601-660م)نىڭ ئەمرى بىلەن بۇ ئىشنى باشلاپ، ھەرپلەرنىڭ فەتھە ( َ)، كەسرە ( ِ)، داممە ( ُ) قاتارلىق ھەرىكەتلىرىنى چېكىتلەر بىلەن ئايرىغىلى بولىدىغان قىلىپ چىققان. فەتھە ئالامىتىنى ھەرپنىڭ ئۈستىگە بىر چېكىت قويۇش بىلەن، كەسرە ئالامىتىنى ھەرپنىڭ ئاستىغا بىر چېكىت قويۇش بىلەن، داممە ئالامىتىنى ھەرپنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر چېكىت قويۇش بىلەن، سۇكۇن ئالامىتىنى ئىككى چېكىت بىلەن ئايرىۋالغىلى بولىدىغان قائىدىنى تۈزۈپ چىققان.

## ئەرەب ھەرپلىرىنىڭ چېكىتلىرىنىڭ ئىجاد قىلىنىشى

ئەرەب ھەرپلىرىنىڭ چېكىتلىرى ۋە بەلگىلىرىنى تۇنجى بولۇپ ئىجاد قىلغان ئالىم خەلىل ئىبنى ئەھمەد ئەل فەراھىدى (718-790م) دېگەن كىشى بولۇپ، ئۇ ھەرپلەرنىڭ چېكىتلىرىنىڭ ئورنىغا ھازىرقى فەتھە ( َ)، كەسرە ( ِ)، داممە ( ُ) بەلگىلىرىنى قويۇپ، تېخىمۇ روشەن، تېخىمۇ پۇختا ئۇسۇلنى ئىجاد قىلغان. ئۇ يەنە ھەمزە، شەددە ۋە باشقا بەلگىلەرنى تۈزۈپ چىققان. كېيىنچە ئەرەب تىلىنىڭ سىنتاكسىس قائىدىسىنى تۈزۈپ چىققان. شۇنىڭدىن كېيىن ئەرەب تىلىنىڭ ئوقۇش قائىدىلىرى، ھەرپلەرنىڭ بەلگىلىرى ۋە ھەرىكەتلىرى مۇقىملىشىپ، قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنىڭ خەت ئۇسلۇبى كۈندىن-كۈنگە كۆركەم ۋە چىرايلىق ھالغا كېلىپ، تەدرىجىي ھالدا تەرەققىي قىلىپ بېرىپ ئەڭ ئاخىرقى كامالىغا يەتكەن.

قۇرئان كەرىمنىڭ ھازىر بىز ئوقۇۋاتقان شەكلى ھىجرىيە 3-ئەسىردە بارلىققا كەلگەن بولۇپ، شۇنىڭدىن بېرى شۇ پېتى داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

## قۇرئان كەرىمنىڭ رەسمىي مەتبەئەدە نەشر قىلىنىش تارىخى

قۇرئان كەرىمنىڭ رەسمىي مەتبەئەدە نەشر قىلىنغان تۇنجى نەشرى 1538-يىلى ئىتالىيەدە بېسىپ چىقىلغان بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن 1694-گېرمانىيەدە، 1728-يىلى تۈركىيەدە، 1787-يىلى رۇسىيەنىڭ سانت پېتىربورگ شەھىرىدە، 1802-ھىندىستاندا، 1834-يىلى گوللاندىيەدە، 1848-يىلى تاتارىستان پايتەختى قازان شەھىرىدە، 1823-يىلى مىسىردا، 1949-يىلى مەككىدە بېسىلىپ تارقىتىلغان. ئەمما بىزنىڭ ئۇيغۇر دىيارىمىزدا 12-ئەسىردە قۇرئان كەرىمنىڭ تۇنجى تەرجىمىسى ئوتتۇرىغا چىققان بولسىمۇ، قۇرئان كەرىمنىڭ رەسمىي مەتبەئەدە بېسىلىشى 20-ئەسىردىلا ئەمەلگە ئاشقانلىقى سۆزلىنىدۇ.

## قۇرئان كەرىمنى نەشر قىلىش ئاكادېمىيەسى

قۇرئان كەرىم ھازىرغىچە، ھىندىستان، مىسىر، تۈركىيە ۋە باشقا كۆپلىگەن دۆلەتلەردە، ھەتتا ياپونىيە، خىتاي، موسكوۋا ۋە ئىتالىيەلەرگە ئوخشىغان مۇسۇلمان ئەمەس مەملىكەتلەردىمۇ نەشر قىلىنىپ، تارقىتىلىپ كەلدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا سەئۇدى ئەرەبىستانىدا قۇرئان كەرىمنى بىر خىل شەكىل ۋە بىر خىل خەت نۇسخىسى بىلەن بېسىپ ئۇنى پۈتۈن دۇنيادا ئومۇملاشتۇرۇش مەقسىتى بىلەن سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ سابىق پادىشاھى مەرھۇم فەھد ئىبنى ئابدۇلئەزىز ئۆز نامىدىن مەدىنە مۇنەۋۋەر شەھىرىدە «‹قۇرئان كەرىم›نى نەشر قىلىش ئاكادېمىيەسى» قۇرۇپ چىقىشنى قارار قىلغان ۋە ئاخىر ئۇنى قۇرۇپ چىققان. چۈنكى مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرى قۇرئان كەرىم نازىل بولۇپ تاماملانغان ۋە ئايەتلىرى توپلىنىپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغان مۇبارەك جاي ئىدى.

مەزكۇر ئاكادېمىيەنىڭ تەسىس قىلىنىشى

1984- يىلى 30- ئۆكتەبىر كۈنى «‹قۇرئان كەرىم›نى نەشر قىلىش ئاكادېمىيەسى»نىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ ئاكادېمىيەنىڭ بىناسى ئىسلام مەدەنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن، ناھايىتى كۆركەم ھەم زامانىۋى شەكىلدە قۇرۇپ چىقىلغان. ئۇ مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىنىڭ تەبۇك يولىغا جايلاشقان بولۇپ، 250 مىڭ كىۋادرات مېتىر كۆلەمگە ئىگە. بۇ ئاكادېمىيىدە ئالىملار، قارىيلار، خەتتاتلار، ئىشچىلار بولۇپ جەمئىي 900 گە يېقىن ئادەم ئىشلەيدۇ. بۇ ئاكادېمىيە يىلىغا 30 مىليوندىن كۆپرەك قۇرئان بېسىپ چىقىش قۇدرىتىگە ئىگە بولۇپ، ھەر يىلى 10 مىليون ئەتراپىدا قۇرئان بېسىپ چىقارماقتا.

بۇنىڭدىن باشقا، تەپسىر ۋە قۇرئان كەرىمنىڭ ھەر خىل

تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان تەرجىمە نۇسخىلىرىنى بېسىپ تارقىتىشتىن تاشقىرى سەئۇدى ئەرەبىستانى ۋە ئىسلام دۇنياسىدىكى مەشھۇر قارىيلارنىڭ ئاۋازلىرى بىلەن ئوقۇلغان قۇرئان كەرىم پىلاستىنكىلىرىنى نەشىر قىلىپ تارقىتىدۇ.

«قۇرئان كەرىمنى نەشىر قىلىش ئاكادېمىيەسى»دە ھازىرغىچە ئىسپانىيە، گېرمانىيە، ئىنگلىز، ھىندونېزىيە، ئۇيغۇر، قازاق، خەنزۇ، رۇس، ئوردۇ، پارس، پاشتۇ، تۈرك، تايلاند، سومالى، فىرانسۇز، كەشمىر، كورىيە، مىلىبارى، ھەۋسا، بورما، گىرېك، زۇلۇ، بوسنا قاتارلىق 30دىن كۆپرەك تىلدا قۇرئان كەرىم تەرجىمىلىرى بېسىلىپ تارقىتىلغان.

## قۇرئان ئەمەل قىلىش ئۈچۈن نازىل بولغان كىتاب

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمنى ئۇنىڭ ئوقۇش قائىدىسىگە رىئايە قىلغان ھالدا توغرا ئوقۇپ، مەنىسىنى توغرا چۈشىنىپ، مەقسەت ۋە غايىلىرىنى بىلىپ، بىزدىن تەلەپ قىلغىنى بويىچە ئەمەل قىلىش ئۈچۈن نازىل قىلغان.«ساڭا بۇ مۇبارەك كىتابنى ئايەتلىرىنى تەپەككۇر قىلسۇن ۋە ئەقىل ئىگىلىرى ۋەز-نەسىھەت ئالسۇن دەپ نازىل قىلدۇق»[27]. ئەپسۇسكى، مۇسۇلمانلارنىڭ قۇرئان كەرىم بىلەن بولغان چوڭ ئالاقىسى ئۇنى تىلاۋەت قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ قالغان. ئۇلار قۇرئان كەرىمنى ئۇنىڭ مەنىسىنى تەپەككۇر قىلىپ، ئويلاپ، مەقسەتلىرىنى چۈشىنىپ ئەمەل قىلىشنىڭ ۋەسىلىسى قىلماستىن، بەلكى ئۇنىڭ تېكىستىنى تىلاۋەت قىلىشقىلا كۆپايە قىلىدىغان بولۇپ قالغان.

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ قۇرئاننى ئۇنىڭ روھى بويىچە ئەمەل قىلىش ئۈچۈن نازىل قىلغان تۇرسا، كىشىلەر ئۇنى تىلاۋەت قىلىشنى ئەمەل سانىۋالدى». فۇزەيل ئىبنى ئىياز مۇنداق دېگەن: «قۇرئان ئەمەل قىلىش ئۈچۈن نازىل بولغان بولسىمۇ، كىشىلەر ئۇنى تىلاۋەت قىلىشنى ئەمەل دەۋالغان». مۇسۇلمانلار قۇرئاننىڭ لەۋزى بىلەنلا مەشغۇل بولۇپ قېلىپ، ئۇنىڭ مەنىسىگە ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكتىن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىززەت-ئابرۇيىنىڭ، كۈچ-قۇۋۋىتىنىڭ ۋە قەدىر-قىممىتىنىڭ مەنبەسىدىن مەھرۇم قالغان. ئۇلار شۇنداق قىلىپ يولىنى يورۇتىدىغان چىراغنى ئۆز قولى بىلەن ئۆچۈرۈپ قويغان. نەتىجىدە، باشقىلارنىڭ سايىسىدا، ئۇلارنىڭ رەھىم-شەپقىتىگە تايىنىپ ھايات كەچۈرىدىغان، قەدىر-قىممىتىنى ۋە ئېتىبارىنى يوقىتىپ قويغان بىر ئۇممەتكە ئايلىنىپ قالغان. ئۆتمۈشلەردە دۇنيانى سورىغان سەلتەنەتلىك مۇسۇلمانلار بۈگۈنكى كۈندە باشقىلارنىڭ سەلتەنىتىگە بېقىنىدىغان بولۇپ قالغان. ئۇلارنى

[27] سۈرە ساد، 29-ئايەت.

ئەسلىدىكى سەلتەنىتىگە ۋە ئىززەت-ئابرۇيىغا ئېرىشتۈرىدىغان سېھىرلىك كۈچ ئۇلارنىڭ قولىدا بار. ئەمما ئۇلار ئۇنىڭ لەۋزىنى تىلاۋەت قىلىشقا كۆپايە قىلىپ، مەنىسىگە ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكتىن، ئۇنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنالماي كەلمەكتە.

## قۇرئان كەرىم تىلاۋەت قىلىنىدىغان يېگانە كىتاب

قۇرئان كەرىم مەنىسىنى بىلمىسىمۇ ئوقۇسا ساۋاب بولىدىغان يېگانە كىتابتۇر. بۇ قۇرئان كەرىمنىڭ ئۇلۇغلۇقى سەۋەبىتىندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئاللاھنىڭ كىتابىدىن بىر ھەرپ ئوقۇغان كىشى بىر ساۋابقا ئېرىشىدۇ، بۇ بىر ساۋاب ئون ھەسسىگە كۆپەيتىپ بېرىلىدۇ. ‹ئەلىف، لام، مىيم›نى بىر ھەرپ دەپ ھېسابلىمايمەن، بەلكى ‹ئەلىف› بىر ھەرپ، ‹لام› بىر ھەرپ، ‹مىيم› بىر ھەرپتۇر»[28] دەپ كۆرسەتكەن. ئەمما ئىلگىرىكى «تەۋرات»، «ئىنجىل» ۋە «زەبۇر» قاتارلىق ساماۋى كىتابلارنىڭ ھېچقايسىسىنى تىلاۋەت قىلغانغا ساۋاب ۋەدە قىلىنمىغان، ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنىمۇ ئوقۇغانغا ساۋاب ۋەدە قىلىنغان ئەمەس، پەقەت ئەمەل قىلغان ساۋاب بېرىلىدۇ.

## قۇرئان ئوقۇشتىكى ئاساسلىق مەقسەت ئۇنىڭدىن تەسىرات ئېلىش

قۇرئان ئوقۇغاننىڭ پايدىسىنى مۇشۇ دۇنيادا كۆرەي دېگەن ئادەم چوقۇم ئۇنى ئۇنىڭدىن تەسىر ئالغۇدەك دەرىجىدە ۋايىغا يەتكۈزۈپ تىلاۋەت قىلىشى كېرەك. ھازىرقى مۇسۇلمانلار ھەممىدىن بەك قۇرئاننىڭ تەسىرىگە موھتاج. ئۇنىڭ مۆجىزىلىرىنىڭ ئەڭ سەرخىلى كىشىلەرنىڭ قەلبىگە تەسىر قىلىپ، ئۇنى ئۆزىگە قارىتىش مۆجىزىسىدۇر. شۇ سەۋەبتىن ئۆز ۋاقتىدىكى ئەرەب مۇشرىكلىرى تەۋەلىرىنى قۇرئاننى ئاڭلاپ قېلىشتىن توسقان. بىز قۇرئان كەرىمنىڭ ھاياتىمىزنى تۈپتىن ئۆزگەرتىۋېتەلەيدىغان دەرىجىدىكى زور تەسىرىگە ئېرىشەلمەستىن، ئۇنى قانچىلىك كۆپ تىلاۋەت قىلساقمۇ ئۇنىڭدىن كۆزلىگەن پايدىنى ئالالمايمىز. چۈنكى ئاۋۋالقى مۇسۇلمانلارنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرگەن نەرسە قۇرئان كەرىمنىڭ تەسىرى ئىدى. شۇڭا قۇرئان كەرىمنى تىلاۋەت قىلىشتىن بىرىنچى مەقسەت ئۇنىڭدىن تەسىرات ئېلىشتىن ئىبارەت بولۇشى لازىم.

قۇرئاننىڭ تەسىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇنى ئاز بولسىمۇ ھەر كۈنى تىلاۋەت قىلىپ تۇرۇشنى ئادەت قىلىش، تىلاۋەت قىلغاندا، تىنىچ ئورۇننى تاللاپ، ئۆزىگە ئاڭلانغۇدەك مىقداردا ئاۋازنى چىقىرىپ، ئالدىرىماي، مەنىسىنى چۈشىنىپ ئوقۇش لازىم. ئىمكانقەدەر قۇرئاننى يىغلاپ تۇرۇپ ئوقۇش تولىمۇ ياخشىدۇر. چۈنكى مۇنداق قىلىش ھېسسىياتنى ئۆرلىتىش، دىلنى يۇمشىتىش رولىغا ئىگە. بىرەر ئايەتتىن تەسىرات ھاسىل

---

[28] ئىمام تىرمىزىي رىۋايىتى.

قىلغان ۋاقتىمىزدا، شۇ ئايەتنى قايتا-قايتا ئوقۇشىمىز لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئەگەر ئۇلارغا ئازاب قىلساڭ، ئۇلار سېنىڭ بەندىلىرىڭدۇر. ئەگەر ئۇلارغا مەغپىرەت قىلساڭ، سەن غالىبسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇرسەن»[29] دېگەن ئايەتنى تەھەججۇد نامىزىدا بىر كېچە تەكرارلاپ چىققانلىقى رىۋايەت قىلىنغان.

قۇرئاننى ئوقۇش، يادلاش ، مەنىسىنى چۈشىنىش، ئۇنى باشقىلارغا ئۆگىتىش ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرىنى ئۆگىنىش ھەم ئەمەل قىلىش بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئىنسانلارنىڭ ئەڭ سائادەتمەنلىرى ۋە ئەڭ سەرخىللىرىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىڭلار قۇرئاننى ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەتكەنلەردۇر»[30] دەپ كۆرسەتكەن.

## مۇسۇلمانلارنىڭ شان – شەرىپى قۇرئان بىلەندۇر

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمنىڭ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن بەخت-سائادەتنىڭ مەنبەسى بولغىنىدەك، ئۇلارنىڭ شان-شەرىپىنىڭ ۋە ئىززىتىنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن سىلەرگە سىلەرنىڭ شان- شەرىپىڭلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتاب (قۇرئان)نى نازىل قىلدۇق. ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمەمسىلەر؟»[31].

ئاۋۋالقى مۇسۇلمانلار بارچە كۈچىنى قۇرئان كەرىمدىن ئالغان. ئۇلار قۇرئان كەرىمنىڭ نېمە مەقسەت بىلەن نازىل بولغان كىتاب ئىكەنلىكىنى تونۇغان ۋە ئۇنىڭ روھى بويىچە ئەمەل قىلغان. شۇڭا ئۇلارنىڭ سەلتەنىتى قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن ھالقىپ، ئۈچ قىتئەگە يۆتكەلگەن. ئۇلار دۇنيادا ئادالەت بىلەن ھەققانىيەتنى ئومۇملاشتۇرغان ئىدى.

ئەمما ئەپسۇسكى، ئىسلامنىڭ ئالتۇن دەۋرلىرىدىن كېيىنكى ۋە ھازىرقى مۇسۇلمانلاردا قۇرئان كەرىم ھازىر ۋە غائىب ھالەتتە بولۇپ قالغان. ھازىر دېگىنىمىز قۇرئان كەرىمنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدا، قارىيلارنىڭ دىلىدا بار ئىكەنلىكىنى، غائىب دېگىنىمىز قۇرئان كەرىمگە ئەمەل قىلىشنىڭ يوقالغانلىقىدىن ئۇنىڭ روھىنىڭ، مۆجىزىسىنىڭ ۋە ھاياتتىكى باشلامچىلىق رولىنىڭ بىزنىڭ ھاياتىمىزدا يوقالغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، بىز مۇسۇلمانلار قۇرئان ئوقۇپ ساۋاب تېپىشقا كۆپايە قىلىپ، ئۆزىمىزنى چوڭ ساۋابلىق ئىش قىلغانلار قاتارىدا ساناپ كېلىۋاتىمىز.

ئەللامە مۇھەممەد غەززالىي مۇنداق دېگەن: «بىز قۇرئاننى ھاياتىمىزدا ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدىغان ئېنېرگىيەگە ئايلاندۇرۇشىمىز لازىم. ئەمما ئۇنى ئۆيلەردە، دۇكانلاردا ۋە ئىش ئورۇنلىرىدا ساقلاپ تەۋەررۈك قىلىشقا ياكى قۇرئاننى ئېچىپ بىر ياكى ئىككى ئايەت ئوقۇپلا يېپىپ قويۇشقا بولمايدۇ»[32].

[29] سۈرە مائىدە، 118 ـ ئايەت.

[30] ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى.

[31] سۈرە ئەنبىيا، 10 ـ ئايەت.

[32] «كيف نتعامل مع القرآن» (قۇرئانغا قانداق

توغرا، قۇرئاننى ئوقۇپ قويغان بىلەنلا ئىش پۈتمەيدۇ، مەسىلە ھەل بولمايدۇ ۋە مەقسەت ئادا بولمايدۇ. چۈنكى ئەرەب تىلىدىكى «تىلاۋەت» سۆزى «تَلى، يَتْلُو» دېگەن سۆز يىلتىزىدىن چىققان بولۇپ، مەنىسى داۋاملاشتۇرۇش، ئارقىسىدىن يۈرۈش دېگەننى بىلدۈرىدۇ. ئەرەب تىلىدا، بىراۋ يەنە بىرىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭغاننى «يتلو» دەيدۇ. دېمەك، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش دېگەن بىر قانچە ئايەت ياكى بىر قانچە سۈرىنى ئوقۇپ قويۇش ئەمەس، بەلكى ئوقۇغاننىڭ مەنىسىنى بىلىپ، روھىغا ئەمەل قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇش، قۇرئاننىڭ كۆرسەتمىلىرى بويىچە ئىش كۆرۈشتىن توختاپ قالماسلىق دېگەننى ئىپادىلەيدۇ.

ئىمام ھەسەن بەننا مۇنداق دېگەن: «قۇرئان يۇقىرى ئۇپۇقتىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلبىگە تۇمار قىلىپ ئېسىۋېلىش ياكى مازار بېشىدا ئوقۇش ياكى مۇسىبەتلەردە تىلاۋەت قىلىش ياكى قارىيلارنىڭ دىلىدا، ياكى كىتاب ھالىتىدە ساقلاش ياكى ئۆزىنى يادلاپ ئەھكاملىرىنى تاشلاپ قويۇش ئۈچۈن نازىل بولغان كىتاب ئەمەس، بەلكى ئۇ ئىنسانىيەتنى بەختلىك ھاياتقا باشلاش ئۈچۈن نازىل بولغان كىتابتۇر. «سىلەرگە ئاللاھ تەرىپىدىن نۇر ۋە روشەن كىتاب كەلدى. ئاللاھ شۇ كىتاب ئارقىلىق رازىلىقىنى تىلىگەنلەرنى سالامەتلىك يوللىرىغا يېتەكلەيدۇ، ئىرادىسى بويىچە ئۇلارنى (كۇفرىنىڭ) قاراڭغۇلۇقىدىن (ئىماننىڭ) نۇرىغا چىقىرىدۇ ۋە ئۇلارنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلىدۇ»[33].

«ئاۋۋالقى مۇسۇلمانلار قۇرئان كەرىمنىڭ پەزىلىتىنى بىلگەن. شۇڭا ئۇلار ئۇنى ھاياتىنىڭ دەستۇرى ۋە قانۇن-تۈزۈملىرىنىڭ مەنبەسى، قەلبىنىڭ نۇرى، ئىبادەتلىرىنىڭ ئاساسلىقى قىلىۋالغان. ئۇلار قۇرئان كەرىمنى چۈشىنىپ ئوقۇش ۋە مەنىسىگە ئەمەل قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا قەلبىنى ئاچقان، ئۇنىڭ ئۇلۇغۋار ھەۋزى كەۋسىرىدىن قانغۇچە ئىچكەن، شۇنىڭ بىلەن روھىنى سۇغارغان. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۇلارغا دۇنيانىڭ سەلتەنىتىنى ئاتا قىلغان. ئاخىرەتتە بولسا ئۇلارغا يۇقىرى دەرىجىلىك جەننەتلەرنى ۋەدە قىلغان. ئەپسۇسكى، بىز ئۇلارغا ئوخشاش بولالمىدۇق، ئۇلارنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلالمىدۇق. بۇ سەۋەبتىن ھازىرقى ھالغا چۈشۈپ قالدۇق. دۇنيالىق ئىشلىرىدا ئاجىز، دىنىي ئىشلاردا زەئىپ بولۇپ قالدۇق»[34].

مۇئامىلە قىلىمىز؟) ناملىق ئەسەر، 59 ـ بەت.

[33] سۈرە مائىدە، 15 ـ 16 ـ ئايەتلەر.

[34] «نظرات في كتاب الله» (ئاللاھنىڭ كىتابى ھەققىدە ئىزدىنىش) ناملىق ئەسەرنىڭ 34 ـ بېتىدىن.

# قۇرئان ۋە ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىشنىڭ تارىخىي جەريانى توغرىسىدا



پروفېسسور دوكتور
نۇرئەھمەت قۇربان

**مۇقەددىمە**

ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى قۇرئان پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئۇلۇغ ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن مۇقەددەس كىتاب. ئۇنىڭ ئىنسانلارغا يەتكۈزۈلۈش جەريانى تەخمىنەن 23 يىلدەك داۋاملاشقان. ئۇ ئىلاھىي كىتابلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى ۋە ئىلگىرىكى بارلىق ئىلاھىي جۈغلانمىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن قىيامەت كۈنىگىچە كۈچكە ئىگە بولۇپ تۇرىدۇ. مەزمۇن جەھەتتىن، ئېتىقاد، ئەدەپ-ئەخلاق ۋە ئەمەل-ئىبادەتنىڭ پرىنسىپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ مەقسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن پەيغەمبىرىمىز ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان ياخشى كىشىلەرگە تەسەللى، ئىنكارچىلارغا ئاگاھلاندۇرۇش ۋە تەھدىت سۈپىتىدە ئۆتۈپ كەتكەن مىللەتلەرنىڭ قىسسىلىرىنى بايان قىلىنغان. ھەق دىنغا ئىشىنىشنى ئارزۇ قىلىدىغان بارلىق ئىنسانلارغا دۇنيادا بەخت-سائادەتلىك ياشاشنىڭ يولىنى كۆرسەتسە، ئاخىرەتتە ئالى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىشنىڭ كاپالىتى ھېسابلىنىدۇ.

تارىخىي جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا ئۆزى، ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن چۈشۈرۈپ بېرىلگەن قۇرئان ئايەتلىرىنى بىر تەرەپتىن يادلاشقا ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ۋەھىي كاتىپلىرىنىڭ خاتىرىلەپ مېڭىشىنى چىڭ تۇتقان. ھېچقانداق كام-زىيادە بولمىغان. ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن قۇرئان بەزى ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ قارىغۇلارچە ئىلگىرى سۈرگىنىدەك مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان ئىنسان ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلى بىر كىتاب ئەمەس. بۇنداق سەپسەتىلەر مۇسۇلمان بولمىغان، لېكىن ئىنسابلىق شەرقشۇناس تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىنمۇ رەت قىلىنغان بىر ھەقىقەتتۇر.

قۇرئان باشتا بىۋاسىتە قىلىنغان سۆزدىن تەركىب تاپقان بولغاچقا چۈشكەن مۇھىتتىكى

ئاڭلىغۇچىدا ئۆزگىچە تەسىر پەيدا قىلغان بولسا، كېيىنچە يېزىلىپ كىتابلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇنى ئوقۇغۇچىدا پەيدا قىلىدىغان تەسىرى ئالدىنقىسىدىن پەرقلىق بولغان. پەيغەمبەر دەۋرىدىن يىراقلاشقانسېرى ئوتتۇرىدىكى مۇساپە تېخىمۇ كېڭىيىپ بارغان. بۇنىڭدىن باشقا قۇرئاننىڭ زامانىۋى شەكلىدىكى كىتاب ئۇسلۇبىغا ئوخشىماسلىقىمۇ كېيىنكى دەۋردىكى تەپسىر ئىختىلاپلىرىنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بىرى بولۇپ ئالدىمىزغا چىقىدۇ. تېمىلىرى چېچىلاڭغۇ بىر ئۇسلۇبقا ئىگە بولۇشى ئۇنىڭ مەقسىتىنى بىۋاسىتە چۈشىنىشنى قىيىنلاشتۇرغۇچى ئامىللاردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، قۇرئان قىيامەت كۈنىگىچە ئوقۇلۇپ، ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىدا تەتبىقلىنىشى تەلەپ قىلىنغان ئىلاھىي بىر يولباشچى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەر دەۋردە مەنىسىنىڭ چۈشىنىلگەن بولۇشىنى تەقەززا قىلىدۇ. مانا مۇشۇنداق ھەم مەنىسىنى چۈشىنىش زۆرۈر بولغان، ھەمدە ئۇسلۇبى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان قۇرئان نازىل بولغاندىن تارتىپ مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىدا داۋاملىق مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلدى، ئۇنىڭغا تەپسىرلەر يېزىلدى. مۇسۇلمانلار ئائىلىسىنىڭ مۇھىم ئەزالىرىدىن بولغان شەرقىي تۈركىستان خەلقىمۇ بۇ ساھەگە ئاكتىپ تۆھپە قوشتى. ئەھمەد فەرىد، مۇھەممەد زىرىپ قارىم، سابىت داموللام قاتارلىق ئۆلىمالىرىمىزنى بۇ يەردە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ.

سۆز ھالىتىدىكى ۋەھيىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا باشتىن-ئاخىر سىستېمىلىق ھالدا تەپسىر قىلمىغان. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنىڭ بەزى تەشەببۇسلىرى مۇستەسنا ساھابىلەرمۇ ئولتۇرۇپ قۇرئانغا تەپسىر يازمىغان. بولۇپمۇ دەسلەپكى دەۋردە دىنىي ھۆكۈملەرنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ۋە ئىجرا قىلىنىشى دىنىنىڭ جانلىق مەنبەسى ھېسابلىنىدىغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوچۇق خىتاب خاراكتېرلىك كۆرسەتمىلىرى بىلەن بولغان.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى دەۋرىدە ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ تەشەببۇسى بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن كاتىپلارغا يازدۇرۇپ ساقلانغان قۇرئان نۇسخىلىرى بىر يەرگە جەملەنگەن. قۇرئان ھەزرىتى ئوسمان دەۋرىدە قولىمىزدىكى تەرتىپ بويىچە، مەزكۇر نۇسخا ئاساسىدا يېڭىدىن كۆچۈرۈلۈپ، فەتھى قىلىنغان شەھەرلەرگە ئەۋەتىلگەن. ساھابىلەردىن ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد ۋە كېيىنرەك ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن تەپسىر ھەرىكىتىنىڭ ئۇلى سېلىنغان. تابىئىنلار دەۋرىنىڭ

باشلىنىشى بىلەن تەپسىرچىلىك ھەرىكىتى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشقا باشلىغان. مانا شۇ تارىختىن باشلاپ دەۋرىمىزگىچە بولغان ئۇزۇن مۇساپىلەرنى بېسىپ ئۆتكەن قۇرئان كەرىمنى تەپسىر قىلىش ھەرىكىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىن ىىراقلاشقانسېرى يېڭىچە پىكىر ۋە كۆزقاراشلار بىلەن بېيىپ كەلدى. مېتود ۋە كۆزقاراشلارنىڭ پەرقلىق بولۇشىغا ئەگىشىپ، ئوخشاش بولمىغان ئېقىملار ۋە ئۇلارنىڭ تەپسىرلىرى ئوتتۇرىغا چىقتى.

بولۇپمۇ مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ ئەكسىچە، غەرب دۇنياسىدا 18-ئەسىردە مەيدانغا كېلىپ، ئىنسانىيەت تارىخىدا تېز سۈرئەتتە يېڭى بۇرۇلۇش پەيدا قىلغان ئاقارتىش ھەرىكىتى ۋە بۇنىڭغا ئەگىشىپ مۇسۇلمان خەلقلەرنىڭ تۈرلۈك ساھەلەردە بارغانسېرى مەغلۇبىيەتكە دۇچ كېلىشى پۈتۈن ئىسلام دىيارلىرىدا يېڭى پىكرىي ھەرىكەتلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا زېمىن ھازىرلىدى. مۇسۇلمان دىيارلىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغان كۈچلەر تەرىپىدىن مۇستەملىكە قىلىنىشى بەزى مۇسۇلمان زىيالىيلارنى ئويغا سالدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئوتتۇرىغا چىققان ئاكتىپ ياكى لىبىراللىزملىق چۈشەنچە مۇسۇلمان مۇتەپەككۇرلارنى يېڭى پىكرىي كېچىككە باشلاپ كىردى. ئەلۋەتتە، تەپسىرچىلىك ھەرىكىتىمۇ بۇ خىل ئۆزگىرىشلەردىن نېسىۋىسىنى ئالدى.

بىر بۇ ئەسەردە قۇرئان تەپسىرچىلىك ھەرىكىتىنىڭ ئۆتمۈشى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتكەندىن كېيىن، يېقىندىن بۇيانقى يۆنىلىشى، مېتودى ۋە نەتىجىلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقىمىز. شۇنداقلا يېڭىچە پىكىر ئېقىملىرىنىڭ تەسىرىنى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىن ئىزدەشكە تىرىشىمىز. بۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى تېڭىرقاش، بېكىنمىچىلىك، چەتكە قېقىش ۋە بەزى دىنىي ئاشقۇن پىكىرلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىدىكى تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشلەر قاتارلىق مەسىلىلەر ھەققىدىكى كۆزقاراشلىرىمىزنى ھۆرمەتلىك ئاڭلىغۇچىلار بىلەن ئورتاق قىلىشىمىز.

## 1-باب مۇناسىۋەتلىك ئۇقۇملار ھەققىدە

دىنىي تىلىمىزدا قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ مەنىسىنى يېشىپ بېرىدىغان ئىلىمنى كۆرسىتىدىغان بەزى ئاتالغۇلار مەۋجۇت. «تەپسىر» ۋە «تەئۋىل» دېگەن سۆزلەر ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغانلىرى ھېسابلىنىدۇ. بولۇپمۇ «تەپسىر» ئۇقۇمى بىلەن «تەئۋىل» ئۇقۇمى دىنىي ئىلىملەر ساھەسىنىڭ ئاچقۇچلۇق ئۇقۇملىرى ھېسابلىنىدۇ. «تەپسىر» دېگەن سۆزنى بىزنىڭ تىلىمىزدىكى «ئىزاھات بېرىش» ۋە «بايان قىلىش» دېگەن مەنىلەرگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

مەنبەلىرىمىزدە بۇ سۆزنىڭ ئۇقۇم مەنىسى ھەققىدە نۇرغۇن ئىختىلاپلار مەۋجۇت. ئىمام زەركەشىينىڭ ئېنىقلىمىسى قۇرئان كەرىمنىڭ مەنىلىرىنى ئىزاھلاش نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا تېخىمۇ روشەنلىككە ئىگە. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «تەپسىر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان ئاللاھنىڭ كىتابىنىڭ مەنىسى بىلدۇرۇلىدىغان، مەنىلىرى بايان قىلىنىدىغان ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈملىرى ئوتتۇرىغا چىقىرىلىدىغان بىر خىل ئىلىم».

«تەئۋىل» كەلىمىسى بولسا قۇرئاندا ۋە ئىسلامنىڭ دەسلىپىدە «تەپسىر» كەلىمىسىنىڭ مەنىسىگە يېقىن بىر مەنىدە ئىشلىتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇقۇم مەنىسى «كەلىمىنىڭ ئېھتىماللىقى بار مەنىلىرىدىن بىرىنى تاللاش» مەنىسىدە بولغانلىقى ئۈچۈن، «تەپسىر» كەلىمىسىگە قارىغاندا ھۆكۈم ئىپادىلەش جەھەتتە كەسكىنلىككە ئىگە ئەمەس. راغىب ئەل ئىسفەھانى ئېيتقاندەك، «تەپسىر» كەلىمىسى لەۋزلەرنى تەھلىل قىلىشتا ئىشلىتىلگەن بولسا، «تەئۋىل» مەنىلەرنى بېكىتىشتە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ئىمام ماتۇرىيدىي ئېيتقاندەك، «تەپسىر» كەلىمىسى تېكىستنىڭ لەۋزىدە مەقسەت قىلىنغان مەنىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشتا كەسكىنلىك ئىپادىلەيدۇ ۋە «بۇ ئاللاھنىڭ سۆزى» دەپ گۇۋاھلىق بېرىلىدۇ. تەپسىر قەتئىي دەلىللەرگە تايىنىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، راي بىلەن تەپسىر قىلغانلىق بولىدۇ ۋە بۇ پەقەتلا تەپسىرچىنىڭ سۆزى بولۇپ قالىدۇ. لېكىن «تەئۋىل» كەلىمىسىدە «مۇمكىن بولغان مەنىلەردىن بىرىنى تاللاش» مەنىسى بولغانلىقتىن، ھۆكۈمگە دالالەت قىلىش جەھەتتە كەسكىنلىك ئىپادىلىمەيدۇ. تەئۋىل ئارقىلىق بېرىلگەن خۇلاسە، كالامغا «بۇ ئاللاھنىڭ سۆزى» دەپ گۇۋاھلىق بېرىلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىمام ماتۇرىيدىي ئېيتقاندەك، قۇرئان نازىل بولغان شارائىتنىكى كەسكىن دەلىللەرگە تايىنىدىغان ساھابىنىڭ قۇرئانغا بەرگەن ئىزاھاتى «تەپسىر» بولىدۇ. كەسكىن مەلۇماتلارغا شاھىد بولمىغان كېيىنكى دەۋر ئۆلىمالىرىنىڭ قۇرئاننى ئىزاھلاش پائالىيىتى «تەئۋىل» بولىدۇ.

قەتئىيلىك ئىپادىلەش جەھەتتىن ساھابىلەر (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) تەپسىر قىلغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كەلگەن كەسكىن دەلىللىرى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ مەنىسىنى يېشىپ بېرىشتىن ساقلانغان. ئۆزلىرىنىڭ رايى بويىچە ھۆكۈم چىقىرىشنى توغرا تاپمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مىڭلىغان ساھابىسى بولغان بولسىمۇ، قۇرئاننى تەپسىر قىلغان ساھابىنىڭ سانى بارماق بىلەن سانىغۇدەك ئاز بولغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ مەشھۇرلىرىدىن ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد بىلەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش

يېتەرلىك.

## 2-باب تەپسىرچىلىكنىڭ تارىخىي جەريانى

ساھابىلەرنىڭ ئىچىدىن ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاقتىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان ئۇسۇللار بىلەن قۇرئان ئايەتلىرىنى ئىزاھلاشقا تىرىشقان. ئەرەب جاھىلىيەت دەۋرى ئەدەبىياتىنىڭ شېئىر، قىسسە، خەلق ئەدەبىياتى قاتارلىق ژانىرلىرىدىن ئاكتىپ پايدىلانغان. لېكىن ئۇنىڭ قەلەمگە ئالغانلىقى تىلغان ئېلىنغان تەپسىرى زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلمىگەن. بەزى پىكىرلىرى سەئىد ئىبنى جۇبەير، مۇجاھىد، ئىكرىمە، تاۋۇس بىن كەيسان ۋە ئاتا ئىبنى ئەبى راباھ قاتارلىق شاگىرتلىرى تەرىپىدىن نەقىل قىلىنغان بولۇپ، كېيىنكى دەۋر تەپسىر ۋە ھەدىس مەنبەلىرىدە كۆرۈلىدۇ. بولۇپمۇ تەپسىر ئىلمىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئۇلارنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ بولغان. قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا ساھابىدىن دەرس ئالغان تابىئىن ئالىملىرى تەپسىرچىلىك ھەرىكىتىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ قانات يايدۇرغان.

تۆت خەلىپە ۋە ئۇلاردىن كېيىنكى دەۋردە ئىسلام دۆلىتىنىڭ تېررىتورىيەسى كېڭىيىپ، ئەرەب بولمىغان نۇرغۇن خەلقلەر مۇسۇلمان بولغان. بەزىلىرى كېرەكلىك رەسمىيەتلەر تولەپ ئۆز دىنلىرىدا قېلىپ قالغان. دىنىنى ھىمايە قىلغۇچى ئالىملار بىر تەرەپتىن بۇ رايونلاردا يېڭىدىن ئوتتۇرىغا چىققان مەسىلىلەرگە چارە ئىزدىسە، يەنە بىر تەرەپتىن ناقىس ئىلمى بىلەن جامائەتنى قايمۇقتۇرىدىغان ياكى ئىسلامغا دۇشمەنلىك قىلىش ئۈچۈن دىندىن كەمچىلىك ئىزدەيدىغان كىشىلەر جاۋاب بېرىش ئۈچۈن كۈچ چىقاردى ۋە بۇ يولدا ئىزدەندى. مۇسۇلمان ئالىملار ھەم دىنىنىڭ ئاساسى بولغان قۇرئاننى ئىنسانلارغا توغرا رەۋىشتە يەتكۈزۈشى، ھەم يېڭىدىن ئوتتۇرىغا چىققان مەسىلىلەرنى قۇرئان ۋە سۈننەت چەك-چېگراسى ئىچىدە ھەل قىلىشى كېرەك ئىدى. مانا مۇشۇنىڭدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇلار قۇرئان تەپسىرىنىڭ ئەسلىدىكى ئۇسلۇبىنىڭ ئورنىغا يېڭى دەلىللەرنى پەيدا قىلىپ، قۇرئاننى دەۋرنىڭ شارائىتىغا ماس ھالدا ئىزاھلاشقا تىرىشتى.

ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىن يىراقلاشقانسېرى تەپسىرچىلىكتە تەئۋىل ھەرىكىتى مۇھىم ئورۇنغا ئۆتۈشكە باشلىدى. ئوخشاش بولمىغان سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئېتىقادىي، فىقھىي ۋە باشقا مەزھەپلەر شەكىللەندى. ھەربىر مەزھەپنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى كۆزقاراشلىرىنى قۇرئان ۋە سۈننەتتىن تاپقان دەلىللىرى بىلەن ئىسپاتلاشقا تىرىشتى. قۇرئان ۋە سۈننەتنى ئۆزلىرىگە ئوخشاش چۈشەنمەيدىغان كىشىلەر قاتتىق ئەيىبلەندى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنىڭ قۇرئان قىرائىتى ۋە تەپسىرى ساھەسىدە يېتىشكەن

ئەڭ چوڭ تالىپلىرىدىن مۇجاھىد ئىبنى جەبىر «مۇئتەزىلى»لىك بىلەن ئەيىبلەنگەن بولسا، ئىكرىمە «خاۋارىج»لىق بىلەن ئەيىبلەندى. ھەدىس ۋە تەپسىر راۋىلىرىنىڭ ئەڭ غوللۇق كىشىلىرىدىن سەئىد ئىبنى جۇبەير ئۇمەۋىيلەرنىڭ ئىراق ۋالىسى ھەججاج تەرىپىدىن كاللىسى ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈلدى.

زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن ئەڭ دەسلەپتە يېزىلغان تەپسىر ھىجرىيە كالېندارى بويىچە 80-يىلى تۇغۇلۇپ، 150-يىلى ۋاپات بولغان مۇقاتىل ئىبنى سۇلايماننىڭ تەپسىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئېتىقادىي جەھەتتىن «شىيئە»لىك، «مۇرجىئە»لىك ۋە بەزىدە «مۇشەببەھە»لىك قاتارلىق سۈپەتلەر بىلەن ئەيىبلەندى. ھەدىس ئۆلىمالىرى تەرىپىدىن «مەترۇكۇل ھەدىس (ھەدىسى قوبۇل قىلىنمايدىغان شەخس)» دەپ ئەيىبلىنىپ رىۋايەتلىرى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. مۇقاتىلدىن كېيىن سۇفيان سەۋرى (777/161-يىلى ۋاپات بولغان) نىڭ «تەپسىرۇ سەۋرى» دېگەن نامدا بىر تەپسىر يازغانلىقى مەلۇم. بۇ ئاساسەن رىۋايەت ئۇسۇلى ئاساس قىلىنغان تەپسىر دەپ قارىلىدۇ. لېكىن بۇ مۇپەسسىرمۇ «شىيئە» ۋە «زەيدىيە»لىك بىلەن ئەيىبلەنگەن. ئەينى يىللاردا ياشاپ ئۆتكەن مەشھۇر لۇغەتشۇناس يەھيا ئىبنى زىيا ئەلفەررا (823/207-يىلى ۋاپات بولغان) نىڭ «مەئانىل قۇرئان» ۋە ئەبۇ ئۇبەيدە مامەر ئىبنى ئەل مۇسەننا (826/210-يىلى ۋاپات بولغان) نىڭ «مەجازۇل قۇرئان» ۋە ئابدۇررازاق ئىبنى ھەممام (828/211)نىڭ تەپسىرلىرىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ. لېكىن بۇ دەۋردە يېزىلغان تەپسىرلەردە مۇئەللىپلەر قۇرئاننى ئاساسەن فىلولوگىيە نۇقتىسىدىن ئىزاھلاشقا كۆپرەك ئەھمىيەت بەرگەن. بۇ تەپسىرلەردە قۇرئان باشتىن باشلاپ ئاخىرىغىچە ئايەتمۇ ئايەت تەپسىر قىلىنماستىن، تەپسىرچىنىڭ قارىشىدا زۆرۈر دەپ قارالغان ئايەتلەرلا تەپسىر قىلىنغان. بۇ دەۋرنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى، ھەرخىل مەزھەپلەر ئوتتۇرىغا چىقىپ شەكىللىنىش باسقۇچىنى ئاخىرلاشتۇرۇش دەۋرىگە قەدەم قويغان بىر دەۋر ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇپەسسىرلەرمۇ دەۋرنىڭ مەسىلىلىرىگە ماسلىشىپ، تەپسىرچىلىكتە يېڭى مېتودلار بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان ئىدى.

قۇرئاننى فىلولوگىيە نۇقتىسىدىن ئوقۇغاندا ۋە تەپسىرگە دائىر قاراشلارنى مېتودلىرىغا قاراپ باھالىغان ۋاقتىمىزدا، بۇ ئېقىمنىڭ ئۇلىنى ئىبنى ئابباس ۋە تالىپلىرى قۇرغانلىقىنى ئېيتىش خاتا بولمىسا كېرەك. فىلولوگىيەلىك مېتود كېيىنچە «مۇئتەزىلە» ئېقىمىنىڭ ئاساسلىق مېتودىغا ئايلاندى.

«مۇئتەزىلە»لەر قۇرئاننى ئاساسلىق بەش پرىنسىپ بويىچە تەپسىر قىلىشنى تەكىتلەيدۇ. بۇنىڭ

بىرىنچىسى تەۋھىد؛ ئىككىنچىسى ئادالەت؛ ئۈچىنچىسى ۋەئىد (كەلگۈسىدە كىشىگە پايدا تېگىدىغان ياكى ئۇنىڭدىن زىيانلىق بىر ئىشنىڭ ساقىت قىلىنىشىنى بىلدۈرىدىغان خەۋەرلەر) ۋە ۋەئىيد (كىشىنىڭ كەلگۈسىدە زىيان تارتىدىغانلىقىنى ياكى بىرەر پايدىدىن مەھرۇم بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان خەۋەرلەر)؛ تۆتىنچىسى ھېچقايسى تەرەپكە تەۋە بولماي ئوتتۇرىدا قېلىش (ئەل مەنزىلە بەينەل مەنزىلەتەين)؛ بەشىنچىسى ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇش (ئەل ئەمر بىل مەرۇف ۋەننەھيى ئەنىل مۇنكەر) قاتارلىقلار. ئۇلار ئاساسەن قۇرئاننى مۇشۇ پرىنسىپلارغا چۈشۈرۈپ تەپسىر قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ھەدىسلەر، سۈننەت، مۇتەۋاتىر قىرائەتلەر مۇشۇ بەش پرىنسىپقا چۈشمىسە، ئەقلىنىڭ مۇتلەق كۈچىگە مۇراجىئەت قىلىپ تۇرۇپ ھەدىسلەرنى يا رەت قىلىدۇ، ياكى باشقا مەنىلەرگە بۇراپ ئىشلىتىدۇ، لۇغەتنىڭ تەئۋىلىگە تايىنىدۇ. ئېھتىياجلىرىغا قاراپ بەزىدە قىرائەتلەرنىڭ «مۇتەۋاتىر»لىرىنى تاشلاپ، مۇتەۋاتىر بولمىغانلىرىغا ئەمەل قىلىدۇ. ئەلۋەتتە، ئوتتۇرىغا چىقىشىدىن زامانىمىزغىچە بارلىق «مۇئتەزىلە» ئالىملار ئوخشاش بىر سىزىق ئۈستىدە ماڭمىغان. بەزىلىرى ئەھلى سۈننەت تەپسىر ئۇسلۇبىدىن بەكمۇ چەتنەپ كەتكەن بولسا، يەنە بەزىلىرى ئۇلارغا يېقىن بىر ئۇسلۇب بىلەن قۇرئاننى تەپسىر قىلىش يولىنى تۇتقان. مەسىلەن: ھەدىس، فىقھ ۋە باشقا دىنىي ئىلىملەرنىڭ ھەممىسىدە ئىجازەت ساھىبى بولغان ۋە «مۇئتەزىلە» مەزھىپىگە تەۋە زەمەخشەرىينىڭ «كەششاف» ناملىق تەپسىرى ئەھلى سۈننەت ئالىملىرىمۇ سۆيۈپ ئوقۇيدىغان ناھايىتى ياخشى تەپسىرلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

بۇ يەردە «خاۋارىج»لارنىڭ تەپسىر ئۇسلۇبلىرى ھەققىدىمۇ ئازراق توختىلىپ ئۆتۈش كېرەك. خاۋارىجلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ھەزرىتى ئوسمان دەۋرىدىكى بەزى سىياسىي مەسىلىلەرگە تاقىلىدۇ. ئۇلار ھەزرىتى ئەلىنىڭ سېپىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن خەلق ئىچىدە تونۇلۇشقا باشلىغان بولۇپ، كېيىنچە مۇسۇلمانلار رايونىدا تەسىرى خېلى كۆپ بىر سىياسىي مەزھەپكە ئايلانغان. قۇرئان ۋە سۈننەتنى ئەڭ ياخشى چۈشەنگەنلەرنىڭ ئۆزلىرى ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىش بىلەن ھەزرىتى ئوسمان، ھەزرىتى ئەلى ۋە «تەھكىم(تحكيم)» ۋەقەسىدە ھەزرىتى ئەلى تەرىپىدە تۇرغانلارنى كاپىر دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ. بۇ پىرقە ئىسلام ئۈممىتىنىڭ قۇرئانغا تايىنىشى كېرەكلىكى پرىنسىپىدا چىڭ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆزقارىشىدا قۇرئان مۇتلەق قانۇن ھۆكمىدە بولۇپ، ئۇنى تەئۋىل قىلىش ياكى تەپسىر قىلىش توغرا ئەمەس. ئۇنىڭ لەۋزى مەۋجۇدىيىتى ئۆزگەرمەس ھالدا ھەم ئېتىقاد، ھەمدە رىئال مەسىلىلەردە يېگانە

نىزام ھېسابلىنىدۇ. بۇ چۈشەنچە خاتا يولغا كىرمەي، ئىسلام دىنىنىڭ روھىنى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋە ئادالەتنى بەرپا قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ. ئادالەتنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن بارلىق ئىشلاردا ئاللاھنىڭ بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلىرىگە ماس ھالدا ھەرىكەت قىلىش شەرت. چۈنكى ھۆكۈم پەقەتلا ئاللاھقا خاس. بۇنىڭدىن قارىغاندا خاۋارىجلارنىڭ ھەرىكەت نۇقتىسى دۆلەتنىڭ ئەڭ مۇھىم پرىنسىپلىرىدىن بىرى بولغان، ئاللاھنىڭ ھۆكمىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىدىن بىرىنچى دەرىجىدە مەسئۇل بولغان خىلاپەت ئورگىنى ھېسابلىنىدۇ. خەلىپىلىك ئادىل، ئالىم ۋە زاھىد بولۇش شەرتى بىلەن ھەرقانداق ھۆر ياكى بىر قۇلنىڭ ھەققى. «ئەرەبلەردىن بولۇش، ھاشىمى ياكى ئەمەۋىيلەردىن بولۇش» دېگەن گەپلەر كۈچكە ئىگە ئەمەس. خەلىپە مۇسۇلمانلار ئىچىدە ئېلىپ بېرىلغان ئەركىن سايلام بىلەن بەلگىلىنىدۇ. توغرا يولدىن ئايرىلسا ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىنىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلىدۇ. خاۋارىجلارنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىنىڭ ئىككى تۈپ ئاساسى بار. بىرىنچىسى تەقۋا بولۇش، ئىككىنچىسى شىجائەتلىك بولۇشتىن ئىبارەت. شۇڭا ئىبادەتلەردە چىڭ تۇرۇش، دۇنيانىڭ ئەيش-ئىشرەتلىرىدىن ئۇزاق تۇرۇش، داۋاملىق قۇرئان ئوقۇش كېرەك. ياخشىلىقنى بۇيرۇيدىغان يامانلىقتىن توسىدىغان ئايەتلەرگە ئاكتىپ بويسۇنۇش كېرەك. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش قاراشلارنىڭ سىرتىدا ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بەزى ئاشقۇن پىرقىلەر يۈسۈف سۈرىسىنى «بىر ئاشىق ھېكايىسى» دەپ قاراپ، قۇرئاندىن ھېسابلىمىغان. يەنە ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاللاھنىڭ ئەرەب بولمىغان قەۋملەردىن ھەزرىتى مۇھەممەدنىڭ شەرىئىتىنى بىكار قىلىدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتىدىغانلىقىنى دەۋا قىلىدىغانلىرىمۇ بولغان.

بەزى تەرەپبازلىق قىلمايدىغان ئەھلى سۈننەت ئالىملىرى يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش يولدىن چىققان پىرقىلىرىدىن باشقا مۆتىدىل يول تۇتقان «خاۋارىج»لارنى «زالالەتتىكى بىر پىرقە» دەپ قارىغان، لېكىن ئۇلارنى كاپىر دەپ ھۆكۈم قىلمىغا ن .

«شىيئە»لەرمۇ يەنە ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە ئوتتۇرىغا چىققان ۋە ئۆزگىچە تەپسىر ئۇسلۇبىغا ئىگە پىرقىلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۆز ئىچىدە نۇرغۇن تارماقلارغا بۆلۈنىدىغان «شىيئە»لەر قۇرئاننى «ئىمامەت»، «ئىسمەت»، «مەھدىيلىك»، «رىجئەت» ۋە «تەقىيە» پرىنسىپلىرىغا ئۇيغۇن ھالدا تەپسىر قىلىش يولىنى تۇتىدۇ. «شىيئە»لەرنىڭ ئەڭ غوللۇق پىرقىسى بولغان «ئىمامىيە»نىڭ چۈشەنچىسىدە ۋەھيى ئىمام بىلەن داۋاملىشىدۇ. چۈنكى ئىسىم-سۈپىتى جەھەتتىن پەيغەمبەر بىلەن ئىمام

ئارىسىدا ھېچقانداق پەرق يوق. ئۇلارنىڭ تەپسىر چۈشەنچىسىدە ئايەتلەرنىڭ (باتىنىي)، يەنى ئىچكى مەنىلىرى ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىدا ئاللاھنىڭ قۇرئاننى نازىل قىلىشتىكى ئاساسلىق مەقسىتىمۇ مۇشۇنداق. ئاللاھ قۇرئاننىڭ تاشقىي (زاھىرىنى)، يەنى لەۋزى مەنىلىرىنى تەۋھىد، نۇبۇۋۋەت ۋە رىسالەتكە چاقىرىشقا، باتىنىي مەنىلىرىنى ئىمامەت، ۋىلايەت ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مەسىلىلەرگە خاس قىلغان، قۇرئاندىكى ئىنسانلارنى ماختايدىغان ئايەتلەرنىڭ ھەممىسى «شىئە» مەزھىپىنىڭ قۇرغۇچى ئىمام ۋە ئەگەشكۈچىلىرى ھەققىدە نازىل بولغان، تەنقىد قىلىدىغان ۋە ئەيىبلەيدىغان مەنىدىكى ئايەتلەرنىڭ ھەممىسى شىئە بولمىغان ياكى ئۇلارغا قارشى بولغانلار ھەققىدە نازىل بولغان. ھەتتا بەزى پىرقىلەرنىڭ چۈشەنچىسى بويىچە قۇرئان بىزگىچە تولۇق يېتىپ كەلمىگەن.

يۇقىرىدا بىز توختالغان تەپسىرلەردىن خېلى ئۇزۇن بىر مەزگىلدىن كېيىن تارىخچى مۇھەممەد ئىبنى جەرىر ئەتتەبەرىي (923/310) مۇپەسسىر سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقتى. ھەتتا ئۇنىڭ شۇ دەۋردىكى پۈتۈن مەزھەپلەردىن ئايرىلىپ، ئۆز ئالدىغا «جەرىرىيە» دەپ ئاتىلىدىغان بىر مەزھىپىنىڭ بارلىقى قەيت قىلىنىدۇ. لېكىن بۇ مەزھەپ زامانىمىزغىچە يېتىپ كېلەلمىگەن. ئۇ ھەدىس، فىقھى، قىرائەت قاتارلىق دىنىي بىلىملەردە مۇتەخەسسىس بولۇشتىن باشقا، ئەدەبىيات، تارىخ ۋە باشقا دۇنياۋىي بىلىملەر ساھەسىدىمۇ شاھادەتنامە ئالغان ناھايىتى كاتتا ئالىم ئىدى. ئۇنىڭ «جامىئۇل بايان فى تەئۋىلىل قۇرئان» ناملىق ئەسىرى تەپسىرچىلىك تارىخىدىكى رىۋايەت تەپسىرچىلىكى ئېقىمىنىڭ تىپىك ۋەكىللىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ دەۋردە رىۋايەت ئىلمىگە بولغان ئىشتىياق ئەۋج ئېلىشقا باشلىغان. لېكىن مۇپەسسىر تەپسىر ئېنسىكلوپېدىيەسى مەرتىۋىسىدىكى بۇ ئەسەرگە تەۋرات ۋە ئىنجىل ئەدەبىياتىدىن بەزى رىۋايەتلەرنىڭ سىڭىپ كىرىشىگە سەۋەب بولغانلىقى تۈپەيلىدىن تەنقىدكە ئۇچرىغان. بولۇپمۇ بىر قىسىم ھەدىس ئۆلىمالىرى ئىشەنچ قىلالمىغان بەزى كىشىلەردىن رىۋايەت نەقىل قىلغانلىقى ئۇنىڭ تەپسىرىنىڭ ئاجىز تەرەپلىرىدىن بىرى دەپ قارالغان، بەزى «ھەنبەلىي» سەلەفىيلەر تەرىپىدىن بىدئەتچىلىك بىلەن ئەيىبلەنگەن. ھەزرىتى ئەلىنى مەدھىيەلەيدىغان رىۋايەتلەرنى ئەسىرىدە نەقىل كەلتۈرۈشى ۋە پۇتقا مەسىھ قىلىشنى توغرا دەپ قارايدىغان كۆزقاراشلىرى سەۋەبىدىن «شىئەلىك» بىلەن ئەيىبلەنگەن. كىشىلەرنىڭ نېمە دېيىشىدىن قەتئىينەزەر، تەبەرىي مۇسۇلمان دۇنياسىدا ئۆتكەن ئەڭ كاتتا ئالىملاردىن ھېسابلىنىدۇ. تەپسىرى بولسا ئۆتمۈشتە يېزىلغان، سۆزلەنگەن ۋە رىۋايەت قىلىنغان

تەپسىرگە دائىر بارلىق كۆزقاراشلارنى ئۆزگە جەملىگەن ئەڭ مۇھىم تەپسىرلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. شۇنداقلا ھەرقانداق بىر تەپسىر تەتقىقاتچىسى ئىزدىنىشلىرى جەريانىدا مۇراجىئەت قىلمىسا بولمايدىغان ئەسەردۇر.

تەپسىر ھەركىتى تەبەرىيدىن كېيىن كېڭىيىپ داۋاملاشتى. نۇرغۇنلىغان ئەسەرلەر يېزىلدى، بەزىدە بىر-بىرىگە زىت پىكىرلەر ئوتتۇرىغا چىقتى، مەزھەپلەر كۆپەيدى. مەزھەپلەر كۆپەيگەنسېرى مەزھەپلەرگە تەۋە تەپسىرلەر يېزىلدى. كوننى قەدىرلەش ۋە ئۇنىڭغا ئىلاۋە، شەرھلەرنى يېزىش مۇسۇلمان ئىلىم دۇنياسىنى ئۇزۇن مۇددەت كونترول قىلىپ تۇردى. لېكىن كۈچ مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدا بولغانلىقى ئۈچۈن قۇرئاننى تەپسىر قىلىشتا يېڭى تۈيۈلىدىغان پىكىرلەر ئانچە ئوتتۇرىغا چىقمىدى. يېڭىلىق ئۈستىدە ئىزدەنگۈچىلەر كونسېرۋاتىپ پىكىر ئېقىمى ياكى ئۇلارنى قوللايدىغان دۆلەت رەئىسلىرى تەرىپىدىن چەتكە قېقىلدى. شۇنداق بولسىمۇ، ھەربىر مەزھەپنىڭ پېشۋاسى دەۋرىنىڭ يېڭىلىقچىسى، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا بىدئەتچىسى ھېسابلاندى.

مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆتمۈشىدە ئاز بولسىمۇ «ئىسلاھ»، «جەدىد»، «ئىھيا» ۋە باشقا ناملار بىلەن يېڭىلىنىش تەشەببۇسلىرىنى ئۇچرىتىشقا بولىدۇ. ھىجرىيە بىرىنچى ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئوتتۇرىغا چىقىپ، تالاش-تارتىش تېمىسىغا ئايلانغان قازا-قەدەر، يامانلىقنىڭ مەنبەسى مەسىلىسى، ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىنى ئىزاھلاش قاتارلىق تېمىلار ئۆز نۆۋىتىدە ئوتتۇرىغا تاشلانغان بىرەر يېڭىلىق ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل مەسىلىلەرنىڭ ئارقىسىدا قۇرئان ۋە سۈننەت ياتىدۇ. رەشىد رىزا ئىبنى ھەزم، ئىبنى تەيمىيە، ئىبنى ھەجەر، شاھ ۋەلىيۇللاھ دېھلەۋىي ۋە شەۋكانىينە بىرەر ئىسلاھاتچى دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئىمام غەززالىيمۇ دەۋرىنىڭ ئەڭ چوڭ ئىسلاھاتچىسىدۇر. ئۇنىڭ مۇسۇلمان دۇنياسىدا ئەتىۋارلاپ ئوقۇلىدىغان «ئىھيا ئۇلۇمىددىن» ناملىق ئەسىرى ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن بىر يېڭىلىنىش تەلىپىنىڭ ئىزھارى ئىدى. چۈنكى دىنىي ئىلىملەر ئۆلۈك ھالەتتە بولۇپ، ئۇ بۇ ئەسىرى بىلەن دىنىي ئىلىملەرنى يېڭىدىن تىرىلدۈرۈشنى مەقسەت قىلغان. ئوسمانىيلارنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە ئوتتۇرىغا چىققان «يېڭى ئىلمىي كالام» تەتقىقاتلىرىمۇ بىر خىل يېڭىلىنىش تەلەپلىرىنىڭ تىۋىشلىرى ئىدى. لېكىن بۇلارنى زامانىمىزدىكى يېڭىلىقچى قاراشلاردىن ئايرىپ مۇئامىلە قىلىش زۆرۈر.

بۇ يەردە تەپسىردىكى ئىختىلاپلارنىڭ سەۋەبى ھەققىدە بىر سوئال تۇغۇلۇشى مۇمكىن. بۇنىڭ سەۋەبىنى بىرقانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاپ چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ. بىرىنچىسى، قىرائەتتىكى

ئۇخشىماسلىقلاردىن كېلىپ چىققان ئىختىلاپلار. بىر كەلىمىنىڭ لۇغەت جەھەتتىن بىرنەچچە پەرقلىق مەنىدە ئىشلىتىلىشى ۋە بۇلاردىن بىرىنى تاللاشتىن كېلىپ چىققان ئىختىلاپلار، بەزى ئايەتلەرنىڭ مەنىسىدىكى مۇتلەقلىق ۋە نىسپىيلىك مەسىلىسى، ئايەتلەردىكى مۇھكەم ۋە مۇتەشابىھلىك مەسىلىسى، ئايەتلەرنىڭ تەپسىرلىرى ھەققىدە سەلەف-سالىھلەردىن ئۇخشىمىغان رىۋايەتلەرنىڭ نەقىل قىلىنغان بولۇشى ۋە تەپسىردە رىۋايەت بىلەن دىرايەت مېتودى ھادىسىسى قاتارلىقلار تەپسىردە ئۇخشاش بولمىغان كۆزقاراشلارنىڭ كېلىپ داۋاملىشىشىدىكى ئاساسلىق ئامىللار ھېسابلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ ھەم مىقدار، ھەمدە كۆزقاراش جەھەتتىن بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدىغان نۇرغۇن ئەسەرلەر ئوتتۇرىغا چىققان.

18-19-ئەسىرگە كەلگەندە بىر تەرەپتىن غەرب دۇنياسىنىڭ تېز سۈرئەتتە كۈچىيىشى، بۇنىڭ ئەكسىچە مۇسۇلمانلارنىڭ ھەر تەرەپتىن ئارقىغا چېكىنىشى نۇرغۇن يېڭى مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. ئەجنەبىي مەدەنىيەتنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ قېلىش خەلقنىڭ زىيالىيلىرى ۋە ئالىملىرىنى يېڭىدىن چىقىش يولى تېپىشقا قىستىدى. ھەر تەرەپتىن ئويغىنىش پىكرى كۈچىيىشكە باشلىدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئافرىقا ۋە ئاسىيا قىتئەسىنىڭ بەزى ئىلىم مەركەزلىرىدە قۇرئاننى يېڭىدىن ئوقۇشقا يۈزلىنىش دولقۇنى قوزغالدى. چۈنكى ئۇلارغا نىسبەتەن مۇسۇلمانلار قۇرئاننى ياخشى چۈشىنەلمىگەن ياكى ئۇنىڭغا ھەقىقىي رەۋىشتە ئەمەل قىلمىغان. بۇ دەۋردە ئوتتۇرىغا چىققان ئالىملاردىن كونا مىسىر مۇپتىيسى مۇھەممەد ئابدۇھ مۇھىم شەخسلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ مۇستەملىكىگە ئايلىنىپ قالغان مۇسۇلمان رايونلىرىنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنى تەقلىدچىلىك كىشەنلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇشنى، دىننى ئىختىلاپلار مەيدانىغا چىقمىغان دەۋردىكى سەلەفلەرنىڭ چۈشەنگەن شەكلى بويىچە چۈشىنىشنى ۋە كېيىنكى دەۋرلەردە يېزىلغان ئەسەرلەرنى تاشلاپ قويۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە يېزىلغان كىتابلارنى ئاساس قىلىشنى تەكىتلىگەن. بۇنى ئىجرا قىلىشتا دىن-ئەقىل مۇناسىۋىتىگە تايىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ھەققىدە كۆپ توختالغان. ئىلمى كالام تالاش-تارتىشلىرىنىڭ كېرەكسىزلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئاللاھنىڭ زاتى ھەققىدە ئەمەس، مەخلۇقلىرى ئۈستىدە توختىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ۋەھيىگە قارشى چىقىش سەۋەبىنىڭ مەسئۇلىيەتتىن قېچىش ئىستىكى ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. ئۇنى بەزىلەر «سەلەفىيە» مەزھىپىدە دەپ قارىسا، بەزىلەر «يېڭى مۇئتەزىلەنىڭ قۇرغۇچىسى» دەپ قارىغان.

مۇھەممەد ئابدۇھنىڭ نەزىرىدە تەپسىر كىتابلىرىدا قۇرئاننىڭ روھىغا ماس كەلمەيدىغان خاتا مەلۇماتلار كۆپ. شۇنداقلا ۋەھيىنىڭ باش تېمىسى لۇغەت خاراكتېرلىك تەھلىللەر ئىچىدە يوقاپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن قۇرئان ئىنسانلارنىڭ ھاياتىدىن ئايرىلىپ، ئۆلۈكلەرگە ۋە بىمارلارغا ئوقۇلىدىغان بىر كىتابقا ئايلىنىپ قالغان. ھالبۇكى، قۇرئاننىڭ ئاساسلىق نىشانى ئىنسانلارنىڭ ئىلمىي ۋە ئەخلاقىي سەۋىيەلىرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى ياخشىلاش ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئاندا فىقھىي مەسىلىلەر ئانچە كۆپ ئورۇن تۇتمايدۇ. ئۇ يەنە ئايەتلەرنى دەۋرىنىڭ ئىلمىي تەرەققىياتى بىلەن ماسلاشتۇرۇپ چۈشەندۈرۈشكە ناھايىتى كۈچىگەن. بۇ سەۋەبتىن جىنلارنىڭ مىكروبلارنىڭ بىر تۈرى ئىكەنلىكىنى، ئەبرەھە قوشۇنىنى تاش بىلەن ھالاك قىلغان قۇشلارنىڭ كېسەللىك توشۇغۇچى چىۋىنلارنىڭ بىر تۈرى ئىكەنلىكىنى، ئىنسانلارنىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن ئەمەس، خىلمۇخىل ئىنسان جىنسلىرىدىن مەيدانغا كەلگەنلىكىنى، ھەزرىتى مەريەمنىڭ ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ھامىلىدار بولۇشى بالىسى بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى ئىلاھىي خەۋەرگە بولغان كۈچلۈك ئىمانى شەكىللەندۈرگەن بىر خىل پىسخىكا ھادىسە ئىكەنلىكىنى ئالغا سۈرگەن.

19-ئەسىردە يېڭىچە پىكىر ئېقىملىرىنىڭ ئەڭ جانلىق ئېقىملىرىدىن بىرى ھىندىستان يېرىم ئاراللىدا ئوتتۇرىغا چىقتى. 18-ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدا ئىنگلىزلار ھىندىستان يېرىم ئارىلىنى بېسىۋالدى. شۇنداق قىلىپ بۇ رايون 1857-يىلىدىن كېيىن ئىنگلىزلارنىڭ بىر ۋىلايىتىگە ئايلىنىپ قالدى. بۇ رايوندا مۇسۇلمانلار بىلەن ئىنگلىزلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى تۈگىتىپ، ئىككى مىللەتنىڭ بىللە ياشىيالىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش مەقسىتىدە بۇ ۋەقەدىن كېيىن «جامائەتۇ ئەھلىززىكرى ۋەلقۇرئان» دېگەن ئىسىم بىلەن بىر پىكىر ئېقىمى ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇلارنىڭ قارىشىدا ئىنگلىزلاردىن قۇتۇلۇش تەس ئىدى. شۇڭا ئۇلار بىلەن زىددىيەتلىشىپ ئولتۇرماسلىق، زىددىيەتكە سەۋەب بولىدىغان ئايەتلەرنى يېڭىچە بىر ئاڭ بىلەن تەپسىر قىلىش كېرەك ئىدى. مۇشۇنداق قىلغاندا ئىنگلىزلار بىلەن تەڭ تۇرغىلى بولاتتى. مەنبەلەردە بۇلار بەزىدە «قۇرئانچىلار» دەپمۇ ئاتالدى. مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا پۈتلىكاشاڭ بولىدۇ، دەپ قاراپ، سۈننەتنى پۈتۈنلەي رەت قىلدى. قۇرئاننى ئاساسىي ئورۇنغا قويدى. بۇ ئېقىم ئاساسلىق ۋەكىللىرى بولغان سەيىد ئەھمەتخان، چىراغ ئەلى، چەكرالەۋىي، ئەھمەدۇددىن ئەمرەتسەرىي، مۇھەممەد ئەسلەم جەراپۇرىي ۋە غۇلام ئەھمەد پەرۋىزىي تەرىپىدىن داۋاملاشتۇرۇلدى.

قۇرغۇچىسى ئابدۇللاھ چەكرالەۋى ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئەھلى ھەدىس ئېقىمى ئىچىدە ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، كېيىنكى ھاياتىدا قاتتىق ھەدىس دۈشمىنى بولۇپ چىقتى. ئۇلارنىڭ كۆزقاراشلىرى دىنىنىڭ تۈپ مەنبەلىرىنى ياخشى بىلمەيدىغان كىشىلەر تەرىپىدىن ھازىرغىچە داۋاملاشتۇرۇلماقتا. بۇ مەزھەپكە ئەگەشكۈچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى دىنى بىلىمى ياخشى بولماسلىقى ۋە پىسخىك ئاجىزلىقلىرى تۈپەيلىدىن دىن نامىغا قىلىغان گەپلىرى بىلەن دىن دۈشمەنلىرىنىڭ دېيىغا ئۇسۇل ئويناپ قالغانلىقلىرىنى پەرق ئېتەلمىدى.

مەغلۇبىيەت پىسخولوگىيەسى ئىچىدىكى بەزى ئالىملارنىڭ كۆزقارىشىدا مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقىدا قېلىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب دىن ئىدى. بولۇپمۇ سۈننەت نامى بىلەن ئىسلامىي ھۆكۈملەرنىڭ ئىككىنچى مەنبەسى بولغان ھەدىسلەر ئۇلارنىڭ ئاساسلىق تەنقىد ئوبيېكتى ئىدى. ئەينى يىللاردا مىسىردا دوختۇر مۇھەممەد تەۋپىق سىددىقىمۇ «مەنار» ژۇرنىلىدا «ئەل ئىسلام ھۇۋەل قۇرئان ۋەھدەھ» ناملىق بىر ماقالىسىدە سۈننەتنى تامامەن رەت قىلدى. لېكىن بۇلارنىڭ پىكىرلىرى سىستېمىلىق ھالدا داۋاملاشمىدى. بۇ ئېقىم ئاساسەن ھىندىستانغا ئوخشاش كۆپ دىنلىق ۋە ئىنگلىز ھاكىمىيىتىگە كۆنۈپ قالغان رايوندا كۆپرەك قوللىغۇچى تاپلىدى.

پاكىستان مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن مەركەزلىرى پاكىستانىنىڭ لاھور شەھرىگە يۆتكەلدى. زۇلپىقار ئەلى بۇتتو زامانىدا كېيىنكى ۋەكىللىرىدىن ھېسابلىنىدىغان پەرۋىزى «ھەدىسلەرنى ئىنكار قىلدى ۋە ئىسلامنىڭ بەزى ئاساسلىق مەسىلىلىرىنى ئۆزگەرتىۋەتتى» دەپ قارىلىپ، مۇرتەد ۋە كاپىرلىقىغا ھۆكۈم چىقىرىلدى. بۇلار بەزى مەسىلىلەردە ئوخشىمىغان كۆزقاراشلارغا ئىگە بولسىمۇ، ھەممىسىنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى «سۈننەت ۋە ئىجتىھاد بىلەن ئەمەل-ئىبادەت قىلىش ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلىك، ھەزرىتى مۇھەممەدنىڭ قۇرئاندىن باشقا مۆجىزىسى يوق، پەرىشتە ۋە جىنلار ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت ئەمەس، جىبرىئىل جانلىق بىر پەرىشتە بولماستىن، ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ۋەھيى ئېلىپ كەلگەن بىر خىل روھانىي كۈچى» دەپ قاراشتىن ئىبارەت ئىدى. سەيىيد مەقبۇل ئەھمەدخاننىڭ قارىشىدا جەننەت، دوزاخ ۋە ئۇ يەردە يۈز بېرىدىغان بەزى ھادىسىلەر بىر خىل ئەدەبىي ئوخشىتىشتىن ئىبارەت ئىدى. ھەممىسى بىردەك قۇرئاندا ھۆكمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ئايەتلەرنىڭ بارلىقىنى (نەسخ) قوبۇل قىلمىغانىدى. قۇرئانچىلار مەزھىپى ئىچىدە ئىبادەتلەر ھەققىدىمۇ پەرقلىق كۆزقاراشلار مەۋجۇت ئىدى. خۇسۇسەن چەكرالەۋىيدىن كېيىن ناماز ۋاقىتلىرى، رەكئەت سانلىرى، ئادا

قىلىنىش شەكىللىرى ۋە ئەركانلىرى ھەققىدە ئۆزگىچە كۆزقاراشلار بار ئىدى. مەسىلەن: چەكرالەۋىي نامازنى كۈندە بەش ۋاق دەپ ئېيتقان بولسا، ئەھمەدۇددىن پەرز نامازنىڭ كۈندە ئىككى ۋاق ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. قۇرئاندا بولمىغانلىقى ئۈچۈن ھېيت نامازلىرى بىلەن جىنازا نامازنى ئوقۇش زۆرۈر ئەمەس ئىدى. پەرۋىزىينىڭ قارىشىدا زاكاتنى ئىسلام دۆلىتى يىغىشى كېرەك ئىدى، بۇنداق بىر دۆلەت بولمىسا زاكات پەرز بولمايتتى. بۇ ئېقىمدىكى كىشىلەردىن بەزىلىرى روزىنىڭ مۇددىتىنىڭ توققۇز كۈن بولسىمۇ بولىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەنىدى. ئۇلار مانا مۇشۇنداق ئىسلامىي قىممىتى بولمىغان سۆز-چۆچەكلىرى بىلەن كۈلكە-چاقچاق تېمىسى بولۇپ قېلىشۋەردى.

ھازىرقى زامان تەپسىرچىلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ خېلى كۆپ ساندىكىلىرى يۇقىرىدىكى پىكىردە بولسىمۇ، يەنە بىر قىسىم تەپسىرلەر مودېرنىزمنىڭ بەزى تەسىرلىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈۋېلىش بىلەن بىرگە، كونسېرۋاتىپ تەپسىرچىلىك ئېقىمىدىن چىقىپ كەتمىدى. ھىندىستان يېرىم ئارىلىدا مەۋدۇدىي، مىسىردا سەييىد قۇتۇب، تۈركىيەدە مۇھەممەد ھەمدى يازىر قاتارلىق بىر تۈركۈم تەپسىرچىلەرنى بۇنىڭغا مىسال قىلىپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ. خۇسۇسەن سەييىد قۇتۇب ئەسەرلىرىدە ھازىرقى زامان دۇنياسىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلىرىگە كاپىتالىزم ۋە كوممۇنىزمنىڭ چارە تاپالمىغانلىقىنى، ئەكسىچە يېڭى مەسىلىلەرنىڭ ئاساسىي مەنبەسىنىڭ مۇشۇ ئېقىملار ئىكەنلىكىنى، مەسىلىنى ئاساس قىلىشتىكى چىقىش نۇقتىسىنىڭ ئىسلام دىنى بولۇشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدى، غەرب سىستېمىسىنى تەنقىد قىلدى. بۇ جەھەتتە مۇھەممەد ئەسەد ۋە ئالېكس كارىلنىڭ كۆزقاراشلىرىدىن نەقىل كەلتۈردى. ئىسلامنىڭ سىياسىي روھىنى يېڭى بىر ئۇسلۇبتا، كۈچلۈك بىر تەرىقىدە ئوتتۇرىغا قويىدى. شەرىئەتنى ھەممە نىزاملاردىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويىدى، تەبلىغ چەكلەنگەن يەرلەردە جىھادنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئوتتۇرىغا قويىدى، يۇنان پەلسەپىسىنىڭ تەسىرىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقىدا قېلىشىنىڭ تۈپ سەۋەبى دەپ قارىدى، مۇسۇلمانلارنىڭ زامانغا باب كېلىدىغان، ئۆزىگە خاس يېڭى بىر تەپەككۇر شەكلىنى قۇرۇپ چىقىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى. ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە يازغان «فى زىلالىل قۇرئان» ناملىق ئەسىرى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئالاھىدە شۆھرەت تاپتى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ بۇ ئەسىرىدە مۇسۇلمانلار رايونىدىكى مۇستەملىكىچىلەرنى، غەرب ئەللىرىنىڭ مۇسۇلمانلار ئۈستىدىكى تەسىرىنى قاتتىق تەنقىد قىلىشى مەزلۇم مىللەتلەر

تەرىپىدىن ئالاھىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇشىغا تۈرتكە بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى «مەجەللەتۇسسەقافەتىل ئىسلامىيە» ژۇرنىلىنىڭ ھىجرىيە 1385-يىلى شەئبان ئېيىنىڭ 23-سانىدا بىر پەتىۋا چىقىرىپ، سەيىد قۇتۇبنى «‹يول بەلگىسى› ناملىق ئەسىرىدە خەلقنى پىتنە چىقىرىشقا كۈشكۈرتكەن، تارىختىكى ‹خاۋارىج›لارنىڭ يولىدىن ماڭغان» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئەيىبلىدى. بۇنىڭدىن باشقا ئۆزىنىڭ بەزى سەپداشلىرى تەرىپىدىنمۇ تەنقىد قىلىندى. شاھادەت كەلىمىسىنى ھاكىمىيەتكە باغلاپ چۈشەندۈرۈش، ئەمەلىسىز ئىمانىنىڭ كۈچكە ئىگە ئەمەسلىكى، زامانىمىزنىڭ ئىنسانلىرىنى جاھىلىيەت بىلەن ئەيىبلەش قاتارلىق پىكىرلىرى تەنقىدنىڭ ئاساسىي تېمىسى بولغان ئىدى. ۋەتىنىمىزگە ئوخشاش بەزى رايونلاردا زۇلۇمغا قارشى تۇرۇشتا ئىلھام مەنبەسى سۈپىتىدە رول ئوينىغان سەيىد قۇتۇپنىڭ پىكىرلىرى ھېلىھەم قىممىتىنى يوقاتقىنى يوق. چۈنكى ئۇ، تۈرمىدە قاتتىق ئازاب- ئوقۇبەتكە دۇچار بولسىمۇ، سەممىي بىر مۇسۇلمان كىملىكىدىن ۋاز كەچمىدى، قۇرئاننى چۈشىنىشتە دىنىنىڭ ئاساس ھالقىلىرىدىن چىقىپ كەتمىدى.

**3-باب شەرقىي تۈركىستان رايونىدا قۇرئان تەرجىمە ۋە تەپسىرلىرى**

شەرقىي تۈركىستان دىيارى شەخسلەر جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئىسلام بىلەن خېلى بۇرۇنلا تونۇشقان بولسىمۇ، جامائەت شەكلىدە ئىسلام بىلەن تونۇشۇشى كېيىنرەك ئەمەلىيلەشكەن، دەپ قاراشقا بولىدۇ. كۆپ سانلىقىنىڭ قارىشىدا «بۇ جەريان قاراخانىيلار دەۋرىدىن باشلانغان» دېيىلىدۇ. بىز مۇشۇ مەلۇماتنى قوبۇل قىلغان ۋاقتىمىزدىمۇ شەرقىي تۈركىستان دىيارىدا يېزىلغان بەزى دىنىي، ئەدەبىي ئەسەرلەردىن باشقا تەپسىر ساھەسىدە غوللۇق بىر ئەسەرنىڭ يېزىلغانلىقىنى ئاڭلاپ باقمىدۇق. بۇنىڭدىن ھەرگىزمۇ «شەرقىي تۈركىستان خەلقى دىندىن، بولۇپمۇ قۇرئاندىن خەۋەرسىز ئىدى» دېگەن مەنە چىقمايدۇ. چۈنكى «قۇتادغۇبىلىك» ۋە «ئەتەبەتۇلھەقايىق» قاتارلىق ئەسەرلەرگە قارىغان ۋاقتىمىزدا قۇرئان ئايەتلىرىدىن نەقىل قىلىنغان نۇرغۇن ئىبارىلەرنى كۆرىمىز.

شەرقىي تۈركىستان رايونىدا مۇسۇلمانلار رايونىدا تەسىر قوزغىغۇدەك بىر ئەسەرنىڭ يېزىلماسلىقىدا تۆۋەندىكىدەك سەۋەبلەر بولۇشى مۇمكىن:

بىرىنچىسى، ئەرەب ۋە پارس تىللىرىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچراپ كەتكەن يەرلىك ئالىملار مەزكۇر تىللاردا يېزىلغان ئەسەرلەردىن پايدىلىنىش بىلەنلا كۇپايىلىنىپ، يېڭىدىن ئەسەر يېزىپ چىقىشقا ئەھمىيەت بەرمىگەن بولۇشى

مۇمكىن.

ئىككىنچىسى، ئىران شىئە چۈشەنچىسىنىڭ تەسىرى بىلەن قۇرئانغا تەپسىر يېزىشتىن چەكلەنگەن بولۇش مۇمكىن. چۈنكى شىئە چۈشەنچىسىدە قۇرئاننىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى پەقەت ئىماملارلا بىلىدۇ، پەقەت ئۇلاردىن نەقىل قىلىنغان رىۋايەتلەرگىلا ئىشىنىشكە بولىدۇ. تەپسىرنى نەسەبى ھەزرىتى ئەلىگە تۇتىشىدىغان بىر ئىمام ياكى بىر ئالىم يېزىشى كېرەك. دەرۋەقە يېقىنقى زامان ئۇيغۇر مۇئەللىپلىرىدىن مۇھەممەد قاسىم داموللامنىڭ ئىپىتىشىچە، ئۆز زامانىسىدا بەزى مۇتەئەسسىپلەرنىڭ قارىشىدا قۇرئاننى تەپسىر قىلىش جائىز ئەمەس ئىدى. ئۇنى پەقەتلا بىر پەيغەمبەر ياكى راشىد خەلىپىلەردىن بىرى ۋە ياكى مەشھۇر ئىماملاردىن بىرى تەپسىر قىلىش كېرەك ئىدى. سۈننەتتىمۇ نەسەبلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تۇتىشىدىغان ئەھلى ئىلىملەردىن ئۆگىنىشكە بولاتتى. ئەكسىچە ھەرىكەت قىلغۇچىلار كاپىر ۋە زىندىق ھېسابلىناتتى. شۇڭلىغا ئەگىشىپ شەرقىي تۈركىستاندا خۇراپىي ئەقىدىلەر ناھايىتى كۆپىيىپ كەتكەن.

ئۈچىنچىسى، قاراخانىيلار ۋە سەئىدىيە خانلىقىنىڭ بىر قانچە يۈز يىللىق تارىخىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، شەرقىي تۈركىستاندا داۋاملىق ئىچكى ۋە تاشقى زىددىيەتلەر ئۇزۇلمەي داۋاملاشقان. شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئىنسانلارنىڭ ھاياتى ئۇرۇش ۋە كۆچمەنلىك ھاياتى ئىچىدە ئۆتكەن. قىسقىسى، جەمئىيەت مۇقىم بولمىغان. بۇنداق شارائىتتا چوڭ ھەجىملىك بىر ئەسەرنىڭ يېزىلىشى قىيىن.

پەقەت 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ ئانا تىلدا ئەسەر يېزىش مۇسۇلمان رايونلىرىدا بازار تېپىشقا باشلىغان. مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە شەرقىي تۈركىستاندىمۇ بەزى ئالىملار چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا ئەسەر يېزىشقا ئاتلانغان. بەزىلىرى ئىجادىيەتلىرى بىلەن يەرلىك خەلقنى ئويغىتىپ، زۇلۇمغا قارشى ھەرىكەتكە ئۆتۈشكە چاقىرسا، يەنە بەزى دىنىي ئالىملار ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئىنسانلارنى خۇراپىي ئەقىدە ۋە بۇزۇق ئەخلاقلاردىن قۇتۇلدۇرۇشنى، ئىسلام دىنىنى ئىشەنچلىك مەنبەلەردىن توغرا رەۋىشتە ئۆگىتىشنى مەقسەت قىلغان. ھەر تەرەپنىڭ ئورتاق نىشانى بولسا شەرقىي تۈركىستاننى مۇستەقىل بىر دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت بولغان. دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان، لېكىن بىزنىڭ ۋەتىنىمىزدىكى ئانا ئېقىمغا ماس كەلمەيدىغان پىكىر ۋە چۈشەنچىلەرگە يېقىن كەلمىگەن. ئۇلارنىڭ قارىشىدا ئالدى بىلەن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ بىر بولۇپ، ئۆملۈك ئىچىدە خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى ۋەتەندىن قوغلاپ چىقىرىش كېرەك ئىدى. دىن نامىغا

جەمئىيەتتە ئىقىپ يۈرگەن كىچىك مەسىلىلەرنى مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن چىرايلىقچە ئولتۇرۇپ ھەل قىلىشقا بولاتتى. ناھايىتى ئەپسۇسكى، چەت ئەلگە چىقىپ كۆزى ئېچىلغان بەزى «ئىسلامچى»لىرىمىز مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا، سابىت داموللام، يېقىنقى دەۋردە بولسا 1993-يىلى قاغىلىقتا ۋاپات بولغان ئابدۇلھەكىم مەخسۇم قاتارلىق ئۇلۇغ ئالىم ۋە سىياسەتچىلىرىمىزنىڭ تەجرىبىلىرىگە ئېتىبار بەرمەي، خىتاي ھاكىمىيىتى پۇل بېرىپ پارچىلىيالماي كېلىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئىچىدە پىتنە-پاساتنىڭ رولچىلىرىغا ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ.

ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندا ياشىغان ئىسلام مۇتەپەككۇرلىرىدىن بەزىلىرى 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قۇرئاننى يەرلىك تىلدا تەرجىمە قىلىپ چىقىشقا ئۇرۇنغان. بەزى ئەسەرلەردىن ھۆسەيىنخان تەجەللىنىڭ قۇرئاننى كېيىنكى دەۋر ئۇيغۇر چاغاتاي تىلىغا تەرجىمە ۋە تەپسىر قىلغانلىقىنى بىلەلەيمىز. لېكىن بۇ ئەسەر بىزگىچە يېتىپ كەلمىگەن. مەشھۇر تاتار ئالىمى مۇھاجىر مۇھەممەد رەمزىنىڭمۇ چۆچەكتە قۇرئاننى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغانلىقى مەلۇم. لېكىن بۇ ئەسەر روياپقا چىقماستىنلا يوقاپ كەتكەن. قولىمىزدا مۇئەللىپى مەلۇم بولمىغان بەزى قىسقا سۈرىلەرنىڭ تەپسىرلىرى بار. بولۇپمۇ گۇننار يارىڭ ئارخىپلىرىدا ساقلىنىۋاتقان قىسقا سۈرىلەرنىڭ بىر پارچە تەپسىرى تەتقىق قىلىنىشقا ئەرزىيدىغان ئەسەرلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

بۈگۈن قولىمىزدا تاتار مۇھاجىرلىرىدىن ئەھمەد فەرىد ئاباسىنىڭ ئىككى توملۇق بىر تەپسىرى مەۋجۇت. ئەسلىدە ئۇ، قۇرئاننى باشتىن-ئاخىر تەرجىمە قىلىپ تۈگەتكەن بولسىمۇ، بىزگە ئۇنىڭ پەقەت بىر بۆلۈمىلا يېتىپ كەلگەن. ئۆزگىچە ئۇسلۇب بىلەن يېزىلغان بۇ تەپسىردە ھازىرقى زامان مىسىر تەپسىر ئېقىمىنىڭ ئىزلىرىنى ئوچۇق-ئاشكارا كۆرۈشكە بولىدۇ. مۇئەللىپىنىڭ تەپسىرنى ئىشلەش جەريانىدا دۇنياۋى بىلىملەرنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدىن ناھايىتى كۆپ پايدىلانغان. ئۇ كىلاسسىك تەپسىر ئېقىمىدىكى نۇرغۇن كۆزقاراشلارنى قوبۇل قىلمايدۇ.

يۇقىرىقىدىن باشقا مۇھەممەد زىرىپ قارىھاجىمنىڭ قۇرئان تەپسىرىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ. بۇنى شەرقىي تۈركىستان ئۆلىماسى تەرىپىدىن قەلەمگە ئېلىنىپ زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن ئەڭ تولۇق تەپسىر دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئۇ تەپسىردە ئاساسەن مۇھەممەد ئابدۇھنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى روشەن كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: قۇرئاندا مەنسۇخ ئايەتلەرنىڭ بارلىقىنى قوبۇل قىلمىغان، فىقھىي جەھەتتىن بىر

مەزھەپكە تەۋە بولمىغان. ئىبنىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قايتا پەيغەمبەر بولۇپ كېلىدىغانلىقىنىمۇ ئىنكار قىلغان. بۇنىڭدىن سىرت ھازىرقى زامان تەپسىر ئېقىمىدىن نۇرغۇن جايلاردا پايدىلانغان ۋە ئۇلاردىن نەقىل كەلتۈرگەن. ئۇ، 1933-قەشقەردە قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەدلىيە مىنىستىرى ۋە كېيىنكى يىللاردا يەنە نۇرغۇن سىياسىي ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن زىرىپ قارىھاجىمنىڭ مۇشۇنداق ئەھلى سۈننەت ئىسلام چۈشەنچىسىنىڭ بەزى پىرىنسىپلىرىغا زىت كۆزقاراشتا بولۇشى ۋەتىنىمىزدىكى دىنىي ئاڭنىڭ ئاللىبۇرۇن ھازىرقى زامان ئىسلام پىكىر ئېقىمىنىڭ تەسىرىگە ماسلىشىپ بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن يېڭىچە سىناق كۆزقاراشلىرىنى دۆلەت قۇرۇش يولىدا توسالغۇ قىلمىغان.

ئىشەنچلىك مەنبەلەردە سابىت داموللامنىڭمۇ بىر قۇرئان تەپسىرى يازغانلىقى مەلۇم. لېكىن بۇ تەپسىرىنىڭ ئاخىرقى بىر پارىسىلا زامانىمىزغا يېتىپ كەلگەن. داموللامنىڭ باشقا ئەسەرلىرىنى ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا ئۇنىڭمۇ مۇھەممەد ئابدۇھ ۋە ئۇنىڭ ئېقىمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز. ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرىگە قايتىشنى قاتتىق تەشەببۇس قىلغان سابىت داموللامنىڭ شۇ دەۋر سەلەفىيلىرىدىن ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلىش مۇمكىن. لېكىن فىقھىي مەسىلىلەردە ھەنەفىيلىكنى تاللىشى ئۇنىڭ ھەممە پىكىر ئېقىملىرىنى رەت قىلىدىغان مودېرن سەلەفىيلىك ئەمەس، ئەبۇ ھەنىفەدىن باشلاپ ئۇلى سېلىنغان كىلاسسىك سەلەفىيلەرنىڭ يولىدا ئىكەنلىكى ئاشكارا. بۇ ئەينى زاماندا ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا قورشاۋى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان جەدىدىزىمچى ئۆلىما تەرىپىدىن تەرغىب قىلىنىۋاتقان بىر يول ئىدى.

ھەممىگە مەلۇمكى، مەملىكىتىمىزدە كوممۇنىست تۈزۈم ئاستىدا قۇرئاننىڭ تەرجىمىسى ئىككى قېتىم بېسىپ تارقىتىلدى. بۇنىڭ بىرى مۇھەممەد سالىھ قارىھاجىم تەرىپىدىن قىلىنغان تەرجىمە بولۇپ، مەزكۇر ئەسەر 1986-يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن بىرىنچى قېتىم بېسىلدى. بۇ ئەسەر 1992-يىلى سەئۇدى ئەرەبىستاندا ئىككىنچى قېتىم قايتا بېسىلدى. 1994-يىلى يەنە ئەرەبىستاندا ئۈچىنچى قېتىم بېسىلدى. ئوخشاش ئەسەر 2017- ۋە 2018-يىلى تۈركىيە دىنىي ئىشلار نازارىتى تەرىپىدىن ئۇدا ئىككى قېتىم بېسىلىپ تارقىتىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا مۇھەممەد سالىھ قارىھاجىمنىڭ ئۆز دەۋرىدە «تەپسىرۇل قۇرئانىل كەرىم» ئىسمى بىلەن قۇرئاننىڭ ئاخىرقى ئىككى پارىسىنىڭ تەپسىرى نەشر قىلىندى.

ۋەتەن ئىچىدە تەرجىمە قىلىنىپ

نەشىر قىلىنغان ئىككىنچى تەرجىمە بىر ئىلمىي ھەيئەت تەرىپىدىن تەييارلانغان ۋە 2012-يىلى «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى» تەرىپىدىن بېسىپ تارقىتىلغان «قۇرئان كەرىم ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى» بولۇپ، بىر قەدەر يېڭى ئۇسلۇب بويىچە قىلىنغان بۇ تەرجىمە ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنى يەنە بىر قېتىم سۆيۈندۈردى.

ۋەتەن سىرتىدا يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان نۇرغۇنلىغان دىنىي ئەسەرلەر نەشر قىلىندى. مۇشۇنىڭغا ئەگىشىپ قۇرئان ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بەزى ئەسەرلەر يېزىلدى ياكى تەرجىمە قىلىندى. بۇلاردىن بىرى ئەنەس ئالىمئوغلى تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنىپ، 2018-يىلى «سۇلايمانىيە ۋەقفى نەشرىياتى» بېسىپ تارقاتقان «قۇرئان كەرىم ۋە ئىزاھلىق تەرجىمىسى» دېگەن ئەسەر. بۇ ئەسەرنىڭ پايدىلانغان مەنبەلىرىنىڭ كەڭ بولۇشى ھەمدە ئەركىن دۇنيادا يېزىلغان بولۇشى تەرجىمىنى تېخىمۇ ئۆزگىچىلىككە ئىگە قىلغان. ھازىر يەنە چەت ئەلدە ئوقۇپ يېتىشكەن مول ھوسۇللۇق ئالىملىرىمىزدىن مۇھەممەد يۈسۈپ قارىھاجىمنىڭ بىر تەرجىمىسى ۋە تەپسىرى يورۇق كۆردى.

### خۇلاسە

بىز بۇ ئەسەردە تەپسىر ھەرىكىتىنىڭ يىراق ئۆتمۈشىدىن باشلاپ ھازىرغىچە بولغان ئەھۋالىنى بۇ بىر قانچە مىنۇتلۇق لېكسىيەدە خۇلاسىلەشكە تىرىشتۇق. بۇنىڭ ئانچە ئاسان بىر ئىش ئەمەسلىكى ھەممىمىزگە مەلۇم. يۇقىرىقىلاردىن مەلۇم بولغىنىدەك، تەپسىر ھەرىكىتى باشتا بىرقانچە ساھابىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، پەقەتلا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن نەقىل قىلىنغان رىۋايەتلەرگىلا تايانغان. كېيىنچە ئۇنىڭ ئورنىنى تەئۋىل ئەدەبىياتى ئىگىلەشكە باشلىغان. قۇرئاننىڭ مەنىسىنى يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن دەسلەپكى دەۋردە ئىشلىتىلمىگەن نۇرغۇن ئامىللار دەلىل قىلىپ ئىشلىتىلىشكە باشلىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىن يىراقلاشقانسېرى مەسىلىلەر كۆپەيگەن. مەسىلە كۆپەيگەنسېرى ئۇنى ھەل قىلىشنىڭ خىلمۇخىل يوللىرى پەيدا بولغان، شۇنىڭ بىلەن ئوخشىمىغان مەزھەپلەر شەكىللەنگەن. ھەممە مەزھەپ ئۆزلىرىنىڭ پىكرىنى قۇۋۋەتلەندۈرۈش ئۈچۈن قۇرئاندىن دەلىللەرنى ئىزدەشكە باشلىغان. بەزىلىرى سىياسىي كۈچنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن بولسا، يەنە بەزىلىرى ئاللىبۇرۇن تارىخ سەھنىسىدىن چۈشۈپ قالغان.

19-ئەسىرنىڭ ئالدى-كەينىدە مۇسۇلمان رايونلىرىنىڭ كۆپىنچىسى غەرب ۋە باشقا غەيرى مۇسۇلمان ئەللەرنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ قالغان. شۇنىڭغا ئەگىشىپ مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ كەتكۈزۈپ قويغان تەرەپلىرى ئۈستىدە

باش قاتۇرۇشقا باشلىغان. بىر قىسىم زىيالىيلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقىدا قېلىشى ياكى مۇسۇلمان بولمىغان دۆلەتلەرنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قېلىشىدىكى تۈپ سەۋەبنى «ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئانغا ئەمەل قىلىنمىغان ياكى توغرا چۈشىنىلمىگەنلىكتىن بولغان» دەپ، بۇ كىتاب ئۈستىدە يېڭىدىن ئىزدىنىشكە باشلىغان. شۇنىڭ بىلەن تەپسىرچىلىك ھەركىتىدە يېڭى سەھىپىلەر ئېچىلىشقا باشلىغان. ئۇلارنىڭ نۇرغۇن پىكىرلىرى كونىچە ئېقىم تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنمىغان. مۇسۇلمانلارنىڭ كونا ئادەتلىرى بويىچە بەزى مۇئەللىپلەر دىنىدىن چىقىرىۋېتىش دەرىجىسىدە تەنقىدكە ئۇچرىغان. لېكىن كونىلىق تەرەپدارلىرىمۇ ھازىرقى زامان دۇنياسىنىڭ ئىلمىي تەرەققىياتى ۋە شەرت-شارائىتلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماي قالمىغان.

بۇ ئۈستىدە توختالغان ئاساسلىق تېمىلاردىن بىرى شەرقىي تۈركىستان دىيارىدا يېزىلغان قۇرئان تەرجىمىلىرى ۋە تەپسىرلىرى ھەققىدە بولىدى. شۇنى ئۇنتۇماسلىق لازىمكى، قۇرئان تەرجىمىلىرى ھەرگىزمۇ قۇرئاننىڭ مەنىسىنىڭ ئۆز ئەينىسى ئەمەس. مۇئەللىپلەرنىڭ ھېچبىرى بۇنى دەۋا قىلمايدۇ. تەرجىمىلەر كەلىمىلەرنىڭ لۇغەت مەنىلىرىنى نىشان ئوبيېكتى قىلغان تىلدا ئەكس ئەتتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھەربىر تەرجىمە بىر تەپسىر ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ مىساللىرى ئەرەب تىلىدىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. تىلنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە لۇغەت تەركىبىنىڭ خىلمۇ خىللىقى بەزى ئىختىلاپلارنى تۇغدۇرۇشى مۇقەررەر. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان نازىل بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەستىن يېزىلىشقا باشلىغان تەپسىر كىتابلىرى قىيامەت قايىم بولغانغا قەدەر يېزىلىپ تۇرىدۇ. بولۇپمۇ ئىلىم-پەن ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان، شۇنىڭغا تايىنىپ ئىلىمگە ئېرىشىش ئاسانلىشىۋاتقان بۇ دەۋردە تەپسىر ۋە تەرجىمە پائالىيىتىنىڭ خىلمۇ خىللىقىغا قارشى تۇرۇشنىڭ ئورنىغا، ئۆزىمىزگە باب كەلگىنىگە ئەگىشىپ مېڭىش، مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى ھەققىدە باش قاتۇرۇش كېرەك. پىكىر ئىختىلاپلىرىنى زىددىيەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، مۇسۇلمانلارنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى بۇزۇشنىڭ ئورنىغا، بۇنداق ئىختىلاپلارنى ئۈممەتنىڭ ئىچىدە بىر بايلىقا ئايلاندۇرۇش كېرەك. بولۇپمۇ بىزگە ئوخشاش ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئاسارەتتە ياشاۋاتقان خەلقنىڭ زىيالىيلىرى دىنىي جەھەتتىن ھېچقانداق پايدا ئېلىپ كەلمەيدىغان كىچىك مەسىلىلەرنى كۆتۈرۈپ چىقىپ خەلقنىڭ بىرلىكىنى بۇزىدىغان، كۆڭۈل ئاغرىقى تېرىپ ئىنسانلارنى بىئارام قىلىدىغان ھەرىكەتلەردىن ساقلىنىشى ناھايىتى زۆرۈر دەپ قارايمەن. ئىشنىڭ ئەرىبابى بولمىسا ئۇ ساھەدە ئۆزىچە كەسكىن

ھۆكۈملەر ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ساقلانغان تۈزۈك.

## پايدىلانغان مەنبەلەر


أحمد بن محمد بن أبي بكر بن خلكان، وفيات الأعيان وأنباء أبناء الزمان، الناشر: دار صادر–بيروت، سنة النشر: 1972، المجلد الثاني، ص: 371–375.

أثير الدين أبو حيان محمد بن يوسف بن علي بن يوسف الأندلسي، البحر المحيط في التفسير، المحقق: صدقي محمد جميل، دار الفكر، ص: 26.

محمد بن عبد الله الزركشي بدر الدين، البرهان في علوم القرآن، المحقق: أبو الفضل الدمياطي، دار الحديث، 2006/1427، ص: 22.

الراغب الأصفهاني، مفردات ألفاظ القرآن، دار القلم، سنة النشر: 1430–2009.

يالقۇن روزى، «سابىت داموللا كىم»، شىنجاڭ تارىخ مەدەنىيىتى ژۇرنىلى، 2011 -يىلى 45-سان، 80-95-بەتلەر.

محمد حسين الذهبي، التفسير والمفسرون، دارالأرقم، بيروت، 1/241–249.

محمد قاسم أمين، تركستان الشرقية فى عهد ملك الطوائف وفي واقت الحاضر، تكلماكان نشرياتى 2000، ص: 2.

Abdülhamit Birışık, "Kurâniyyun", İslam Ansiklopedisi, yıl: 2002, cilt: 26, sayfa: 428-429;

----------, Abdülhamit Birışık, "Tefsir", yıl: 2011, cilt: 40, sayfa: 287-290.

Ahmet Temir, "Doğumunun 130. Ve Ölümünün 50. Yılı Dolayısıyla Kazanlı Tarihçi Murad Remzi, Belleten, Ankara, 1986, C: L, sayı: 197, s. 502.

Ali Merad, "Islah", yıl: 1999, cilt: 19, sayfa: 143-156.

Ethem Ruhi Fığlalı, "Hâricîler", Diyanet İslam Ansiklopedisi, yıl: 1997, cilt: 16, sayfa: 169-175.

Ersoylu, Halil, Kutadgu Bilig'de Kur'an-ı Kerim Ayetlerinden İlhâmlar, Türk Dünyası Araştırmaları, 1981, sayı: 15, s. 17-41.

Hilal Görgün, "Seyyid Kutub", İslam Ansiklopedisi, yıl: 2009, cilt: 37, sayfa: 64-68.

İsmail Cerrahoğlu, Tefsir tarihi, c. I, s. 198;

M. Sait Özvarlı, "Muhammed Abduh", İslam Ansiklopedisi, yıl: 2005, cilt: 30, sayfa: 482-487

Muhsin Demirci, Tefsir Tarihi, 35. Baskı, İstanbul, 2016, s. 43-54.

Mustafa Fayda, "İbn Cerir et-Taberî", DİA, s. 317.

Nur Ahmet KURBAN, "İdil Ural'dan Kaşgar'a Bir Müfessirin Hayatı: Ahmed Ferîd Kârî el-Abbâsî", Sayı 16 (Temmuz-Aralık 2011), s. 73.

----------, Türkistan Coğrafyasında Çağdaş Dönem Kuran Çalışmaları, Siyer Yay., 2016, s. 35-36 vd.

----------, "Muhammed Zarîf Ve Tefsir Anlayışı", Gümüşhane Üniversitesi İlahiyat Fakültesi Dergisi, 2012/1, c. 1, sayı: 1, s. 14, 20, 22, 28.

Sofuoğlu, M. Cemâl, "Kur'ân ve Hadis Kültürünün Kutadgu Bilig'teki İzleri", Dokuz Eylül Üniversitesi İlahiyat Fakültesi Dergisi, 1989, sayı: 5, s. 127-180.

Ömer Türker, "Mukātil b. Süleymân", Diyanet İslam Ansiklopedisi, yıl: 2006, cilt: 31, sayfa: 134-136.

# قۇرئان كەرىمگە قانداق پوزىتسىيەدە بولۇشىمىز كېرەك؟



تاھىرجان ئابباس

## قۇرئان كەرىمنىڭ ئېتىمولوگىيەسى

«قۇرئان» كەلىمىسىنىڭ لۇغەت مەنىسى: جەملەش، توپلاش، چۈشۈنۈپ، ئەسلى ماھىيىتىگە ۋاقىپ بولۇش، پىشىپ يېتىلىش، چېچىلىپ كەتكەن پارچىلارنى بىر يەرگە يىغىپ، بىر گەۋدە ھاسىل قىلىش دېگەندەك مەنە ۋە مەزمۇنلارنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىستىلاھى مەنىسى: قۇرئان كەرىم ئالەملەرنىڭ راببى ئاللاھ تائالانىڭ كالامى ئەزەلىيىسى ۋە خىتابى ئەبەدىيىسىدۇر. ئۇ جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ۋاسىتىسى بىلەن پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان. ئۇنىڭ پاتىھە سۈرىسىدىن ناس سۈرىسىگىچە بولغان پۈتۈن ئايەتلىرىنىڭ توپلىمى «مۇسھەپ» ياكى «قۇرئان» دەپ ئاتىلىدۇ. قۇرئان كەرىم ئەڭ ساغلام ۋە توغرا مۇتەۋاتىر يول بىلەن بىزگىچە يېتىپ كەلگەن. قۇرئان كەرىمنىڭ تىلاۋىتى ئىبادەت، تەقۋادارلارغا ھىدايەتتۇر.

قۇرئان كەرىم ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىچە كېلىپ ئۆتكەن پۈتۈن پەيغەمبەرلەرگە نازىل قىلىنغان كىتاب ۋە سەھىپىلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ۋە جەۋھىرىدۇر، ھەمدە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەڭ چوڭ ۋە مەڭگۈلۈك مۆجىزىسىدۇر. شۇنىڭدەك پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ئورتاق دەستۇرى ۋە ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ بىرىنچى ئاساسلىق مەنبەسىدۇر.

قۇرئان كەرىم ئىشەنگەن بارلىق مۆمىن-مۇسۇلمانلارنىڭ ئورتاق بىر شەرىئەت كىتابى، ھەم بىر دۇئا كىتابى، ھەم بىر ھېكمەت كىتابى، ھەم بىر ئىبادەت كىتابى، ھەم بىر جىھاد كىتابى، ھەم بىر ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇش كىتابى، ھەم بىر زىكىر كىتابى، ھەم بىر پىكىر كىتابى، ھەم پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ئورتاق بەخت-سائادىتى ۋە مەنىۋى ھاياتىنىڭ كاپالەتلىك نىزامنامىسىدۇر.

قۇرئان كەرىمنىڭ، كىتاب، فۇرقان، زىكىر، نۇر، روھ، مەۋئىزە (ئۇگۇت ۋە نەسىھەت) شىپا، ھودا (توغرا يول كۆرسەتكەن) بايان، كالام دېگەندەك ئىسىملىرى قۇرئان كەرىمدىكى پەرقلىق سۈرىلەردە زىكىر قىلىنغان.

بۇ ئىسىملارنىڭ ھەر بىرى قۇرئان كەرىمنىڭ بىر تەرىپىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ. قۇرئان كەرىمنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكى ھەر تەرەپكە پەرقلىق نۇر چاقنىتىپ تۇرىدىغان ئاجايىپ كۆركەم بىر كىرىستالغا ئوخشايدۇ.

قۇرئان كەرىم 610-يىلى جانابىي ئاللاھ تەرىپىدىن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولۇشقا باشلىغان. قۇرئان كەرىمنىڭ نازىل بولۇشى، جەمئىي 23 يىل داۋاملاشقان. قۇرئان كەرىمنىڭ بىرىنچى سۈرىسى فاتىھە ۋە ئەڭ ئاخىرقى سۈرىسى ناس بولۇپ، توپلىمى «قۇرئان» دەپ ئاتىلىدۇ. قۇرئان كەرىمنىڭ ئۆزگىچە بۆلۈنۈشى بار. بۇ بۆلەكلەر 30 پارە، 114 سۈرە، 6236 ئايەتلەردىن ئىبارەت. بۇ ئايەتلەردىن 1600 ئايەت ئۆتمۈشتىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۈممەتلىرى بىلەن ئېلىپ بارغان كۆرەشلىرى ۋە باشقا تارىخىي ۋەقەلەرگە مۇناسىۋەتلىكتۇر؛ 1200 ئايەت بولسا، ئىمانغا ئالاقىدار ئەھۋاللارغا مۇناسىۋەتلىكتۇر؛ 1020 ئايەت بولسا، تەۋھىد ۋە ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرى ھەققىدە؛ 1000 ئايەت ھۆكۈمگە ئالاقىدار؛ 400 ئايەت دۇئا ۋە دوزاخ-جەننەت ھەققىدە، 400 ئايەت مۇئامىلە ھەققىدە، 100 ئايەت جىنايى ئىشلار ھەققىدە، يەنە 100 ئايەت بارلىق جانلىقلارنىڭ ئاللاھنىڭ كاپالىتىدە ئىكەنلىكى ھەققىدە، 70 ئايەت جىھاد، مۇجاھىد ۋە غازىلار ھەققىدە، 50 ئايەت مەككە، ھەج ۋە ئەرەپات ھەققىدە، قالغان ئايەتلەر بولسا مىراس، نىكاھ، تالاق ۋە باشقا ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ھەققىدە.

قۇرئان كەرىمنىڭ ئۇسلۇبى ئۆزگىچە. قۇرئان كەرىمنىڭ ئۇسلۇبى شېئىرمۇ ئەمەس، نەسىرمۇ ئەمەس. چۈنكى ئۇنىڭدا قاپىيە ياكى ۋەزىن يوق. قۇرئان كەرىمنىڭ ئۇسلۇبى ۋە ئۇسلۇبى ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان ۋە بۇندىن كېيىنمۇ كۆرۈلمەيدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ قۇرئان كەرىمدەك بىر كىتابنى بۇندىن بۇرۇن ھېچ كىم كەلتۈرەلمىگەن بۇندىن كېيىنمۇ كەلتۈرەلمەيدۇ. بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە مۇنداق بىر ئايەت ئوتتۇرىغا قويۇلغان: ««ئېيتقىنكى،» ئەگەر ئىنسانلار، جىنلار بۇ قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يىغىلىپ، بىر-بىرىگە ياردەملەشكەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرەلمەيدۇ»[1] بۇ مۇبارەك ئايەت كەرىمە ئېنىق بىر يوسۇندا «ئى ئەرەب-ئەجەم پۈتۈن ئىنسان، ھەتتا جىن تائىپىلىرى! ئەگەر سىلەر قۇرئان كەرىم ئاللاھنىڭ كالامى ئەمەس، ئىنساننىڭ سۆزى دەپ ئويلايدىغان بولساڭلار، سىلەرمۇ ئىنسان، مۇھەممەدمۇ ئىنسان، سىلەرمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش بىر كىتابنى كەلتۈرۈپ بېقىڭلار!» دەپ دوئېلغا چاقىرماقتا. بۇ خىل چاقىرىق ئەقىدە ئۆلىمالىرىنىڭ ئىستىلاھىدا «تەھەددى» دېيىلىدۇ. بۇ خىل تەھەددى مۆجىزە تۈرلىرىنىڭ

[1] سۈرە ئىسرا، 88-ئايەت.

بىر تۈرىدۇر.

**قۇرئان كەرىمنى تونۇش**

قۇرئان كەرىمنى تونۇش ئۈچۈن، يەنە قۇرئان كەرىمنىڭ ئۆزىگە مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى قۇرئان كەرىم قانچە كۆپ ئوقۇلسا، ئۇنىڭ ھېكمىتى ۋە سۈپەتلىرى شۇنچە كۆپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. مەسىلەن: «بۇ كىتابتا (يەنى قۇرئاندا) ھېچ شەك يوق، (ئۇ) تەقۋادارلارغا يېتەكچىدۇر»، «بۇ (قۇرئان) ئىنسانلار ئۈچۈن روشەن پاكىتلاردۇر، ھىدايەتتۇر، (ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە) جەزمەن ئىشەنگەن قەۋم ئۈچۈن رەھمەتتۇر»[2].... سىلەرگە ئاللاھ تەرىپىدىن نۇر (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) ۋە روشەن كىتاب (يەنى قۇرئان) كەلدى، ئاللاھ شۇ كىتاب (يەنى قۇرئان) ئارقىلىق رازىلىقىنى تىلىگەنلەرنى سالامەتلىك يوللىرى (ئاللاھنىڭ شەرىئىتى ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى) غا يېتەكلەيدۇ، ئىرادىسى بويىچە ئۇلارنى (كۇفرى قاراڭغۇلۇقىدىن (ئىماننىڭ) نۇرىغا چىقىرىدۇ ۋە ئۇلارنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلىدۇ»[3] بۇ كىتاب ھىدايەت، رەھمەت بەسىرەت ۋە نۇردۇر. دۇچ كەلگەن ھەر قانداق بىر مەسىلىدە بۇ قۇرئان كەرىمگە مۇراجىئەت قىلغان ھەرقانداق ئادەم ئۈچۈن ھىدايەتتۇر. بۇ كىتابتا مۇتتەقى ۋە تەقۋادار مۆمىنلەرنىڭ ماقامى يۈكسەكتۇر.

ھارىس ئەلئەۋەردىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە ئۇ زات مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى مەسچىتتە مەن كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا پاراڭغا چۆكۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ھەزرىتى ئەلىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئەھۋالنى بايان قىلدىم. ئۇ ماڭا: ئۇلار شۇنداق قىپتىمۇ؟-دېدى. مەن-ھەئە-دەپ، جاۋاب بەردىم. ئاندىن ئۇ: «ماڭا بىلەمسەن؟ ئى ئەئۋەر! (بىر كۈنى) مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كەلگۈسىدە نۇرغۇن پىتنىلەر ئوتتۇرىغا چىقىدۇ» دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بۇ پىتنىلەردىن قانداق ساقلىنىپ قالغىلى بولىدۇ؟» دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى: «سىلەردىن بۇرۇنقىلار ۋە سىلەردىن كېيىنكىلەر ھەققىدە خەۋەر بېرىدىغان ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئان كەرىم بىلەن قۇتۇلالايسىلەر، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا كېلىپ چىققان مەسىلە ۋە دەتالاشلارنىڭ ھۆكمى ئۇ كىتابتا مەۋجۇت، ئۇ چاقچاق قىلىندىغان كىتاب ئەمەس، بەلكى ھەق بىلەن باتىلنىڭ ئارىسىنى ئايرىيدىغان ھەق كىتاب، ئاللاھ ئۇنى زورلۇق بىلەن تاشلىۋەتكەنلەرنىڭ بېلىنى سۇندۇرۇۋېتىدۇ، توغرا يولنى قۇرئان كەرىمنىڭ باشقىسىدىن ئىزدىگەنلەرنى ئازدۇرىدۇ. ئۇ ئاللاھنىڭ ئۈزۈلمەس ئارغامچىسىدۇر، بىردىنبىر توغرا يولدۇر ۋە ھېكمەت بىلەن تولۇپ تاشقان پەند-نەسىھەتتۇر. ئۇ شۇنداق بىر كىتابكى، ئوي-پىكىر ۋە ئارزۇ-ئارمانلارنىڭ بۇرمىلىنىشى ۋە

[2] جاسىيە سۈرىسى، 20_ئايەت.
[3] سۈرە مائىدە، 15_ ، 16_ئايەتلەر.

بۇرۇلۇشى ئۇنىڭ بىلەن ساقلىنىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن تىللار ئېلىشىپ كەتمەيدۇ، ئۆلىمالار ئۇنىڭدىن ھەرگىز تويۇپ قالمايدۇ، ئۇنى قايتا-قايتا ئوقۇش بىلەن ئۇ كونىراپ قالمايدۇ، ئۇنىڭ مۆجىزىلىرى تۈگەپ قالمايدۇ. ئۇ شۇنداق بىر كىتابكى جىنلار ئۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: «ھەقىقەتەن بىز توغرا يولغا باشلايدىغان ئاجايىپ قۇرئاننى ئاڭلىدۇق»[4] دېيىشكە مەجبۇر بولدى. كىمكى ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىسە ھەقنى سۆزلەيدۇ. ئۇنىڭغا ئەمەل قىلغان كىشى مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھۆكۈم قىلغان كىشى ئادىل ھۆكۈم قىلغان بولىدۇ. ئۇنىڭغا دەۋەت قىلغان كىشى توغرا يولغا باشلىنىدۇ، ئۇنى ئۆزۈڭگە لازىم تۇتقىن».[5]

توغرا، ھەر ۋاقىت ۋە ھەر يەردە، شۇنداقلا ھەر مەسىلىدە قۇرئان كەرىمنى ئۆزىمىزگە لازىم تۇتۇشىمىز كېرەك. چۈنكى ھەر دەۋرنىڭ ئېھتىياجىغا مۇناسىۋەتلىك ھەل قىلىنىشى كېرەك بولغان مەسىلىلەر قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ نۇرى ئاستىدا يورۇقلۇقتا چىقىدۇ. ئىنسان ھاياتىنىڭ سائادىتى ۋە بەرىكىتى قۇرئان كەرىمنى ھاياتىغا قانچىلىك دەستۇر قىلالىسا، شۇنچىلىك نېسىۋىسىنى ئالالايدۇ. قۇرئان كەرىمدىن ئۇزاق قالغان ھايات بەختسىز ھاياتتۇر. ئەسلىدە كۈنىمىزدىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى ئىچكى نىزا ۋە قالايمىقانچىلىق قۇرئان كەرىمنىڭ پرىنسىپلىرىغا ئەگەشمىگەنلىكتىن كېلىپ چىققان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرنىڭ ياخشىڭلار قۇرئان كەرىمنى ئۆگىنىپ ۋە ئۆگەتكەنلەردۇر» ئىنسانلارنىڭ ياخشىسى بولۇشنى خالىساق، قۇرئان كەرىمنى چۈشىنىپ ئوقۇپ باشقىلارغا چۈشەندۈرۈشىمىز كېرەك ۋە بۇ ھەقتە يېزىلغان تەپسىرلەرنى ئوقۇشىمىز، ئۇنىڭدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەقىقەتلەرنىڭ تېگىگە غەۋۋاس بولۇپ چۆكۈشكە تىرىشىشىمىز لازىم. بولمىسا يەنە قۇرئان كەرىمدە بايان قىلىنغىنىدەك قۇرئان كەرىمنى پەقەت ئېغىزىدا ئوقۇپ قەلبى بىلەن تەستىق قىلمايدىغان ياكى مەنە-مەزمۇنىنى مۇلاھىزە قىلىپ پرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلمايدىغان كىشىلەر قاتارىدا قۇرئان كەرىمنىڭ نۇرىدىن ۋە ھۇزۇرىدىن مەھرۇم قالىمىز. چۈنكى بۇ ئىلاھىي كىتاب قۇرئان كەرىم ئۆزىگە پۈتۈن قەلبى بىلەن يۈزلەنگەنلەرگە نۇر ۋە ھۇزۇر بېرىدۇ. سەن ئۇنى ئوقۇمىساڭ، مەنە-مەزمۇنىنى مۇلاھىزە قىلىپ قەلبىڭگە يەرلەشتۈرمىسەڭ، ئۇنىڭ نۇرى ۋە ھۇزۇرىدىن مەھرۇم قالىسەن.

دېمەك، قۇرئان كەرىم ئىلاھىي بىر خەزىنىدۇر. ئۇ باشتىن-ئاخىرىغىچە ياخشىلىق ئېلىپ كەلگۈچىدۇر. ئۇنى پۈتۈن تەئدىل-ئەركانىغا لايىق تەجۋىد بىلەن ئوقۇغان كىشى پەرىشتىلەرنىڭ سەۋىيىسىگە لايىق بولىدۇ. تېخى يېڭى

[4] سۈرە جىن، 1-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[5] سۈنەنى تىرمىزىي.

ئوقۇشنى ئۆگىنىپ تەس ھەجىلەپ ئوقۇيدىغانلارمۇ يەنە ئەجىردىن مەھرۇم قالمايدۇ، بەلكى ئىككى ئەجىرگە ئېرىشىدۇ. بۇ ھەقىقەتنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزىدىن ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز: «قۇرئان كەرىم ئوقۇشقا ماھىر بىر كىشى كىرامەن كاتىبىن پەرىشتىلەر بىلەن بىرگە بولىدۇ، بۇ سەۋىيىدە ئەمەس، لېكىن كېكەچلەپ تەس ئوقۇيدىغانلارغا كەلسەك، ئۇلارغا ئىككى ئەجىر بېرىلىدۇ»[6]. بۇ ئەجىرلەردىن بىرىنچىسى قۇرئان كەرىمنى ئوقۇغانلىق مۇكاپاتى بولسا، ئىككىنچىسى تەس بولسىمۇ ئوقۇغانلىق مۇكاپاتىدۇر.

قۇرئان كەرىم بولمىغان بولسا، ئىنسانلار دۇنيا ھاياتىدا مەڭگۈلۈك ھۆكۈم ۋە قانۇن-پىرىنسىپلاردىن مەھرۇم قالغان بولاتتى. چۈنكى ئىنسانلار تەرىپىدىن يولغا قويۇلغان قانۇن پىرىنسىپ ۋە بايقالغان ئىلمىي ھەقىقەتلەرنىڭ ھەممىسى پەرز ۋە مۆلچەردىن ئىبارەت. ئەمما قۇرئان كەرىم تەۋرەنمەس قانۇن ۋە ئۆزگەرمەس پىرىنسىپلار بىلەن ئىنسانلارنىڭ يولىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ. بۇ سەۋەبلىك، قۇرئان كەرىم ئۆز ئىچىگە ئالمىغان ھېچقانداق بىر مەسىلە يوق، يەنى قۇرئان كەرىمدە ھەممە نەرسىنىڭ يادرولۇق ئاچقۇچى بار. «مەيلى ھۆل ياكى قۇرۇق نەرسىلەر بولسۇن، ھەممىسى (ئاللاھقا مەلۇم بولۇپ) لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىقلىقتۇر»[7]، يەنى ئاتوم بولسۇن، مولېكۇلا بولسۇن، ھەتتا ئاسمان سىستېمىلىرىغىچە ھەممىسى قۇرئان كەرىمدە ئېنىق ياكى ئىشارەت، يەنى سىمۋول خاراكتېرلىك لەۋزلەر بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

## قۇرئان كەرىمنىڭ بەزى ئايەتلىرىدىكى ئىلمىي ھەقىقەتلەر

قۇرئان كەرىمنىڭ پۈتۈن كەلىمىلىرى مۇھىم ۋە ئەھمىيەتلىك. ھەر جۈملىسى ئالاھىدە دىققەت تارتىدۇ، ھەر ئايەت بىر مۆجىزىدۇر. قۇرئان كەرىمنىڭ سەھىپىلىرىدىكى قۇرلارنىڭ تېما بىلەن مۇناسىۋەتسىزدەك كۆرۈنگەن كەلىمىلەر، جۈملىلەر ۋە ۋەقەلىكلەر ھەممىسى دىققەت بىلەن مۇلاھىزە قىلىنغاندا نۇرغۇن ئىلمىي ھەقىقەتلەرگە مۆھۈرىنى باسقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مەسىلەن: «ئاللاھ ھېچ ئادەمنىڭ ئىچىدە ئىككى يۈرەك ياراتقىنى يوق»[8] دېگەن ئايەتتىكى ئىشلىتىلگەن «ئادەم» (يەنى ئەركىشى) دېگەن كەلىمە ئادەتتە نورمالدەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن نېمىشقا ئىنسان ياكى شەخس ۋە ياكى كىشى دېمەي، «ئەر كىشى» دەپ كەلتۈرۈلدى؟ دېگەن سوئالغا دۇچ كەلگەندە، ئاندىن بۇ كەلىمىنىڭ ئىشلىتىلىشىنىڭ ھېكمىتى نامايان بولىدۇ. چۈنكى ئايەتتە ئەر كىشى دېگەن كەلىمىنىڭ

[6] ئىمام بۇخارىي ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

[7] سۈرە ئەنئام، 59 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[8] سۈرە ئەھزاب. 4 ـ ئايەت.

ئۇرنىغا ئىنسان ياكى شەخس دېگەن كەلىمە ئىشلىتىلگەن تەقدىردە، «ھامىلىدار ئاياللارنىڭ قورسىقىدىكى بوۋاقنىڭ يۈرىكىنى قوشقاندا، بىر ئىنساننىڭ ئىچىدە ئىككى يۈرەك بولغان بولىدىغۇ؟!» دېگەن سوئالدىن ساقلانغىلى بولمايتتى.

بۇ خىل مەسىلىلەرگە ئالاقىدار قۇرئان كەرىمدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئايەتلەرگە نەزەر سالىدىغان بولساق، جانلىقلارنىڭ ھايات پرىنسىپى ۋە ئۇزۇقلىنىشى ھەققىدەن ئىبرەتلىك ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىر ئايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: «چاھار پايلاردا سىلەر ئۈچۈن ھەقىقەتەن بىر ئىبرەت بار. سىلەرنى چاھارپايلارنىڭ قارنىدىكى گەندە ۋە قاندىن ئايرىلىپ چىققان پاكىز ۋە تەملىك سۈت بىلەن سۇغىرىمىز»[9]. بۇ ئايەتتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەقىقەتلەرنى تەپەككۇر قىلىپ ئويلايدىغان بولساق، ئايەتتە جانلىقلارنىڭ قورسىقىدىكى نەرسىلەرنىڭ سۈتكە قانداق ئايلانغانلىقى ھەقىقىتىنىڭ ئىنچىكە نۇقتىلىرىدىن بىرى «گەندە ۋە قاننىڭ ئارىسىدىن ئايرىلىپ چىققان پاكىز ۋە تەملىك سۈت» مەسىلىسى بولۇپ، ئايەتتىكى «گەندە ۋە قاننىڭ ئارىسىدىن» دېگەن سۆزدىن بىز سۈتنىڭ ئىككى نەرسىنىڭ ئارىسىدىن ئايرىلىپ چىققانلىقىنى كۆرىمىز. ئەرەبچىدە ئىككى نەرسە بولمىسا «مىن بىين» (ئارىسىدىن) دېگەن كەلىمە ئىشلىتىلمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە ئايەتتە «گەندە ۋە قان» دېگەن ئىككى نەرسە زىكىر قىلىنغان. دېمەك، سۈت، گەندە ۋە قاننىڭ ئارىسىدىن ئايرىلىپ چىققان بولسىمۇ، ئۇنىڭدا قان ياكى گەندە ماھىيىتىگە ئالاقىدار نە پۇراق، نە باشقا ھەر قانداق بىر غەيرى تەمنىڭ بولماسلىقى ھەممىگە قادىر ئاللاھنىڭ قۇدرەت ئىلمىنىڭ بىر ئالامىتىدۇر.

ئەمەلىيەتتىمۇ ئىنسان ئوزۇقلانغان يېمەكلىكلەرنىڭ بىر قىسمى ئېغىزدا، يەنە بىر قىسمى ئاشقازىنىدا ئېزىلىپ، ئۈچەي باغىرلىرىدا ھەزىم بولىدۇ. ھەزىم بولغان غىزانىڭ بىر قىسمى بەدەندە ئېھتىياجلىق مەركەزلەرگە بارىدۇ. مەركەزدىن ئېھتىياجغا قاراپ ھۈجەيرىلەرگە تارقىلىدۇ؛ يەنە بىر قىسمى قىل قان تومۇرلىرى تەرىپىدىن سۈمۈرۈلۈپ، قانغا قوشۇلىدۇ، ئاندىن سۈت بەزلىرى بىلەن ئۈچرىشىش ئارقىلىق تازىلىنىپ، سۈتكە ئۆزگىرىدۇ، ئاندىن ئانىلارنىڭ كۆكسىگە يىغىلىدۇ. مانا بۇ ئىلمىي تەتقىقات بويىچە ئىسپاتلانغان رېئال ھەقىقەت.

قۇرئان كەرىمدە يەنە: «سىلەر ئىبرەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن ھەر بىر نەرسىنى جۈپ (يەنى ئەركەك-چىشى) ياراتتۇق»[10] دېگەن ئايەت ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ ئايەتتە جانابىي ئاللاھ پۈتۈن شەيئىلەرنى جۈپ ياراتقانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئىنسانلار قانداق

[9] سۈرە نەھل، 66 ـ ئايەت.

[10] سۈرە زارىيات، 49 ـ ئايەت.

ئەركەك-چىشى يارىتىلغان بولسا، باشقا پۈتۈن جانلىقلارمۇ ئوخشاشلا ئەركەك-چىشى يارىتىلغان. ھەتتا ئۆسۈملۈكلەرمۇ ئەركەك-چىشى دەپ تۆرگە ئايرىلىدۇ. ئايەتتە زىكىر قىلىنغان «زەۋجەينى» كەلىمىسى ئەركەك ۋە چىشىنى كۆرسىتىدۇ. ھەتتا ماددىنى تەشكىل قىلىدىغان ئاتوملارمۇ جۈپ بولىدۇ. ھەممىدە ھەر شەيئىدە ئۆزىگە تارتىش ۋە ئىتتىرىش خۇسۇسىيىتىنىڭ مەۋجۇتلىقىمۇ جۈپلۈكنىڭ پەرقلىق تەرىقىدە ئىپادىلىنىشىدۇر. شەيئىلەردە بۇ خۇسۇسىيەت بولمايدىكەن، ئۇلارنىڭ ئۆز مەۋجۇدىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ئىمكانىيىتى بولمايدۇ. سۈرە ياسىننىڭ 36-ئايىتىدە بۇ ھەقىقەت مۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ: «ئاللاھ (پۈتۈن ئەيىب-نۇقسانلاردىن) پاكتۇر، ئۇ پۈتۈن شەيئىلەرنى جۈپ ياراتتى. زېمىندىن ئۈنۈپ چىقىدىغان نەرسىلەرنىڭ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ۋە ئۇلار بىلمەيدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ جۈپتى بار»[11].

بۇ مەسىلىنى كۈنىمىزدىكى ئىلمىي ھەقىقەتلەر بويىچە بىرئاز ئىزاھلايدىغان بولساق، مەزكۇر ئايەتتە ئۇ كۈندىكى ئىنسانلارنىڭ سەۋىيەسىگە كۆرە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىر قىسىم ھەقىقەتلەرنىڭ سىرتىدا «... ۋە ئۇلار بىلمەيدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ جۈپتى بار» دېيىش ئارقىلىق، ئۇ دەۋردە تېخى بايقالمىغان

[11] سۈرە ياسىن، 36-ئايەت.

شەيئىلەر ھەققىدە توختالغانلىقىدۇر. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇ دەۋردە ئاتوم، ئېلېكترون، نېيترون، پروتون دېگەندەك ماددىلارنى ئىنسانلار بىلمەيتتى ياكى بايقالمىغان.

كۈنىمىزدە ئىلىم دۇنياسى ھەر مەۋجۇداتنىڭ ئۆز قۇرۇلما بىناسىدىكى جۈپلۈك سىستېمىسى بىلەن مۇستەقىل ھالدا ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ كېلىشتەك ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى ھەممىمىزگە مەلۇم. كەلگۈسىدە بىز تېخى ئاتوم فىزىكىسىنىڭ بىزگە يەنە نېمىلەرنى ئاشكارىلايدىغانلىقىنى بىلمەيمىز.

## ئاتوم دۇنياسى

يەنە بىر ئايەتتە جانابىي ئاللاھ مۇنداق دېگەن: «ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى زەررە چاغلىق نەرسە ئاللاھتىن يىراق ئەمەستۇر، ئۇنىڭ (يەنى زەررە)دىن كىچىكرەك نەرسە بولسۇن، چوڭراق نەرسە بولسۇن، لەۋھۇلمەھپۇزدا خاتىرىلەنمىگىنى يوق»[12] بۇ ئايەت ئاساسەن ھېچقانداق بىر نەرسىنىڭ ئاللاھنىڭ نەزىرىدىن، ئىلمىدىن، ئاڭلاپ ۋە كۆرۈپ تۇرۇشىدىن سىرتتا قالمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. توغرا، ئايەت بىزگە ئەڭ كىچىك ئاتوملار ئالىمىدىن ئالەم بوشلۇقىغىچە بولغان پۈتۈن شەيئى جانابىي ئاللاھنىڭ قۇدرەت ئىلكىدە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش

[12] سۈرە سەبە، 3-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بىلەن بىرگە، بۇنىڭ ئىچىدىكى بەزى ئىلمىي ھەقىقەتلەرنىمۇ دىققىتىمىزگە سۇنىدۇ. چۈنكى، بۈگۈنكى ئاتالغۇ بويىچە «زەررە» ئاتوم دېگەن ئۇقۇمنى ئىپادىلىگەنىدەك، ئەينى ۋاقىتتىمۇ ئوخشاش مەنىنى ئىپادىلەيتتى. لېكىن ئاتومنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىغان شۇ دەۋردىكى ئەرەب خەلقى «زەررە» دېگەن ۋاقىتتا، دېرىزىدىن قۇياشنىڭ نۇرى كىرگەندە نۇر ئىچىدە ئۇچۇپ يۈرگەن چاڭ -توزانلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئېڭىدا ماددىنىڭ ئەڭ كىچىك پارچىسى ئۇ چاڭ-توزان زەررىچىلىرى ئىدى. بۇ يەردىكى مۇھىم ۋە ئىنچىكە نۇقتا شۇكى، بۇ «زەررە» ئۇقۇمىنىڭ ماددىنىڭ ئەڭ كىچىك پارچىسىنى كۆرسەتكىنىدەك، كۈنىمىزدىكى ئەرەب تىلىدىمۇ «زەررە» نىڭ ئاتوم دېگەن ئۇقۇم ئۈچۈن ئىشلىتىلىشىدۇر.

بۇ يەردە دىققىتىمىزنى مەركەزلەشتۈرىدىغان تۆت تەبىر بار:

بىرىنچىسى: زەررىچە، يەنى ئاتوم.

ئىككىنچىسى: زەررىچىنىڭ كىچىككى ئېلېكترون.

ئۈچىنچىسى: زەررىچىدىن چوڭى مولېكۇلا .

تۆتىنچىسى: مىسقالى زەررە، يەنى ئاتوم ئېغىرلىقى.

مەيلى زەررىچە، مەيلى زەررىچىنىڭ كىچىككى ئېلېكترون، مەيلى زەررىچىنىڭ چوڭى مولېكۇلا بولسۇن، ھېچقايسىسى ئاللاھنىڭ ئىلمىنىڭ سىرتىدا ئەمەس.

شۇنداقلا، ئايەتتە يەنە «مىسقالى زەررە» زەررىچىنىڭ ئېغىرلىقى، يەنى ئاتوم ئېغىرلىقى تىلغا ئېلىنغان. ھەممىگە ئايان «ئاتوم ئېغىرلىقى» مەسىلىسى ئاتوم فىزىكىسىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇرۇنقىلار ئاتوم ئېغىرلىقى بويىچە ھىدروگېننى 1 نومۇر، ئۇراننى 228 نومۇر بېرىدۇ.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھازىرقى زامان ئىلىملىرىمۇ قۇرئان كەرىمنىڭ ئون نەچچە ئەسىر ئىلگىرى كۆرسەتكەن ئاتوم ئېغىرلىقى مەسىلىسىنى چىقىش قىلىش ئاساستا، بارلىق ئېلېمېنتلارنىڭ مەلۇم ساندىكى ئاتوم ئېغىرلىقىنى بەلگىلەش پۈرسىتىگە ئېرىشكەن دېيىشكە بولىدۇ.

ئالەم بوشلۇقىنىڭ ئۆزلۈكسىز كېڭىيىشى

شۇنى قوبۇل قىلىش كېرەككى شەخسلەرنىڭ بەزى پەرزى ھۆكۈملەر ۋە ئېھتىماللىق چۈشەنچىلەرنىڭ مەھكۇمى بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىشى تەس بولسىمۇ، لېكىن ئىلىم-پەن چەمبىرىكىدە داۋاملىق ھۆكۈمرانلىق ئورنىدا تۇرۇپ كېلىۋاتقان «ئالەمنىڭ كېڭىيىش» نەزەرىيەسىنى قۇرئان كەرىم 1400 يىل ئىلگىرى ئېنىق ۋە كەسكىن يوسۇندا ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ ھەقتە جانابىي ئاللاھ مۇنداق دېگەن: «ئاسماننى قۇدرىتىمىز بىلەن بىز بىنا قىلدۇق

ۋە ئۇنى كېڭەيتىمىز»[13].

1922-يىلى ئامېرىكىلىق ئاسترونوم خۇبلې ئۆز تەتقىقاتى بويىچە بولغاندا، ئالەم بوشلۇقىدىكى نۇرغۇن پىلانېتالار بىر تەرەپتىن سامان يولىدىن بارغانچە ئۇزاقلاشسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆز ئارىلىرىدىمۇ بىر-بىرىدىن ئۇزاقلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، بۇ ئالەم بوشلۇقىنىڭ بارغانچە كېڭىيىۋاتقانلىقىنىڭ ئالامىتى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئوخشاشلا بېلگىيەلىك ماتېماتىكا ئالىمى ۋە پوپ لېمايترىمۇ ئالەمنىڭ داۋاملىق كېڭىيىش ھالىتىدە ئىكەنلىكىنى ئىپتىقان.

مانا بۇ ھەقىقەت قۇرئان كەرىمنىڭ ئىلاھىي كىتاب ئىكەنلىكىنى روشەن ھالدا ئوتتۇرىغا قويىدۇ. گەرچە ئىنسانلار مانا بۇ ۋە بۇنىڭغا ئوخشىغان مەزكۇر ئايەتلەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەقىقەتلەرنىڭ ماھىيىتىگە 14 ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىن يۇقىرى تېخنىكىلار بىلەن تەكشۈرۈپ ئاندىن ۋاقىپ بولغان. لېكىن پۈتۈن ئىلىم دۇنياسى پەقەت مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن ساۋاتسىز بىر زاتنىڭ بۇندىن 14 ئەسىر بۇرۇن ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئان كەرىم ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويغان مەزكۇر ھەقىقەتلەر ئالدىدا تەسلىم بولۇپ، ئاللاھقا شۈكۈر سەجدىسى قىلىشنىڭ ئورنىغا، ئەكسىچە، كۆرۈنۈۋاتقىنى ئۇلارنىڭ مىننەتدارسىزلىقى بولۇپ قالدى.

### كائىنات كىتابىنىڭ تەرجىمانى- قۇرئان كەرىم

كائىنات بىر كىتاب، قۇرئان كەرىم ئۇ كىتابىنىڭ تەرجىمانى. شۇنداق، كائىنات بىر كىتابتۇر. بۇ كىتابىنىڭ ھەر جۈملىسى ۋە ئابزاسلىرى نۇرغۇن ھېكمەت ۋە سىرلار بىلەن مۇئەممادۇر. ھەر جەھەتتە كامىل ۋە تولىمۇ سۈپەتلىك، مۇرەككەپ جۈملىلەر بىلەن يېزىلغان بۇنداق بىر كىتابنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان بىر تەرجىمان ۋە ئۇنى ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچى بولۇشى كېرەك. ئەنە شۇ تەرجىمان قۇرئان كەرىمدۇر ۋە ئوقۇغۇچى ئىنساندۇر. چۈنكى بۇ بىپايان كەتكەن كائىناتنىڭ قۇرۇلما بىناسى ۋە داۋاملىشىۋاتقان قانۇنىيەتلىك پىرىنسىپلىرىنى ئىنسانغا جانابىي ئاللاھ قۇرئان كەرىم ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ بايان قىلىشنى مۇراد قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز كائىناتنىڭ بىپايان كەتكەن يۈزىدىن كۆرەلمىگەن مەنە ۋە مەزمۇنلارنى قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرىدە ئېنىق كۆرەلەيمىز. بۇ ئىنسانغا ھەم بىر رەھمەتتۇر. چۈنكى كائىناتنى ياراتقان ئاللاھتۇر. كائىنات كىتابىنى ھال تىلى بىلەن سۆزلەتكەنمۇ ئاللاھتۇر. ئاللاھتىن باشقا ھەر قانداق شەخسنىڭ كائىناتنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى ھەققىدىكى ھۆكۈملىرى خاتا ياكى پەرەز بولغىنىدەك، ئىنسان ھەققىدىكى ھۆكۈملىرىمۇ خاتا ياكى پەرەزدىن ئىبارەتتۇر.

[13] سۈرە زارىيات، 47-ئايەت

كائىنات ئاللاھنىڭ كائىناتى، قۇرئان ئاللاھنىڭ كالامى، ئىنسان ئاللاھنىڭ سەنئىتى. بۇ ئۈچ شەيئىنىڭ بىر-بىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تەسىس قىلغۇچىمۇ ئاللاھتۇر. بۇ خۇسۇستا جانابىي ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلارغا بىز تاكى ئۇلارغا قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكى ئېنىق بولغۇچە، (ئاسمان-زېمىن) ئەتراپىدىكى ۋە ئۆزلىرىدىكى (قۇدرىتىمىزگە دالالەت قىلىدىغان) ئالامەتلەرنى كۆرسىتىمىز، پەرۋەردىگارىڭنىڭ ھەممە نەرسىنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقى (سېنىڭ راستلىقىڭنىڭ دەلىلى بولۇشقا) ئۇلارغا كۇپايە ئەمەسمۇ»[14]. يەنى (ئىنسان قايسى ئىلىمنىڭ قايسى ساھەسى بويىچە مۇتەخەسسىس بولۇشقا تىرىشسۇن، ئېنىق ھالدا، ئۇپۇقتىكى ۋە ئۆزىدىكى ئايەتلىرىمىزنى ئۇلارغا كۆرسىتىمىز).

يەنى، ئىنسان ماھىيىتىنىڭ بىھۇدە ۋە تاسادىپىي ئەمەسلىكىنى ئىنسان مۇئەمماسىنىڭ ئىچىدە بىر قىسىم ھەقىقەتلەرنىڭ بارلىقىنى ئىلىم ئۇلارغا بىلدۈرىدۇ ۋە ئۇلارمۇ بۇ ھەقىقەتلەرنى ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل دۇنياسىدا ھېس قىلالايدۇ. كائىنات ئالىمىنى ھەر ساھەسى بويىچە تەتقىقات قىلغان ئالىملار كائىناتتىكى بىر قىسىم ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى ئېنىق كۆرىدۇ. «ئۇلارغا بىز تاكى ئۇلارغا قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكى ئېنىق بولغۇچە، (ئاسمان-زېمىن) ئەتراپىدىكى ۋە ئۆزلىرىدىكى (قۇدرىتىمىزگە دالالەت قىلىدىغان) ئالامەتلەرنى كۆرسىتىمىز، پەرۋەردىگارىڭنىڭ ھەممە نەرسىنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقى (سېنىڭ راستلىقىڭنىڭ دەلىلى بولۇشقا) ئۇلارغا كۇپايە ئەمەسمۇ؟».

كائىناتتىكى پۈتۈن ئىنتىزام ۋە قانۇنلار يارىتىلىش ئايەتلىرى دېيىلىدۇ. بۇ قانۇنلارغا قانداق ئىسىم بېرىلگەن بولسا مەيلى، ئىشنىڭ خاراكتېرىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى جانابىي ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىدىن بىر ئايەتتۇر. مانا، جانابىي ئاللاھنىڭ «كالام» سۈپىتىدىن كەلگەن قۇرئان كەرىم ئۇ زاتنىڭ «خالىق»، يەنى يارىتىش سۈپىتىدىن كەلگەن بۇ ئايەتلىرىنىڭ بىر تەرجىمىسى. شۇنداق، قۇرئان كەرىم كائىناتنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، بىزگە كائىناتنى چۈشەندۈرىدۇ. مەسىلەن: «شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن، ئەلۋەتتە، روشەن دەلىللەر بار»[15]. ئاسمان بىلەن زېمىننىڭ يارىتىلىشى، كېچە ۋە كۈندۈزنىڭ بىر تەرتىپتە سىستېمىلىق ئالمىشىپ تۇرۇشى، ئاسمان ۋە زېمىننىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت، يەنى دېڭىز-ئوكيان سۇلىرىنىڭ پارغا ئايلىنىشى، ئاسماندىن قۇرغاق زېمىنلارغا

[14] سۈرە فۇسسىلەت، 53 ـ ئايەت.

[15] ئال ئىمران سۈرىسى، 190 ـ ئايەت.

يامغۇرلارنىڭ چۈشۈشى، يەردە ئوت-چۆپلەرنىڭ كۆپلەپ ئۆسۈشى، چوڭ بولۇپ بوي تارتىش قانۇنى بويىچە غول تارتىپ چوڭىيىشى، ھەقىقەتەن ئىلاھىي ئايەتلەردىندۇر.

## قۇرئان كەرىمنىڭ مۆجىزىلىكى

قۇرئان كەرىم بىر مۆجىزىدۇر. مۆجىزە پەيغەمبەرلەرنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، جانابىي ئاللاھ تەرىپىدىن يارىتىلغان، باشقا ھەر قانداق بىر مەخلۇق ئوخشىشىنى كەلتۈرۈشكە قادىر بولالمايدىغان پەۋقۇلئاددە بىر ھادىسە.

دەر ھەقىقەت، قۇرئان كەرىم پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ چوڭ ۋە دائىملىق مۆجىزىسى. چۈنكى قۇرئان كەرىم 14 ئەسىردىن بېرى ئىنسانلارنى دۇئېلغا چاقىرماقتا. «بەندىمىز (مۇھەممەد)گە بىز نازىل قىلغان قۇرئاندىن شەكلەنسەڭلار، قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر سۈرىنى مەيدانغا چىقىرىپ بېقىڭلار (قۇرئانغا تەئەررۇز قىلىشتا) ئاللاھتىن باشقا يارەمچىڭلارنىڭ ھەممىسىنى (يارەمگە) چاقىرىڭلار، (قۇرئان ئىنساننىڭ سۆزى دېگەن گېپىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار»[16]. ئەمما ئىنسان بولسۇن ياكى جىن تائىپىسىدىن بولسۇن، ھېچبىر مەخلۇق ھېچقاچان بۇنى قىلالمىدى ۋە قىلالمايدۇ. چۈنكى قۇرئان كەرىم 23 يىل ئىچىدە تۈرلۈك ھادىسە ۋە مۇناسىۋەتلەردە نازىل قىلىنغان، خىتاب قىلىنغۇچىلىرى بىر-بىرىدىن پەرقلىق بولغان تۈرلۈك، خۇددى بىرلا ۋاقىتتا، بىرلا ھادىسىگە مۇناسىۋەتلىك ۋە بىرلا كىشىگە خىتاب قىلىنغاندەك تاناسىپلىق، باغلىنىشلىق ۋە راۋانلىق تەرتىپتە نازىل قىلىنغان. شۇنداقلا ئۇنىڭ نەزمى ئىنسانلار تەرىپىدىن بىلىنىدىغان پۈتۈن نەزمىدىن پەرقلىق. شۇنىڭ ئۈچۈن جاھالىيەت دەۋرىدىكى ئىنسانلار ئۇنى ئاڭلىغاندا ئۇنى ئىنتايىن غەلىتە ھېس قىلغان، لېكىن ھېچقانداق بىر نۇقسان تاپالمىغان.

يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئۇلار قۇرئان ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزمەمدۇ؟ ئەگەر قۇرئان (مۇشرىكلار بىلەن مۇناپىقلار گۇمان قىلغاندەك) ئاللاھتىن غەيرىنىڭ تەرىپىدىن بولغان بولسا، ئەلۋەتتە، ئۇنىڭدىن نۇرغۇن زىددىيەتلەرنى تاپقان بولاتتى»[17]. ھالبۇكى قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەت ۋە سۈرىلىرىدە شۇنداق بىر تاناسىپلىق ۋە باغلىنىشلىق باردۇركى، ئەقىل ۋە ھوشيارلىق جەھەتتە ئەڭ كۈچلۈك ۋە يۇقىرى بولغان ئادەممۇ ئىككى قۇر ئايەتنى بۇ تاناسىپتا ۋە باغلىنىشتا يازالمايدۇ. بەزى كىشىلەر: «ئاللاھ قۇرئان كەرىمگە ئوخشاش بىر تەقلىدىي ئەسەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى چەكلىگەنلىكى ئۈچۈن، شۇڭا ھازىرغىچە قۇرئان كەرىمگە ئوخشاش

[16] سۈرە بەقەرە، 23 ـ ئايەت.

[17] سۈرە نىسا، 82 ـ ئايەت.

بىر كىتاب مەيدانغا كەلمەيدۇ، دەيدۇ. لېكىن مەسىلىنى بۇنداق قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ. مانا قۇرئان كەرىمنىڭ كەلىمىلىرى، ئايەتلىرى ۋە تاناسىپ ۋە باغلىنىشلىقلىرى ھەممىسى ئوتتۇرىدا. قېنى بۈگۈنكى دەۋرنىڭ ئەدەبىيات، شېئىر ۋە باشقا ئاكادېمىيە جەھەتلەردە نوبېل مۇكاپاتى ئالغان داڭلىق شەخسلەر بۇ قۇرئان كەرىمنىڭ بىر سۈرىسىگە ئوخشايدىغان بىر ئابزاس قەلەمگە ئېلىپ باقسۇن!.. ياق، ئۇلار قۇرئان كەرىمنىڭ ئەڭ قىسقا بىر سۈرىسىگە چاغلىق بىر سۈرىنى كەلتۈرەلمەيدۇ.

چۈنكى قۇرئان كەرىم بىر مۆجىزىدۇر. شۇنداق، جانابىي ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان، كۆڭۈللەردىن ئورۇن ئالغان ئەڭ ئۇلۇغ ۋەھىي كاتىپلىرى تەرىپىدىن خاتىرىلەپ قالدۇرۇلغان ۋە مىليونلىغان قارى-قۇرئانلارنىڭ قەلبىدە ساقلانغان ۋە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان قۇرئان كەرىم مۆجىزىدۇر.

## ئالدىنقىلارنىڭ قۇرئان كەرىمگە تۇتقان پوزىتسىيەسى

ئىنسان ئۆزىنىڭ روھىي دۇنياسىنى قۇرۇپ چىقىشتا ئۇنى گۈزەل ئەخلاق ۋە پەزىلەتلىك خىسلەتلەر بىلەن بېزەش، توغرا ئىدىيە، توغرا پىكىر، توغرا كۆز-قاراشلار بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇش، خاتا پىكىر، خاتا ئىدىيە ۋە بىشەم ئەخلاق قاتارلىق سەلبىي ئامىللارغا بوش ئورۇن قالدۇرماي، جانابىي ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئان كەرىمنىڭ ھۆكمى بويىچە ھەقىقەتكە مۇستەھكەم ئېسىلىشى كېرەك. چۈنكى ئەڭ توغرا ۋە داغدام يول قۇرئان كەرىمنىڭ كۆرسەتكەن يولىدۇر. شۇ سەۋەبلىك، جانابىي ئاللاھ ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا: «(ئى مۇھەممەد!) ساڭا ۋەھىي قىلىنغان قۇرئانغا چىڭ ئېسىلغىن، سەن ھەقىقەتەن توغرا يولدىدۇرسەن)»[18] دېگەن تەۋسىيەدە بولغان. چۈنكى جانابىي ئاللاھ ئۆزىنىڭ كىتابىغا ئېسىلىپ، ئۇنىڭ كۆرسەتكەن ھۆكمىگە ئەمەل قىلىپ، ناماز ئوقۇپ، ياخشى يولدا ماڭغانلارنىڭ ئىش-ئەمىلىنى زايە قىلمۇۋەتمەيدۇ. جانابىي ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: (كىتابنى مەھكەم تۇتىدىغانلار، ناماز ئوقۇيدىغانلار (ساۋابقا ئېرىشىدۇ)، بىز ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى ھەقىقەتەن زايە قىلمۇۋەتمەيمىز»[19].

بۇ ھەقىقەتنى چۈشىنىپ، ماھىيىتىگە يەتكەن ئالدىنقى ئەۋلاد مۇسۇلمانلار سائادەت ئەسرىدىن باشلاپ يېقىنقى بىر نەچچە ئەسىرگىچە ئۆزلىرى ياشىغان جەمئىيەتتە ئەقلىي ۋە ئەمەلىي ئىمكانىيەتلىرىگە كۆرە، قۇرئان كەرىم ئارقىلىق نۇرغۇن ياخشىلىقلارغا ئېرىشكەن ۋە ئىسلام دۇنياسى ئۈچۈن ئەڭ پارلاق دەۋر ياراتقان ھەمدە بۈيۈك ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تۇغۇلۇشىغا سەۋەب بولغان. بۇ مەدەنىيەتنى مەيدانغا كەلتۈرگەن شۇ دەۋر مۇسۇلمانلىرى تەشۋىق ۋە ئىلھاملىرىنى

[18] سۈرە زۇخرۇف، 43 ـ ئايەت.
[19] سۈرە ئەئراف، 170 ـ ئايەت.

ئاللاھنىڭ كالامى قۇرئان كەرىم ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىدىن ئالغان. دېمەك سائادەت ئەسىردىن 16-ئەسىرگىچە ئىسلام مەدەنىيىتى پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا چۈشكۈنلەشكەن ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئۈمىد چىرىغى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان ۋە ئىنسانىيەتنىڭ قىممىتى سۈپىتىدە قەد كۆتۈرگەن.

قۇرئان كەرىم مەيدانغا كەلتۈرگەن ئەنە شۇ مەدەنىيەتمۇ دەل بىر ئىلىم مەدەنىيىتىدۇر. ھېچقانداق بىر ئىدېئولوگىيە ۋە ئېتىقاد ئۆز پرىنسىپىدا ئىسلام دىنىدىكىدەك ئىلىم بىلەن ماسلاشقان ئەمەس. چۈنكى ئىسلامىيەت ئەقىلگە ۋە ئەقىلنىڭ ئەسەرى بولغان ئىلىمگە ئىنتايىن ئەھمىيەت كۆرسەتكەن. بۇنىڭ دەلىلى قۇرئان كەرىم ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىدە كەلگەن تەشۋىق ۋە تەۋسىيەلەر بىلەن تولۇپ تاشقان. بۇنىڭ كۆرۈنەرلىك نامايەندىسى مىلادىيە 8-ئەسىردىن باشلاپ 16-ئەسىرگىچە پۈتۈن دۇنيانى رەقىبسىز ئىدارە قىلغان ئىسلام مەدەنىيىتىدە ئەكس ئېتىدۇ. نەچچە ئەسىر دۇنياغا ھۆكۈمدارلىق قىلغان بۇ ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ بىرىنچى مەنبەسى قۇرئان كەرىمدۇر. چۈنكى قۇرئان كەرىمنىڭ پۈتۈن سۈرىلىرىدە ئىلىمگە ۋە ئالىمغا، ئەقىلگە ۋە تەپەككۇرغا مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنى ئۇچرىتىمىز. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا قۇرئان كەرىم بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك ھالدا نۇرغۇن ئىلىمگە مەنبە بولۇپ كەلمەكتە.

دېمەك، قۇرئانغا ھەقىقىي ئىشىنىپ، ھۆكمىگە تولۇق بويسۇنۇپ ئەمەل قىلغان ھەرقانداق ئادەم، قەۋم ۋە مىللەت ھەممىسى توغرا يول تېپىپ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشىدۇ. قۇرئان كەرىم ۋە ئۇنىڭ روشەن بايانىدىن ئىبارەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆز ۋە ئىش-ھەرىكىتى ھەممىسى قىيامەتكىچە كېلىدىغان پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ھاياتلىق دەستۇرى ۋە ئىككى دۇنيالىق بەخت-سائادەت يېتەكچىسىدۇر.

بۇ ھەقىقەتنىڭ تېگىگە يېتىپ، ماھىيىتىنى چۈشەنگەن دەسلەپكى ئەۋلاد مۇسۇلمانلار قۇرئان كەرىمنىڭ پۈتۈن جەۋھەرلىرىنى قېزىپ ھاياتىغا رەھبەر قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولغان، ئۇلارمۇ ئاللاھتىن مەمنۇن بولغان[20].

## بۈگۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ قۇرئان كەرىمگە تۇتقان پوزىتسىيەسى

تارىختىن بېرى قۇرئان كەرىم نۇرغۇن قېتىم نۇرغۇن ئىلمىي تەتقىقاتلارغا تېما بولۇپ كەلدى. بۇ تەتقىقاتلارنىڭ بەزىسى قۇرئان كەرىمنىڭ ھەقىقىتىنى قېزىپ، ئىنسانلارنىڭ ھىدايىتىنى مەقسەت قىلغان بولسا، يەنە بەزىسى

[20] «ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولىدۇ، ئۇلارمۇ ئاللاھتىن مەمنۇن بولىدۇ. بۇنىڭغا پەرۋەردىگارىدىن قورققان ئادەم ئېرىشىدۇ» سۈرە بەييىنە، 8-ئايەت.

مەقسەتلىك ھالدا قۇرئان كەرىمنىڭ نۇرانە ھەقىقەتلىرىنى بۇرمىلاپ، ئىنسانلارنى قۇرئان كەرىمدىن يىراقلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنماقتا.

بۈگۈنكى غەرب مەدەنىيىتى مەنىۋىيەتتىن يوقسۇل، ماددىياتتا ئاشقۇن ھايات پەلسەپىسى بىلەن تەرەققىي قىلىپ، ئىنسانلارنى، بولۇپمۇ بىر قىسىم ئىسمى مۇسۇلمان زىيالىلارنى ئىسلام مەدەنىيىتىگە قارشى ئىنكارچى پوزىتسىيەدە بولۇشقا قىستاپ كەلدى. لائىك ۋە سېكۇلارىزمچى زېھنىيەت خېلى كۆپ مۇسۇلمان ياشلار ئارىسىغا سىڭىپ كىرىپ، ئاتالمىش «مەدەنىيەت»لىكلەر لىباسى ئاستىدا بىر تۈركۈم زىيالىيلار بارلىققا كەلدى. ئۇلار ناھەق ھالدا ئىسلام دىنى ۋە ئۇنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى قۇرئان كەرىمگە قارشى پوزىتسىيەدە بولۇشقا باشلىدى. بۇ خىل خاھىش يېقىنقى زامان تارىخىمىزدا، خىتاينىڭ خەلقىمىزگە ئېلىپ بارغان ئىرقىي قىرغىنچىلىقىغا قارىتا، ئىسلام ئەللىرىنىڭ خىتاي تەرەپدارلىق پوزىتسىيەسى سەۋەبلىك، غەربكە كۆچۈپ كەتكەن زىيالىي تىپلىرىمىز ئارىسىدا ئايىنىپ، ئىسلام دىنى ۋە ئۇنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى قۇرئان كەرىمگە قارشى ئاغرىنىش خاراكتېرلىك توختاۋسىز ھۇجۇمى باشلاندى. ئۇلارنىڭ ئىسلام دۈشمەنلىكى، ئىسلام بىلەن مىڭ يىلدىن كۆپ ئۆتمۈشى بولغان ئۆز خەلقىنىڭ دىنىي قىممەت قارىشىنى بىر پۈتۈن ئىنكار قىلىشتەك يامان خاھىشقا بېرىپ يەتتى. مىڭ ئەپسۇس، بۇنىڭغا غەرب دۇنياسىدا ياشاۋاتقان نۇرغۇن ياشلىرىمىز ۋاستە قىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ماددىي-مەنىۋى نۇرغۇن قىممەت قارىشىدىن ئايرىلىپ قېلىش گىردابىغا بېرىپ قالماقتا!

ئەسلىدە مۇسۇلمان دۆلەت ياكى ئىسلام ئالىمى نامىدىكى دۆلەت ۋە خەلقلەر ئاۋۋالقى مۇسۇلمان ئەۋلادلارغا ئوخشاش ئەخلاقىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي قاتارلىق ماددىي-مەنىۋى تەرەققىيات ساھەسىدە ئىسلام دىنىنىڭ گۈللىنىش روھى ۋە قوزغىتىش پرىنسىپلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشى، دىنىي دەۋەت، دىنىي مائارىپ ۋە دىنىي مۇئەسسەسەلەرنى دۆلەت تەرەپتىن قۇۋۋەتلەپ تەرەققىي قىلدۇرۇشى كېرەك ئىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ بەزىسى تامامەن بۇنىڭ ئەكسىچە ئۆزلىرىنىڭ ماقام-مەنسەپ ھېرىسمەنلىكى بىلەن دىنىي پرىنسىپلارغا قارشى چىققان بولسا، يەنە بەزىسى غەرب مەدەنىيىتىگە يېقىنلىق ئىدېئولوگىيە ۋە پىكرى ئېقىملارغا مايىل خاھىشى بىلەن شەرئىي ئەھكام ۋە قۇرئانىي ھۆكۈملەرگە قارشى تۇرۇپ كەلدى. بۇ بۈگۈنكى ئىسلام ئالىمى ياكى ئىسلام دۆلەتلىرىدىكى ئومۇمىي ئەھۋال.

ئەلۋەتتە، بۇ خىل ھادىسىلەرنىڭ پەردە ئارقىسىدا نۇرغۇن سەۋەبلەر بار... ئىنسانىيەت، بولۇپمۇ كۈنىمىزدىكى

مۇسۇلمانلار ئىسلام دىنىنىڭ روھىنى ھەمدە قۇرئان كەرىمنىڭ ھەقىقىتىنى تونۇپ، ماھىيىتىنى ئەستايىدىل چۈشەنمىگەنلىكى بولسا، يەنە بىرى، ئىچكى-تاشقى بىر قىسىم زوراۋان كۈچلەر، بولۇپمۇ ئەقلى تامامەن ئىسلامغا قارشى بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا باغلىنىپ قالغان زىھنىيەتلەر ئىسلامنىڭ ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرۈش ئۈچۈن نۇرغۇن پىلانلارنى تۈزۈپ، ئويۇن ئويناماقتا، زور خىراجەت ئاجرىتىپ، پۈتۈن ئىمكانىيەتلىرىنى ئىشقا سالماقتا. نەتىجىدە، مىڭ ئەپسۇس، مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇلارنىڭ مۇقەددەس كىتابى قۇرئان كەرىم ئارىسىدا تولىمۇ قېلىن سېپىل-تاملار بارلىققا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار قۇرئان كەرىمنىڭ پرىنسىپىدىن چەتنەپ، قۇرئان كەرىمنىڭ ئۇنىۋېرسال قىممەت قارىشى، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ئۈچۈن كۆزدە تۇتقان بەخت-سائادەت پرىنسىپ ۋە پەلسەپەسىنى بىلمەيدىغان، ھەتتا چۈشىنىپ كېتەلمەيدىغان ھالغا بېرىپ يەتتى. بۇ ئۇلارنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ بىردىنبىر مۆجىزىسى بولغان قۇرئان كەرىمنىڭ يەرلىك قانۇن ۋە پرىنسىپلاردىن پەرقلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى بىلمەيدىغان ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويدى.

شۇنداق قىلىپ، پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسى قۇرئان كەرىمنىڭ ئەخلاق چۈشەنچىسى، تۇرمۇش ئەندىزىسى، مۇئامىلە ۋە مۇناسىۋەت ئۇسلۇبىدىن تامامەن يىراقلاشتى. بۇ خىل ئەھۋال، غەرب دۇنياسىدا بىر قىسىم ناكەس جاھىللاردا «ئادەم ئۆزى بىلمەيدىغان نەرسىنىڭ دۈشمىنىدۇر» دېگەن مەنتىقە بويىچە، مۇسۇلمانلارغا قارشى نەپرەت تۇيغۇسىنى قۇرئان كەرىمنى كۆيدۈرۈشتەك يامان قىلمىشلىرى بىلەن ئىپادىلەش خاھىشىغا ئېلىپ باردى.

ھەقىقەتەن بىز كېيىنكىلەر ئەقلىمىزنى ئىشلىتىپ، قۇرئان كەرىمنىڭ قانداق كىتاب ئىكەنلىكى ھەققىدە چوڭقۇر ئويلىنىپ باقتۇقمۇ؟ بۇ سوئال پۈتۈن دۇنيادىكى پۈتۈن مۇسۇلمانلارنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان ۋە «مەن مۇسۇلمان» دېگەن ھەر كىشىنىڭ ئۇيقۇسىنى قاچۇرىدىغان دەرىجىدە ئېغىر ۋە چوڭ سوئالدۇر. «ئىنسان بىلمىگەن نەرسىنىڭ دۈشمىنىدۇر» دەيدىغان بىر ئەرەب ماقال-تەمسىلى بار. بۇ مىسال بىزگە بۈگۈنكى ئىسلام ئالىمىنىڭ رەسىمىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. توغرا، مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە قۇرئان كەرىم ھەققىدە نۇرغۇن تەتقىقات ۋە ئىلمىي ھەرىكەتلەر بار، بۇنى تەن ئالماي بولمايدۇ. لېكىن بۇ خىزمەتلەر ئومۇمىيلىق جەھەتتىن فونېتىكا ۋە نەزەرىيەۋى پىلان دائىرىسىدىن چىقىپ كېتەلمىگەن. چۈنكى دىققەت قىلىدىغان بولساق ھەممە مۇسۇلمان جەمئىيىتىدە نۇرغۇن قارىي قۇرئانلار يېتىشىپ چىقىۋاتىدۇ، قۇرئان ئوقۇش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلۈۋاتىدۇ. شۇنىڭدەك تەپسىر كىتابلىرى ۋە تەرجىمە قۇرئان كەرىم نەشرىدىن

چىقىپ كەتكۈچە تارقىلىۋاتىدۇ. قۇرئان كەرىم قىرائەت ئىلمى، تەجۋىد ئىلمى بويىچە تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلماقتا. بۇ ساھەدە ماگىستىر ۋە دوكتورلۇق سالاھىيىتىگە ئېرىشكەن نۇرغۇن قارىي قۇرئانلىرىمىز تۇرماقتا. ئەمما قۇرئان كەرىمگە قارىتىلغان بۇ خىزمەتلەر ھەممىسى ئىسلام دۇنياسىدا ئېقىۋاتقان قان ۋە يۈز بېرىۋاتقان ئادالەتسىزلىكلەرنى توختىتالىغىنى يوق. بولۇپمۇ ھەر خىل تائىپىگە بۆلۈنۈپ، ئۆزئارا جېدەل-ماجىرادىن قۇتۇلالمىدۇق. ھالبۇكى قۇرئان كەرىم ھەر دەردكە داۋا ۋە ھەر قەلبكە شىپادۇر. بۇنداق ھەر دەردكە داۋا ۋە ھەر كېسەل قەلبكە شىپا بولغان قۇرئانغا ئىشىنىدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبى كېسەلدىن، ئەقلى خامۇشلۇقتىن ۋە روھى مېيىپلىكتىن قۇتۇلالمايۋاتىدۇ. ئۇنداقتا بۇنىڭغا بىر زىتلىق يوقمۇ؟ بۇ مەسىلە ھەققىدە جىددىي ئويلىنىپ، مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ يولىنى ئويلىنىشقا توغرا كېلىدۇ. مۇنبەرلەردە قىلىنغان ۋەز-نەسىھەتلەر، خۇتبە، دەرس ھالقىلىرىدا سۆزلەنگەن تەبلىغ ۋە نەسىھەتلەر، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي تاراتقۇ ۋە تېلېۋىزورلاردىكى دىنىي پىروگراممىلار، مەسجىدلەردە قىلىنىۋاتقان تەپسىر دەرسلىرىدە بۇ مەسىلە تىلغا ئېلىنمايدۇ. مانا بۇنىڭدا بىر بىنورماللىق ياكى زىتلىق يوقمۇ؟

جانابىي ئاللاھ خۇددى بىزنىڭ بۈگۈنكى بۇ ھالىمىزغا كايىپ مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلغان: «ئى ئىنسانلار! ئەگەر بىز قۇرئاننى بىرەر تاغقا نازىل قىلساق، چوقۇم سەن ئۇنىڭ ئاللاھتىن قورققانلىقتىن باش ئەگكەنلىكىنى، يېرىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرەتتىڭ، بىز بۇ مىساللارنى كىشىلەرگە ئۇلار (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى) پىكىر قىلسۇن دەپ بايان قىلىمىز». يەنى قۇرئان كەرىمنى بىز ئىلاھىي خىتابقا مۇخاتاب بولالايدىغان قابىلىيەتتە يارىتىلغان ۋە ئەھسەنى تەقۋىم يەنى ئەڭ گۈزەل يارىتىلىش سىرىغا مەزھەر قىلىنغان سىز ئىنسانلارغا نازىل قىلغان ئىدۇق. ھالبۇكى قۇرئان كەرىمنى بۈيۈكلۈكى نەزەرگە ئېلىنغان ھالدا سىز ئىنسانلارغا ئەمەس، تاغلارغا نازىل قىلغان بولساق، تاغلارنىڭ خۇددى قۇمدەك ئۇۋۇلۇپ بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن بولاتتىڭلار. لېكىن سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى قۇرئان كەرىمگە بۇ دەرىجىدە ئېغىر ياتلاشتۇرۇپ، كۆڭۈل ئالەمىڭلاردا ئۇ ئىلاھىي خىتابقا ئورۇن بەرمىگەنلىكىڭلار ئۈچۈن، قۇرئان كەرىمنىڭ نۇرانە ھەقىقەتلىرىدىن نېسىۋىسىز قېلىپ، ھەقىقىي قۇرئان ئەھلىگە خاس شەرەپ ۋە ھۆرمەتتىن مەھرۇم ھالدا، يەر يۈزىدە خار-زەبۇنلۇقتا مەھكۇم بولدۇڭلار.

قۇرئان كەرىم ھەقىقەتتىن ئىبارەت بۈيۈك بىر ھەقىقەت بار. بۇ ھەقىقەت ئالدىدا بىزنىڭ نۇرغۇن ۋەزىپىمىز بار. ئەمما ۋەزىپىمىز قۇرئان كەرىمنى پەقەتلا چىرايلىق مەخمەلگە ئوراپ

ساندۇقتا ساقلاش ياكى قىممەت باھالىق ساندۇقلارغا قويۇپ، تەكچىگە تىزىپ قويۇش ئەمەس. بۇمۇ لازىم، ئەمما ئەسلى مەسىلە ساندۇقتىن بەكرەك ئىچىدىكى جاۋاھىرلارغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. قۇرئان كەرىمنى بىر قاپقا سېلىپ، ئۆيىمىزنىڭ ئەڭ يۇقىرى تەرىپىگە ئېسىپ قويۇش بىلەن قۇرئان كەرىمگە بولغان ھۆرمىتىمىزنى ئادا قىلغان بولمايمىز. ئەگەر بىرىمىزگە بىرەر ھۆكۈمداردىن خەت كەلسە، ئۇنى ئوقۇماي ئەتىۋارلاپ ساندۇققا سېلىپ ساقلامدۇق ياكى خەتتە نېمە بۇيرۇق ۋە ئۇقتۇرۇش بار دەپ، ئۇنى ئېچىپ ئوقۇمدۇق؟ مانا ھۆكۈمدارلار ھۆكۈمدارى، پادىشاھلار پادىشاھى جانابىي ئاللاھ بىزگە شۇنداق بىر كىتاب ئەۋەتكەنكى، ئۇ كىتاب بىز ئۈچۈن ھايات-ماماتىمىزغا مۇناسىۋەتلىك ئىنتايىن مۇھىم تولىمۇ قىممەتلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇنىڭ ئىچىدە بىزنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرىتىمىزگە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم مەسىلىلەر بار. بىز ئۇنى ئېلىپ ھۆرمەت بىلەن بېشىمىزغا قويۇپ، ئاندىن كىتاب جازىسىغا چىرايلىق تىزىپ قويساق، ئەجەبا ئۇ ھۆكۈمدارلار ھۆكۈمدارىنى خۇشال قىلغان بولامدۇق؟ روشەن كىتاب قۇرئان كەرىم بىز ئىنسانلارنىڭ ھاياتىنى ئىنتىزاملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن بىر ئىلاھىي كىتابتۇر. جانابىي ئاللاھ نازىل قىلغان بۇ كىتابتا: «شەك-شۈبھىسىزكى، بىز ئادەم باللىرىنى ھۆرمەتلىك قىلدۇق»[21] دېيىلدى. شۇنداق، بىز قۇرئان كەرىم بىلەن ھۆرمەتلىك قىلىندۇق. چۈنكى قۇرئانسىزلارغا جانابىي ئاللاھ «ئۇلارنىڭ تولىسىنى (گېپىڭنى) ئاڭلايدىغان ياكى چۈشىنىدىغان ئادەملەر دەپ گۇمان قىلامسەن؟ ئۇلار (چۈشەنمەسلىكتە) پەقەت چاھارپايلارغا ئوخشاشتۇر، بەلكى ئۇلاردىنمۇ بەتتەر گۇمراھتۇر»[22] دېگەن. دېمەككى ئىنسانغا شەكلى جەھەتتىلا ئۇ شەرەپكە ئېرىشىشكە يەتمەيدۇ، بەلكى قۇرئان كەرىمگە ئىگە چىقىش ۋە ئۇنىڭ روھىغا ئەمەل قىلىش بىلەن ئاشىدۇ.

قۇرئان كەرىم مۇقەددەس بىر كىتابتۇر، جانابىي ئاللاھ ئۇنى پۈتۈن ئۇلۇغلۇقى بىلەن ئىنسانلارنىڭ ماددىي-مەنىۋى پۈتۈن ئېھتىياجلىرىغا جاۋاب بېرىدىغان تەرىقىدە نازىل قىلغان. قۇرئان كەرىم بەرىكەت ۋە مۇبارەكتۇر ھەم مۇقەددەستۇر. مۇقەددەسلىكىدە ئۇنىڭ بىر ئوخشىشى يوقتۇر. قۇرئان كەرىم بەرىكەتنىڭ ئۆزى ۋە نېگىزىدۇر. قۇرئان كەرىمنى يادلاش، تەجۋىد قائىدىلىرى ۋە قىرائەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىش، شۇنىڭدەك نۇرغۇن مۇپەسسىر ئۆلىمالار يېتىشىپ قۇرئان كەرىمنى تەپسىر قىلىش، ھەتتا كەلىمە-كەلىمە ۋە ھەرىپ-ھەرىپ تەتقىق قىلىش، ئايەت ۋە ھەرىپلىرىنىڭ سانىغىچە ھېسابلاپ

[21] سۈرە ئىسرا، 70_ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[22] سۈرە فۇرقان، 44_ئايەت.

ھېكمەتتىنى تەتقىق قىلىشتەك نۇرغۇن ساھەدە ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىلدى. بۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەر-ئايال، قېرى-ياش كۆپىنچە مۇسۇلمانلار قۇرئان كەرىمنىڭ ھەممىسىنى، يا بىر قىسمىنى ياكى بەزى سۈرىلىرىنى يادقا ئالدۇ. ئۇلار قۇرئان كەرىمنى كۈنلۈك بەش ۋاقىت نامازلىرىدا ۋە نامازدىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدا داۋاملىق ئوقۇيدۇ. چۈنكى، ئىسلام شەرىئىتىدە قۇرئان كەرىمنى داۋاملىق ئوقۇپ تۇرۇش ئىبادەت ۋە كاتتا ساۋابلىق ئىش. ئەمەلىيەتتىمۇ ھەقىقىي مۇسۇلمان قۇرئان كەرىمنى ئوقۇشتىن ھوزۇر ئالىدۇ ۋە روھى جەھەتتىن پاكلىنىپ، مەنىۋىيىتىنى كۈچلەندۈرىدۇ. بولمىسا باشقا شەكىلدە قۇرئان كەرىمنى تونۇش ۋە چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەس.

مانا بۇ ھەقتە جانابىي ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «(بۇ) ئۇلارنىڭ ئايەتلىرىنى تەپەككۇر قىلىشلىرى ئۈچۈن، ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ ۋەز-نەسىھەت ئېلىشلىرى ئۈچۈن بىز ساڭا نازىل قىلغان مۇبارەك كىتابتۇر»[23]. ئايەتتە بايان قىلىنغان «بۇ ئۇلارنىڭ ئايەتلىرىنى تەپەككۇر قىلىشلىرى ئۈچۈن» دېگەن جۈملە بىر نەرسىنىڭ باشتىن-ئاخىر ھەممە تەرىپىنى قويماي تەپسىلىي تەكشۈرۈش ۋە ئانالىز قىلىش ئارقىلىق تەپەككۇر قىلىش بىلەن ئۇنىڭ تېگىگە يېتىش دېگەن بولىدۇ، مانا قۇرئان كەرىم مۇشۇنداق «تەدەببۇر» بىلەن ئايەتلىرى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىنىشى كېرەك بولغان مۇبارەك كىتابتۇر.

قايسى بىر مىللەت ياكى خەلق قۇرئان كەرىمنىڭ پىرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلسا، ئۇ مىللەت ۋە شۇ خەلق قۇرۇپ چىققان دۆلەت ۋە جەمئىيەت بەرىكەت تاپىدۇ ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە تەرەققىي قىلىپ باشقا مىللەتلەردىن ئۈستۈن ئورۇنغا چىقىدۇ. ھاياتنىڭ ھەر ساھەسى قۇرئان كەرىمنى تەتبىقلاش بىلەن كۆكلەيدۇ ۋە دۇنيانى جەننەت باغچىلىرىدىن بىر باغچىغا ئايلاندۇرىدۇ.

ئەسلىدە دەسلەپكى ئەۋلاد مۇسۇلمانلارنى قاراڭغۇ زۇلمەتتىن يورۇقلۇققا، نادانلىقتىن ئىلىم-مەرىپەتكە، ئازغۇنلۇقتىن ھىدايەتكە يېتەكلىگەن قۇرئان كەرىم بىلەن بۈگۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدىكى قۇرئان كەرىمنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق پەرق يوق. پەقەت زامان پەرقى بىلەن ئىنسانلار ئۆزگەرگەن بولسىمۇ، لېكىن قۇرئان كەرىمنىڭ بىر ھەرپىگە چاغلىق يېرى ئۆزگەرگىنى يوق.

توغرا ئىنسانلار ئۆزگەردى، ئىنسانلارنىڭ قۇرئان كەرىمگە بولغان تونۇشى ۋە پوزىتسىيەسى ئۆزگەردى. دەسلەپكى ئەۋلاد مۇسۇلمانلار قۇرئان كەرىمدىن بىر ئايەت ئۆگەنسە شۇنىڭغا ئەمەل قىلىش بىلەن ئازغىنە ۋاقىت ئىچىدە پۈتۈن ئىنسانلار ئىچىدىن نەمۇنىلىك

---

[23] سۈرە ساد، 29-ئايەت.

شەخسلەر بولۇپ يېتىلگەن. ئەمما بۈگۈننىڭ مۇسۇلمانلىرىنى نەس باستى، ئوقۇغان قۇرئان كەرىم، ھەدىسنىڭ ئىپادىسى بويىچە ئۇلارنىڭ بوغۇزىدىن ئۆتمەيدىغان بولۇپ كەتتى. چۈنكى قۇرئان كەرىمنىڭ ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلۈشىنىڭ مەقسىتى ئۇنى پەقەتلا ئېغىزىدا ئوقۇپ قويۇش بىلەن ساۋابقا ئېرىشىش ئەمەس، بەلكى ئوقۇش بىلەن بىرگە ئۇنىڭ ئايەتلىرى ھەققىدە ئەستايىدىل ئويلىنىش، مەنە-مەزمۇنىغا چوڭقۇر چۆكۈش، پىرىنسىپلىرىنى دىنىي ۋە دۇنياۋى ئىشلىرىمىزدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت.

دېمەك، قۇرئانغا ھەقىقىي ئىشىنىپ، ھۆكمىگە تولۇق بويسۇنۇپ، ئەمەل قىلغان ھەرقانداق ئادەم، قەۋم ۋە مىللەتلەر ھەممىسى توغرا يول تېپىپ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشىدۇ. قۇرئان كەرىم ۋە ئۇنىڭ روشەن باياندىن ئىبارەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆز ۋە ئىش-ھەرىكىتى ھەممىسى قىيامەتكىچە كېلىدىغان پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ھاياتلىق دەستۇرى ۋە ئىككى دۇنيالىق بەخت-سائادەت يېتەكچىسىدۇر.

جانابىي ئاللاھ بۇ ھەقتە: (بىز ساڭا قۇرئاننى ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەن شەرىئەتنى بايان قىلىپ بەرسۇن، ئۇلار (بۇ قۇرئاننى) پىكىر قىلىپ (ئۇنىڭدىن ۋەز-نەسىھەت ئالسۇن) دەپ نازىل قىلدۇق)[24] دېگەن بولسا، يەنە بىر ئايەتتە: ((ئۇ، يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) ئۆز نەپسى خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ. پەقەت ئۆزىگە نازىل قىلىنغان ۋەھيىنىلا سۆزلەيدۇ)[25] دېيىش بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى ۋە ئىش-ھەرىكىتىنىڭمۇ ئىسلام قانۇنىنىڭ ئاساسلىق مەنبەلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

تېمىمىزنى خۇلاسىلەپ، سۆزىمىزنى يىغىنچاقلايدىغان بولساق، بىزنى قاراڭغۇ زۇلمەتتىن يورۇقلۇققا، نادانلىقتىن ئىلىم-مەرىپەتكە، ئازغۇنلۇقتىن ھىدايەتكە، يېتەكلەيدىغان ئەڭ بۈيۈك رەھبەر پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە مۇقەددەس كىتاب قۇرئان كەرىمدۇر. چۈنكى جانابىي ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە بىزگە بۇ يولنى مۇنداق بايان قىلغان: «سىلەرگە ئاللاھ تەرىپىدىن نۇر (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) ۋە روشەن كىتاب (يەنى قۇرئان) كەلدى. ئاللاھ شۇ كىتاب (يەنى قۇرئان) ئارقىلىق رازىلىقىنى تىلىگەنلەرنى سالامەتلىك يوللىرىغا يېتەكلەيدۇ، ئىرادىسى بويىچە ئۇلارنى قاراڭغۇلۇقتىن نۇرغا چىقىرىدۇ ۋە ئۇلارنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلىدۇ»[26].

---

[24] سۈرە نەھل، 44-ئايەت.
[25] سۈرە نەجم، 3-، 4-ئايەت.
[26] سۈرە مائىدە، 15-، 16-ئايەت.



# قۇرئان كەرىم ھەققىدە سوئال-جاۋابلار

ئۇستاز ئابدۇلئەھەد ھاپىز

**1-سوئال: قۇرئاننىڭ ئىنسان سۆزى ئەمەس، ئاللاھنىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى قەيەردىن بىلىمىز ؟**

جاۋاب: قۇرئان كەرىم ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى-ھەق كىتاب بولۇپ، ئىنسان سۆزى ئەمەس. بۇنىڭغا يۈزلىگەن دەلىل كەلتۈرەلەيمىز. تۆۋەندە بىر نەچچە دەلىل كەلتۈرىمىز:

1. قۇرئان كەرىمنى ئىنساننىڭ سۆزى دېگەنلىك، ئۇنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزى توقۇپ چىقىپ يازغان، دېگەنلىك بولىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان جەمئىيەت ئىلىم-مەدەنىيەتتىن يىراق، بۇتقا چوقۇنىدىغان، قىزلىرىنى تىرىك كۆمىدىغان، ئىنتايىن قالاق بىر جەمئىيەت ئىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھاياتىدا مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن، بىر كىشىدىن تەلىم ئالمىغان، خەت يېزىش ۋە ئوقۇشنى بىلمەيدىغان بىر زات ئىدى. ئۇ شائىر ئەمەس ئىدى، غەيبتىن سۆزلەيدىغان كاھىن، رەممال ئەمەس ئىدى. ئۇ قىرىق ياشقا كىرىپ پەيغەمبەر بولغۇچىلىك قوي بېقىش ۋە تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان ئاددىي بىر كىشى ئىدى. ئەخلاق، پەزىلەت، راستچىللىق، مەردلىك ۋە ئىشەنچلىك بولۇش قاتارلىق جەھەتلەردە خەلقنىڭ ئەڭ ئالدىدا تۇرىدىغان بولۇپ، مەككە خەلقى ئۇنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكىنى ياخشى بىلەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكىدىن قۇرئان كەرىمنىڭ ئاللاھنىڭ سۆزى، ھەق كىتاب ئىكەنلىكىگە ئىككى دەلىل چىقىدۇ: بىرى، ئۇنىڭغا ئوخشاش ئاددىي بىر كىشىنىڭ قۇرئان كەرىمدەك ئۆز دەۋرىدىكى نى نى داڭلىق شائىرلارنى ھەيران قالدۇرغان ۋە قىيامەتكىچە كېلىدىغان ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر كىتابنى ئۆزى توقۇپ، يېزىپ چىقىشى ياكى سۆزلىشى ئىمكانسىز. يەنە بىرى، كىچىكىدىن تارتىپ قىرىق ياشقا كىرگۈچىلىك بىر ئېغىز يالغان گەپ قىلمىغان، بىر كىچىك بالىنىمۇ ئالدىمىغان، خەلقى ئىچىدە راستچىللىق ۋە ئىشەنچلىك سۈپىتى

بىلەن تونۇلغان بىر زاتنىڭ ئۆزى ئويدۇرۇپ چىقارغان بىر كىتابنى «بۇ ئاللاھنىڭ كىتابى، ئاللاھ ماڭا ۋەھيى قىلدى» دەپ يالغان ئېيتىپ ئىنسانلارنى ئالدىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر شۇنداق قىلغان بولسا ئىدى، قۇرئان كەرىمدە نۇرغۇن خاتالىقلار تېپىلغان بولاتتى. دېمەك، قۇرئان كەرىم ئاللاھنىڭ سۆزىدۇر.

2. قۇرئان كەرىمدە يېقىنقى زامانغىچە ھېچكىم بىلمەيدىغان، زامانىمىزدا ئىلىم-پەننىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن ئۇزۇن يىللار ئىلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار نەتىجىسىدە بايقالغان ئىلمىي ھەقىقەتلەر بار. بۇ ھەقىقەتلەرنى 14 ئەسىر بۇرۇن ياشىغان، ئوقۇش-يېزىشنى بىلمەيدىغان ئاددىي بىر كىشىنىڭ بىلىشى ۋە ئۇنى كىتابىدا تىلغا ئېلىشى مۇمكىن ئەمەس. قۇرئان كەرىم كائىناتتىكى مەۋجۇداتلار ۋە ئىنسانلار ھەققىدە ئەڭ توغرا مەلۇمات بېرىدۇ. ھالبۇكى ئۇ مەلۇماتلارنىڭ بىر قىسمى يېقىن زامانغىچە بىلىنمەيتتى ياكى خاتا بىلىنەتتى. دېمەك، قۇرئان كەرىم كائىناتنى ۋە ئىنساننى ياراتقان ۋە ئۇنى ئەڭ ياخشى بىلىدىغان ئاللاھنىڭ سۆزى بولغان ھەق كىتابتۇر.

3. قۇرئان كەرىم ھەم ئۆتمۈشكە مۇناسىۋەتلىك، ھەم كېلەچەككە مۇناسىۋەتلىك ھېچكىم بىلمەيدىغان مەلۇماتلارنى بىرگە سۇنىدۇ. بۇنى «غەيبىي مۆجىزەلەر» دەيمىز. مەسىلەن: قۇرئان كەرىمدە ھەزرىتى مەريەمنىڭ بىر خورما دەرىخىنىڭ تۈۋىدە تۇغقانلىق ۋەقەسى بايان قىلىنىدۇ. ئەگەر قۇرئاننى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزى يازغان دېسەك، بۇ ۋەقەنى بايان قىلالىشى ئۈچۈن مۇنۇلارنى بىلىشى لازىم: 1) تەۋراتنى بىلىشى لازىم، مەزمۇرلارنى بىلىشى لازىم. ھالبۇكى بۇ كىتابلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن مىلادى 850-يىلى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىنغان. 2) ئىنجىلنى بىلىشى لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن قەدىمكى يۇنان تىلىنى بىلىشى لازىم. ھالبۇكى ئىنجىل مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن 150-200 يىل كېيىن، يەنى 896-يىلى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىنغان. 3) خرىستىيانلارنىڭ سۇريانىي تىلىدا «ئېغىزچە رىۋايەتلەر» دەيدىغان رىۋايەتلىرى بار، بۇلارنى بىلىشى لازىم. 4) قەدىمكى سىلاۋ تىلىدا «ئادەم بىلەن ھاۋانىڭ ھاياتى» دەپ بىر كىتاب بار، بۇنى بىلىشى لازىم. 5) قىپتى تىلىدا «توماسنىڭ بالىلىق ئىنجىلى» دەپ بىر كىتاب بار، بۇنى بىلىشى لازىم. 6) يەنە «مەتتا» دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئىنجىل بار، ئۇنى بىلىشى لازىم. 7) قىپتى تىلىدا «پېترۇسنىڭ قىيامەت كىتابى» ئىسىملىك بىر كىتاب بار، ئۇنى بىلىشى لازىم. 8) سىلاۋيان تىلىدىكى «ئېنوكنىڭ كىتابى»نى بىلىشى لازىم. 9) قەدىمكى ئىبرانىي

تىلىدا «مەدراش رەھهاب» دەپ بىر كىتاب بار، ئۇنى بىلىشى لازىم. چۈنكى ھەزرىتى مەريەمنىڭ ۋەقەلىكى مۇشۇ كىتابلاردا بار. يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئان كەرىمدىكى بىر قىسسەنى قەدىمكى كىتابلاردىن ئېلىپ يېزىشى ئۈچۈن ئۇندىن ئارتۇق تىل بىلىشى لازىم. يۇقىرىدىكى تىللار ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۆز ئانا تىلىدا ئوقۇش-يېزىشنى بىلمەيدىغان بىر كىشىنىڭ ئاشۇ ۋەقەلەرنى يازالىشى مۇمكىنمۇ؟! يەنە بىر مۇھىم مەسىلە، قۇرئان كەرىمدە بايان قىلىنغان قىسسەلەر بۇرۇنقى كىتابلاردىكى قىسسەلەرگە قىسمەن ئوخشىسىمۇ، پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ. قۇرئان كەرىمدىكى قىسسەلەر بىلەن بۇرۇنقى كىتابلاردىكى قىسسەلەرنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلغان غەربلىك ئالىملار: بۇرۇنقى كىتابلاردىكى قىسسەلەردە نۇرغۇن خاتالىقلار بار. قۇرئان كەرىمدىكى قىسسەلەردە ئۇنداق خاتالىقلار يوق، دەيدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇ كىتابلارنى بىلمەيدىغان تۇرسا، قانداقمۇ ئۇ كىتابلاردىكى خاتالىقلارنى تېپىپ چىقىپ، توغرىسىنى قۇرئانغا يازىدۇ؟! دېمەك، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان بىر قىسسەنى ئۆزى يېزىشى مۇمكىن بولمىغان يەردە، باشقا مەلۇماتلارنى يېزىشى ياكى باشقا بىر يەردىن ئېلىشى مىڭ ھەسسە ئىمكانسىز. مانا بۇ قۇرئان كەرىمنىڭ ئىنسان سۆزى ئەمەسلىكىنىڭ قەتئىي دەلىلىدۇر.

4. قۇرئان بالاغىتى، يەنى ئىپادىلەش ئۇسلۇبى بىلەن بارلىق ئىنسانلارنى ۋە داڭلىق ئەدىبلەرنى ھەيرانلىقتا قالدۇرغان. مەككە خەلقى ئەرەبلەرنىڭ ئىچىدە تىلغا ئەڭ ماھىر، بالاغەت-پاساھەتتە تەڭداشسىز كىشىلەر ئىدى. باشقا ئەرەب شائىرلىرى ۋە ئەدىبلەر يىلدا بىر قېتىم مەككىنىڭ ئوكاز دېگەن يېرىدە يىغىلىپ، يازغان ۋە ئېيتقان شېئىر ۋە نەسرلىرىنى مەككىلىك شائىرلارنىڭ ئالدىدا ئوقۇيتتى، ئۇلار باھالايتتى. ئەنە شۇنداق تالانتلىق شائىرلار ۋە ئەدىبلەر قۇرئان كەرىمنىڭ بالاغىتى ئالدىدا گاچىلىشىپ قالغان، ئۇنىڭدا ھېچبىر كەمچىلىك، تەنقىدلىنىشكە تېگىشلىك بىر نەرسە تاپالمىغان. ئوقۇش-يېزىشنى بىلمەيدىغان بىر كىشىنىڭ پۈتۈن شائىرلارنى ھەيرانلىقتا قالدۇرىدىغان 600 بەتلىك بىر كىتاب يازالىشى مۇمكىنمۇ؟ ئەلۋەتتە مۇمكىن ئەمەس. دېمەك، قۇرئان ئىنسان سۆزى ئەمەس.

5. ئاللاھ تائالا مەككە خەلقىگە: «ئەگەر قۇرئاننى مۇھەممەد توقۇپ چىقتى، دەيدىغان بولساڭلار، سىلەر بىرلىشىپ قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرۈپ بېقىڭلار!» دەپ جەڭ ئېلان قىلدى. قۇرئانغا قارشى شۇنچە تالانتلىق شائىرلار، ماھىر

تەنقىدچىلەر قۇرئانغا تەڭ كېلىدىغان بىر كىتاب كەلتۈرەلمىدى. ئاللاھ تائالا ئۇنداقتا پەقەت قۇرئاننىڭ ئون سۈرىسىگە تەڭ كېلىدىغان بىر نەرسە كەلتۈرۈڭلار، دېدى. ئۇلار يەنە كەلتۈرەلمىدى. ئاندىن قۇرئاندىكى ئەڭ قىسقا بىر سۈرىگە تەڭ كېلىدىغان بىر سۈرە كەلتۈرۈپ بېقىڭلار، دېدى. ھازىرغىچە ئۇنىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرەلىگەن ھېچكىم يوق. دۇنيادىكى پۈتۈن تالانتلىق، ئۇستا شائىرلار، ئەدىبلەر بىرلىشىپ بىر سۈرىسىنىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرەلمىگەن بىر كىتابنى نە شائىر، نە ئەدىب بولمىغان، ئوقۇش-يېزىشنى بىلمەيدىغان بىر كىشىنىڭ ئۆز يېنىدىن ئويدۇرۇپ چىقىشى ئىمكانسىز. بۇ قۇرئان كەرىمنىڭ ئىنسان سۆزى بولمىغانلىقىنىڭ دەلىلىدۇر.

6. قۇرئان كەرىم 600 بەتلىك بىر كىتاب بولۇپ تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭ مىليونلىغان كىشى تەرىپىدىن ۋە ئەرەبچىدىن ھېچنەرسىنى بىلمەيدىغان كىشىلەر تەرىپىدىن، ھەتتا كىچىك باللار تەرىپىدىن يادقا ئېلىنىپ ئوقۇلۇشى ئۇنىڭ ھەق كىتاب ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر. چۈنكى دۇنيادا تىلنى بىلمىگەن بىر كىشى تەرىپىدىن باشتىن-ئاخىر بىر ھەرپىنىمۇ چۈشۈرۈپ قويماي، خاتالاشماي يادلاپ ئوقۇلىدىغان ئىككىنچى بىر كىتاب يوق. بۇ قۇرئان كەرىمنىڭ ئاللاھنىڭ سۆزى بولغانلىقى ۋە ئاللاھنىڭ ئۇنى يادلاشنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگەنلىكىنىڭ دەلىلى.

7. قۇرئان كەرىم بىر كىتاب ھالىتىدە ئەمەس، 23 يىل ئىچىدە ئېھتىياج ۋە ۋەقەلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئاز-ئازدىن نازىل بولغان تۇرۇقلۇق، ئايەتلىرى ئارىسىدا ھېچقانداق زىتلىقنىڭ يوقلۇقى ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ سۆزى ھەق كىتاب بولغانلىقىنىڭ دەلىلىدۇر.

8. قۇرئان كەرىمنىڭ ھەر زامان ۋە ھەر ماكاندىكى ئىنسانلارنىڭ مەسىلىلىرىگە قارىتا ئەڭ توغرا مەلۇمات ۋە ئەڭ ياخشى ھەل قىلىش ئۇسلۇبى سۇنۇشى ئۇنىڭ ھەق كىتاب ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر. چۈنكى بۇنداق بىر كىتابنى يېزىش ئۈچۈن يەر شارىنىڭ پۈتكۈل رايونلىرىدىكى ئىنسانلارنىڭ ئەھۋالىنى ۋە قىيامەتكىچىلىك يۈز بېرىدىغان ھادىسىلەرنى بىلىدىغان بىر زاتنىڭ سۆزى بولۇشى لازىم. ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم ئۇنى بىلەلمەيدۇ. دېمەك، قۇرئان كەرىم ئاللاھنىڭ سۆزىدۇر.

9. قۇرئان كەرىمنىڭ ئەقىل، قەلب ۋە روھلارغا ھەر جەھەتتىن ئەڭ قايىل قىلارلىق تەرىقىدە مەلۇمات بېرىشى، ئۇنى ئاڭلىغان كىشىنىڭ ئەرەب بولسۇن، بولمىسۇن كۆڭلىگە تەسىر قىلىدىغانلىقى، ئۇنىڭ قىرائىتىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىغان كىشىنىڭ ئىختىيارسىز كۆزىگە ياش ئېلىشى ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ

سۆزى، ھەق كىتاب ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر. چۈنكى دۇنيادا ھېچقانداق بىر كىشى تىلىنى بىلمەيدىغان بىر كىتابنى ئاڭلاپ تەسىرلىنىپ يىغلىمايدۇ.

10. قۇرئان كەرىمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاگاھلاندۇرۇلۇشى ۋە تەنقىد قىلىنىشى ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر. چۈنكى دۇنيادا ھېچقانداق بىر كىشى ئۆزى يازغان كىتابتا ئۆزىنى ئۇنداق ئېغىر سۆزلەر بىلەن تەنقىد قىلمايدۇ. مەسىلەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككە كاتتىباشلىرىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىپ، ئۇلارغا ئىسلامنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈۋاتقان بىر ۋاقىتتا، بىر ئەما كىشى كېلىپ: «ماڭا قۇرئان ئۆگىتىپ قويسىلا» دەپ بىئارام قىلغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا قارىماي، دەۋىتىنى داۋاملاشتۇرغان. شۇ چاغدا ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تەنقىدلەپ مۇنۇ ئايەتلەرنى نازىل قىلغان: «ئۇ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام) يېنىغا ئەما كەلگەنلىكى ئۈچۈن تەرىنى تۈردى ۋە تەتۈر قارىدى. (ئى پەيغەمبەر!) سەن نېمە بىلىسەن؟ بەلكى ئۇ (سېنىڭ سۆزلىرىڭ سايىسىدا گۇناھلىرىدىن) پاكلىنىپ قېلىشى ياكى ۋەز-نەسىھەت ئاڭلاپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشى مۇمكىن ئىدى. ئۆزىنى (ئىماندىن) بىھاجەت ھېسابلايدىغان ئادەمگە كەلسەك، سەن (ئۇنى ئىمان ئېيتىپ قالارمىكىن دەپ) ئۇنىڭغا يۈزلىنىۋاتىسەن. ئۇ (كۇفرىدىن) پاكلانمىسا، ساڭا نېمە زىيىنى؟ ئاللاھتىن قورقۇپ سېنىڭ يېنىڭغا يۈگۈرۈپ كەلگەن كىشىگە كەلسەك، سەن ئۇنىڭغا قارىمايۋاتىسەن»[1]. بۇنىڭدىن باشقىمۇ قۇرئاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئاگاھلاندۇرغان ئايەتلەر كۆپ. ئەگەر بۇ قۇرئان ئۆزىنىڭ سۆزى بولسا، ئۆزى ئۆزىنى مۇنداق تەنقىدلىمىگەن بولاتتى. دېمەك قۇرئان كەرىم ئىنسان سۆزى ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ سۆزى ھەق كىتابتۇر.

11. ئاللاھ تائالا ئەگەر پەيغەمبەر ئاللاھقا يالغاننى توقۇپ ئۆزى ئويدۇرغان بىر سۆزنى ئاللاھنىڭ سۆزى، دەيدىغان بولسا، ئۇنى قاتتىق جازالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ شائىرنىڭ سۆزى ئەمەستۇر، سىلەر (ئۇنىڭغا) ئانچە ئىشەنمەيسىلەر. كاھىننىڭ سۆزىمۇ ئەمەس، سىلەر ئۇنىڭدىن بەك ئاز نەسىھەت ئالىسىلەر. (ئۇ) ئالەملەرنىڭ رەببى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر. ئەگەر ئۇ (مۇھەممەد) بىزنىڭ نامىمىزدىن ئازغىنا سۆزنى يالغاندىن توقۇغان بولسا، ئەلۋەتتە ئۇنى شىددەت بىلەن جازالايتتۇق، ئاندىن ئۇنىڭ جان تومۇرىنى كېسىپ تاشلايتتۇق. سىلەردىن ھېچكىم ئۇنى قوغداپ قالالمايتتى»[2]. مانا بۇ ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ

[1] سۈرە ئەبەسە: 1ـ10ـ ئايەتلەر.
[2] سۈرە ھاققە، 41ـ47ـ ئايەتلەر.

قۇرئاندىن بىر ئايەتنىمۇ توقۇپ چىقمىغانلىقىنى ئۇچۇق ئىسپاتلايدۇ.

**2-سوئال: بىز بىلىم ئەسرى بولغان 21-ئەسىردە ياشاۋاتىمىز. بىزگە قۇرئاننىڭ ھەق كىتاب ئىكەنلىكى ھەققىدە ئىلمىي پاكىتلار بارمۇ؟**

جاۋاب: قۇرئان كەرىمنىڭ ئىچىدە ئىلمىي مەلۇماتلار بولسۇن ياكى بولمىسۇن، ھەقىقەت ئۆزگەرمەيدۇ. چۈنكى ئەقلى بار بىر كىشى ئۈچۈن يۇقىرىدا سۆزلەنگەن 11 تۈرلۈك دەلىل قۇرئان كەرىمنىڭ ھەق كىتاب ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىتلاردۇر. يەنى بىر كىشى بۇ دەلىللەرنىڭ بىرىنىمۇ رەت قىلالمىسا – ھېچقاچان رەت قىلالمايدۇ – قۇرئان كەرىمنىڭ ھەق كىتاب ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان بولىدۇ. بۇ قۇرئان كەرىمدە ئىلمىي پاكىت يوق، دېگەنلىك بولمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭدا يۈزلىگەن ئىلمىي پاكىتلار بار.

قۇرئان كەرىم ئاسترونومىيە ھەققىدە سۆزلەيدۇ، ئاناتومىيە ھەققىدە سۆزلەيدۇ، بىيولوگىيە ھەققىدە سۆزلەيدۇ، تۆرەلمە توغرىسىدا سۆزلەيدۇ. يېڭى كەشپىياتلار ھەققىدە قۇرئاندا كۆپلىگەن دەلىل ۋە ئىشارەتلەر بار. مەسىلەن: «ئاسماننى قۇدرەت بىلەن بەرپا قىلدۇق، بىز (ئۇنى) ئەلۋەتتە داۋاملىق كېڭەيتكۈچىمىز»[3] دەيدۇ. ئاسماننىڭ كېڭىيىپ تۇرىدىغانلىقى بۇرۇندىن بىلىنىدىغان بىر مەلۇمات ئەمەس. چۈنكى بۇرۇن پۈتكۈل بىلىم ئادەملىرى كائىناتنى تۇرغۇن دەپ ئويلايتتى. ھەتتا 1929-يىلىغىچە نيۇتون دەۋرىدىمۇ ئاسمانلارنىڭ كېڭىيىپ تۇرىدىغانلىقى بىلىنمەيتتى. كېيىن ھابىل (Hubble) تېلېسكوپى ئىجاد قىلىنىپ، ئۇنىڭ بىلەن 1929-يىلىدا ئالەمنىڭ داۋاملىق كېڭىيىۋاتقانلىقى بايقالدى. دېمەك، 14 ئەسىر بۇرۇنقى بىر ئىنساننىڭ بۇنى بىلىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ مەلۇماتنىڭ قۇرئان كەرىمدە بولۇشى ئۇنىڭ كائىناتنى پۈتۈنلەي بىلىدىغان ۋە ئۇنى كېڭەيتىپ تۇرىدىغان بىر زاتنىڭ، يەنى كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى ئاللاھنىڭ سۆزى بولغانلىقىنىڭ ئىلمىي پاكىتى. يەنى قۇرئان كەرىمنىڭ ئىنسان سۆزى ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ سۆزى ھەق كىتاب ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان يۈزلىگەن ئىلمىي پاكىتلار بار.

**3-سوئال: كەلگۈسىدە بىلىم تېخىمۇ تەرەققىي قىلىپ، ھازىرقىغا ئوخشىمايدىغان بىر نەرسىنى ئوتتۇرىغا قويسا، ئۇ چاغدا قانداق بولىدۇ؟**

جاۋاب: بىلىم ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان نەرسە، شۇنىڭ ئۈچۈن ھېچقانداق

[3] سۈرە زارىيات، 47- ئايەت.

بىر ئالىم بىلىمنى ئۆزگەرمەيدىغان كەسكىن ھەقىقەت دېمەيدۇ. چۈنكى بىلىم داۋاملىق تەرەققىي قىلىپ، ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. لېكىن قۇرئان كەرىم ئۆزگەرمەيدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ بىلىمى ھەر زامان ھەقىقەت ۋە توغرىدۇر. قۇرئان كەرىمدىكى ئايەتلەرنىڭ كەلىمىلىرى ناھايىتى كەڭ ۋە كۆپ مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىلىم كەلگۈسىدە تەرەققىي قىلىپ مەلۇماتلار ئۆزگەرسە، يەنە ئايەتلەر ئۇ مەلۇماتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنى قۇرئان كەرىم ھېچقاچان ئىلمىي ھەقىقەتلەرگە زىت كەلمەيدۇ.

### 4-سوئال: قۇرئاندا ئىلمىي خاتالىقلار بار، دېگۈچىلەرگە نېمە دەيمىز؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىمدە ئىلمىي خاتالىقنىڭ بولۇشى ئىمكانسىز. چۈنكى كائىناتنى ياراتقۇچى ئاللاھتۇر، كائىناتتىكى شەيئىلەرنى ئەڭ ياخشى بىلگۈچى ئاللاھتۇر. ئاللاھ تائالا: «ياراتقان زات (ئۆزىنىڭ مەخلۇقاتىنى) بىلمەمدۇ؟ ئۇ شەيئىلەرنىڭ نازۇك تەرەپلىرىنىمۇ بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر»[4] دېگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھنىڭ كائىنات ھەققىدە خاتا سۆز قىلىشى ئىمكانسىزدۇر. پەرەز قىلايلىكى، قۇرئان كەرىم بىلەن بىلىم زىتلىشىپ قالدى. بۇ ئەھۋالدا بىلىمنىڭ كۈنسايىن ئۆزگىرىپ تۇرىدىغانلىقىنى، تېخى ۋايىغا يېتىپ قەتئىي نەتىجىگە ئېرىشمىگەنلىكىنى، تەتقىقاتنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىغا بارمىغانلىقىنى قوبۇل قىلىشىمىز لازىم بولىدۇ. چۈنكى قۇرئان ۋەھيىدۇر، قەتئىيدۇر، ئۆزگەرمەيدۇ. بىز بۇنى يۈزلىگەن دەلىل-پاكىت بىلەن بىلىمىز. بۇنىڭغا بىر مىسال بېرەيلى: تەخمىنەن ئىككى يۈز يىل ئاۋۋالغىچە بىلىم بۇ دۇنيانى تۇرغۇن ۋە باشلانغۇچى يوق، دەيتتى. بۇنى پۈتۈن ئىلىم-پەن دۇنياسى قوبۇل قىلغان تۇرۇقلۇق، قۇرئان كەرىم دۇنيانىڭ باشلانغۇچى بارلىقىنى ئېيتاتتى. بىلىم بىلەن قۇرئان بۇنىڭدا زىتلىشىپ قالغان بولدى. كېيىن بىلىم تەرەققىي قىلىپ، يېڭى بايقاشلارنى قولغا كەلتۈردى ۋە دۇنيانىڭ چوڭ پارتلاش بىلەن باشلانغانلىقىنى قوبۇل قىلدى. يەنى ئىلىم-پەن يۈز يىللاپ تەتقىق قىلغاندىن كېيىن، قۇرئاننىڭ دېگىنىگە كەلدى. بۇندىن كېيىنمۇ ئەھۋال مۇشۇنداق بولىدۇ.

### 5-سوئال: قۇرئان كەرىمدە پۈتكۈل ئىلمىي ھەقىقەتلەر بولسا، ئۇنداقتا بارلىق ئالىملار قۇرئان كەرىمنى ئوقۇپ، ئىلىمنى ئۇنىڭدىن ئالسا بولمامدۇ؟

جاۋاب: ئالدى بىلەن قۇرئان كەرىمنىڭ ئاساسىنى ۋە خۇسۇسىيىتىنى بىلىش لازىم. قۇرئان كەرىم ماددىدىن بەكرەك

[4] سۈرە مۇلك، 14- ئايەت.

مەنىگە ئەھمىيەت بېرىدۇ. يەنى قۇياشنىڭ چوڭلۇقى، دۇنياغا قانچىلىك يىراقلىقى ۋە ئىسسىقلىق دەرىجىسى ھەققىدە مەلۇمات بېرىشنىڭ ئورنىغا، ئۇنىڭ مەنىسى، ۋەزىپىسى ۋە يارىتىلىش غايىسى ھەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ. يەنى قۇرئان كەرىم ماتېماتىكا، ئىلىم-پەن، فىزىكا كىتابى ئەمەس، بەلكى ئىنسانغا قەيەردىن كەلگەنلىكىنى، نېمىشقا كەلگەنلىكىنى ۋە قەيەرگە بارىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان بىر ھىدايەت كىتابى. شۇڭا ئۇ ئاللاھنىڭ مەۋجۇداتلارنى يارىتىشتىكى قۇدرىتىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، ماددىنىڭ ئارقىسىدىكى مەنىلەرنى سۆزىدۇ، ماددىي ئالەمگە ۋە ئىلمىي ھەقىقەتلەرگە ئىشارەت قىلىدۇ. يەنى قۇرئان كەرىم بىزگە كائىناتتىكى مەۋجۇداتلارنىڭ سىرلىرىنى ۋە مەنىلىرىنى سۆزلىگەندا، ماددىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە ۋە ئەڭ ئاخىرقى نەتىجىگە ئىشارەت قىلىدۇ. ئىنسانلارنى بۇ سىرلارنى بايقاپ، ھەقىقەتنى تېپىشى ئۈچۈن ئىزدىنىشكە، تەپەككۇر قىلىشقا، ئەقلىنى ئىشلىتىشكە چاقىرىدۇ.

**6-سوئال: ئەرەبچە ناھايىتى قىيىن بىر تىل، ئۆگىنىش بەك تەس. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئاننىڭ تەرجىمىسىنىلا ئوقۇسا بولامدۇ؟**

جاۋاب: ئالدى بىلەن سەممىمي گەپ قىلساق، ئەرەبچە ئۈنچىۋالا قىيىن، ئۆگىنىش بەك تەس تىل ئەمەس. مۇسۇلمانلار ئىنگلىزچە، فىرانسۇزچە ئۆگىنىش ئۈچۈن نۇرغۇن پۇل خەجلەپ، يىللارچە كۇرسلارغا بېرىپ دەرس ئالىدۇ. ئىنگلىزچە ئۆگىنىش ئۈچۈن شۇنچىلىك تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنىكەن، ئۆزى ئىشەنگەن ئاللاھنىڭ كالامىنى ئۆگىنىش نېمىشقا قىيىن بولسۇن! ئەرەبچىدە 28 ھەرپ بار. پەقەت ھەرپلەرنىڭ ئوقۇلۇشىنى ۋە بىر-بىرىگە باغلىنىشىنى ئۆگىنىش بىلەن قۇرئاننى ئوقۇشنى ناھايىتى ئاسان ئۆگەنگىلى بولىدۇ. ئوقۇيالمايمەن، ئۆگىنەلمەيمەن دېگۈدەك قىيىن بىر ئىش يوق.

قۇرئان كەرىمنىڭ تەرجىمىسىنى ئوقۇش مەسىلىسىگە كەلسەك، قۇرئان ئىنسان سۆزى ئەمەس، ئاللاھنىڭ كالامى بولغانلىقى ئۈچۈن، دۇنيادا ھېچقانداق بىر تىلغا پۈتكۈل ئالاھىدىلىكى بىلەن تەرجىمە قىلغىلى بولمايدۇ. قۇرئاننىڭ تەرجىمىسى قۇرئاننىڭ ئورنىنى ئالالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان كەرىمنىڭ تەرجىمىسى بىلەن ناماز ئوقۇغىلى بولمايدۇ. قۇرئان كەرىمنىڭ تەرجىمىسىنى مەنىسىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئوقۇيمىز.

قۇرئان كەرىمنىڭ تەرجىمىسىنى ئوقۇغانلار مۇمكىنقەدەر تەپسىرنى بىللە ئوقۇشى لازىم. چۈنكى قۇرئان كەرىمدە نۇرغۇن ئايەتلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ

زامانىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر ھەققىدە چۈشكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ ۋەقەنى ياخشى بىلمىگەن كىشى تەرجىمىدىن ئايەتتە مەقسەت قىلىنمىغان مەنىلەرنى چۈشىنىش ئېھتىمالى كۆچلۈك.

## 7-سوئال: تەرجىمە بىلەن تەپسىرنىڭ قانداق پەرقى بار؟

جاۋاب: تەرجىمە-كەلىمىلەرنىڭ سۆزلۈك مەنىسىنى ئۇيغۇرچە ئىپادىلەشتۇر. تەپسىر-قۇرئان كەرىمدە كەلگەن سۆزلەرنىڭ چوڭقۇر مەنىلىرىنى، ئىبارىلەرنىڭ ئۇسلۇبلىرىنى، ئايەتلەرنىڭ چۈشۈش سەۋەبلىرىنى، ئايەتلەرنىڭ بىر-بىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىنى ۋە ساھابىلارنىڭ ئۇنى قانداق چۈشەنگەنلىكىنى بايان قىلىش ئارقىلىق، ئايەتلەرنى كەڭ دائىرىلىك چۈشەندۈرۈشتۇر.

## 8-سوئال: قۇرئان نېمە ئۈچۈن ئەرەبچە چۈشتى؟

جاۋاب: بۇ ئاقىلانە بىر سوئال ئەمەس. قۇرئان كەرىمنىڭ ئۇيغۇرچە چۈشكەنلىكىنى پەرەز قىلايلى، ئۇ چاغدا «نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇرچە چۈشتى؟» دەپ سورالغان بولاتتى. يەنى قۇرئان كەرىم قايسى تىلدا چۈشسە، بۇ سوئال كېلەتتى. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمنى چۈشۈرگەندە چوقۇم بىر تىلدا چۈشۈرۈشى لازىم ئىدى، ئەرەبچە چۈشۈردى. ئۇنىڭ ئۈچۈن «نېمە ئۈچۈن ئەرەبچە چۈشتى؟» دەپ سوراش توغرا بىر سوئال ئەمەس. ئەمما قۇرئان كەرىمنى ئەرەبچە چۈشۈرۈشنىڭ سەۋەبى ۋە ھېكمىتى نېمە؟ دەپ سورىساق، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ بىر نەچچە ھېكمىتىنى بايان قىلىش مۇمكىن بولىدۇ.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەرەب ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان كەرىم ئەرەبچە چۈشۈرۈلدى. بۇ تەبىئىي ئەھۋال ۋە بىرىنچى سەۋەب.

ئىككىنچى سەۋەب، ئەرەب تىلى بىلەن باشقا تىللارنى سېلىشتۇرغىنىمىزدا ئەرەبچىنىڭ ناھايىتى كەڭ مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر تىل بولغانلىقىنى كۆرىمىز. بىر دانە سۆز بىلەن بىر نەچچە مەنە ئىپادىلىنىدۇ. قۇرئان كەرىمگە يېزىلغان تەپسىرلەرنىڭ يېزىلىشى قۇرئان كەرىمنىڭ قانچىلىك كۆپ مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنچىلىك كۆپ مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر كىتاب بىر سۆز بىلەن بىر نەچچە مەنىنى ئىپادىلەيدىغان بىر تىلدا چۈشۈشى كېرەكلىكى ھەممىگە ئايان بولىدى.

ئۈچىنچى سەۋەب، دۇنيادىكى تىللاردا ئۇزۇن يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆزگىرىپ، نۇرغۇن سۆزلەر ئىشلىتىلمەي ئۇنتۇلۇپ كەتكەن ئەھۋاللار مەۋجۇت. بۇنىڭ سەۋەبى يېڭى ئىجادىيەتلەرنى ئىپادىلەشتە ئاجىز كەلگەنلىكى ئۈچۈن،

باشقا سۆزلەرنى ئىشلىتىشكە مەجبۇر بولغان. ئەمما ئەرەب تىلى ھازىرغىچە ئۆز ئەسلىنى ساقلاپ كەلمەكتە. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدىن كېيىن قىيامەتكىچە يېڭى كىتاب چۈشۈرمەيدىغان بولغاچقا، دۇنيا ئاخىرلاشقۇچە ئۆزگەرمەي تۇرالايدىغان، ھەر زاماندىكى يېڭىلىقلارنى ئىپادىلەشتە باشقا تىللارنى ئىشلىتىشكە موھتاج بولمايدىغان بىر تىلدا چۈشۈرگەن.

تۆتىنچى سەۋەب، دۇنيادا ئەرەبچىدىن باشقا ھېچقانداق تىلدا ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىنى ئىخچام سۆز بىلەن ئۆز ماقامىغا لايىق ئىپادىلىگىلى بولمايدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئاخىرقى كىتابىنى ئۆزىنى ئىخچام سۆزلەر بىلەن بەندىلىرىگە تونۇتالايدىغان تىلدا چۈشۈرگەن. قۇرئان كەرىمنى ئەرەبچە چۈشۈرۈشتە بۇنىڭدىن باشقىمۇ كۆپلىگەن سەۋەب ۋە ھېكمەتلىرى بار، ئەلۋەتتە.

## 9-سوئال: نېمە ئۈچۈن مەن ئۆز تىلىمدا ناماز ئوقۇيالمايمەن؟

جاۋاب: دۇئالارنى ئۆز تىلىمىزدا قىلساق بولىدۇ. ئاللاھ تائالا پۈتكۈل تىللارنى بىلىدۇ. بۇنىڭدا بىر مەسىلە يوق. ناماز ئىسلامنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئىبادىتى ۋە جامائەت بىلەن ئادا قىلىنىدىغان بىر ئىبادەت. نامازدا ئايەت ئوقۇش ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى[5]. بۇ ئىبادەتتە ئوقۇلىدىغان ئايەتلەر ئاللاھتىن كەلگەن ئايەتلەرنىڭ تەرجىمىسى ئەمەس، ئۆزى بولۇشى لازىم.

بۇنىڭ ھېكمىتى نېمە؟ دېگەن ۋاقتىمىزدا بىر نەچچە ھېكمىتىنى كۆرەلەيمىز. ناماز جامائەت بىلەن كۈندە بەش قېتىم ئادا قىلىنىدىغان ئىبادەت بولغانلىقى ئۈچۈن، جامائەتنى بىرلەشتۈرىدىغان، ئۈممەتنىڭ بىرلىكىنى، ئىتتىپاقلىقىنى بەرپا قىلىدىغان رولغا ئىگە. ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىبادەت بىر تىلدا ئادا قىلىنىشى لازىم. ئويلاپ بېقىڭ! ھەركىشى پەرقلىق-پەرقلىق تىللاردا ناماز ئوقۇشقا باشلىسا، بىرلىك بولامدۇ؟ بىر مەسجىدكە كەلگەن جامائەت ھەممىسى ئۆز تىلىدا ناماز ئوقۇيدىغان بولسا، قانداق قالايمىقانچىلىق يۈز بېرەر؟! مەسجىدى ھەرەمگە ھەر مىللەتتىن ئادەم كېلىدۇ، ھەممىسى ئۆز تىلىدا ناماز ئوقۇسا، قانداق بىرلىك بولىدۇ؟

قۇرئان ئايەتلىرى ئىنسانلار ئۈچۈن بىر ئۆگۈت بولۇش بىلەن بىرگە، ئاللاھ تائالانى سۈپەتلەيدۇ، ئۇنىڭغا قانداق ھۆرمەت بىلدۈرۈشنى ئۆگىتىدۇ. ناماز بولسا ئاللاھ تائالانى ھۆرمەتلەپ ئالدىدا ئېگىلىدىغان ۋە بېشىنى يەرگە قويۇپ ئاجىزلىقىنى ئىپادىلەيدىغان ئىبادەتتۇر. ئاللاھنى ھېچكىم ئاللاھ ئۆزىنى

[5] «قۇرئاندىن سىلەرگە ئوڭاي بولغان مىقدارىنى ئوقۇڭلار...» (سۈرە مۇززەممىل، 20-ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

سۈپەتلىگەندەك سۈپەتلىيەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن نامازدا ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىنى سۈپەتلىگەن سۆزلىرىنى ئوقۇش ئاللاھنى ئۆزىگە لايىق سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىگەن ۋە ئۇنى ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە ھۆرمەتلىگەنلىك بولىدۇ.

يەنە بىرى، مۇسۇلمانلارنىڭ قۇرئان كەرىمنى يادلاپ نامازلاردا ئوقۇشى ئارقىلىق ئۇ ئۆزگىرىپ كېتىشتىن ۋە ئۇنتۇلۇپ كېتىشتىن قوغدىلىدۇ. ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى قۇرئان كەرىمنىڭ ئۆز تىلىدىكى تەرجىمىسى بىلەن ناماز ئوقۇيدىغان بولسا، زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن قۇرئان كەرىمنىڭ ئەسلى ئوقۇلمايدىغان بولۇپ قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ئۆزگىرىپ كېتىش ۋە ئۇنتۇلۇپ كېتىشتىن قوغداپ قالغىلى بولمايدۇ. نامازدا قۇرئاننىڭ ئۆزىنى ئوقۇشنىڭ بۇنىڭدىن باشقىمۇ ھېكمەتلىرى كۆپ.

**10-سوئال: قۇرئان كەرىمنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەي ئوقۇغاندىن، ئۇنىڭ تەرجىمىسىدىن چۈشىنىپ ئوقۇش تېخىمۇ ياخشى ئەمەسمۇ؟**

جاۋاب: قۇرئان كەرىم باشقا كىتابقا ئوخشىمايدۇ. قۇرئان كەرىم ئىنسان سۆزى ئەمەس، بىۋاسىتە ئاللاھنىڭ سۆزىدۇر. ئۇنى ئوقۇش ئىبادەتتۇر. ئۇنى ئوقۇغان كىشىگە ھەربىر ھەرپىگە ئون ساۋاب بېرىلىدۇ. قۇرئان كەرىم تەسىر كۈچى يۇقىرى بىر كىتاب بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسىنى بىلمىگەن بىر كىشى ئۇنى ئوقۇسا ۋە ئاڭلىسا، ئۇنىڭ قەلبىگە تەسىر قىلىدۇ. شۇڭا ئەرەب ئەمەس كىشىلەرنىڭ قۇرئاننى ئاڭلىغاندا ئىختىيارسىز كۆزىگە ياش ئالغانلىقىنى كۆرىمىز. چۈنكى ئۇنىڭ زاھىرىي جەھەتتە قۇرئاننىڭ مەنىسىنى بىلمىسىمۇ، مەنىۋى جەھەتتە قەلبىگە چوڭقۇر تەسىر قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەم قۇرئاننىڭ ئەرەبچە ئەسلىنى ئوقۇشىمىز، ھەم ئۇنىڭ ئۆز تىلىمىزدىكى تەرجىمە ۋە تەپسىرىنى ئوقۇپ مەنىسىنى چۈشىنىشىمىز، ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى بىلىشىمىز لازىم. يەنى ئىبادەت ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەسلىنى ئوقۇشىمىز، ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى بىلىپ ئەمەل قىلىشىمىز ئۈچۈن مەنىسىنى بىلىشىمىز كېرەك.

بۇ يەردە ئەسكەرتىپ قويىدىغان مەسىلە شۇكى، «قۇرئاننى چۈشەنمەي ئوقۇغاندىن مەنىسىنى بىلىپ ئوقۇغان ياخشى» دېگەن سۆز قارىماققا توغرا بولسىمۇ، كىشىلەرنى قۇرئان ئوقۇشتىن سوۋۇتىدىغان، قۇرئاندىن يىراقلاشتۇرۇشقا سەۋەب بولىدىغان سۆزدۇر. يۇقىرىدا تەرجىمە قۇرئاننىڭ ئورنىنى ئالالمايدۇ، دېدۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەم قۇرئاننىڭ ئەسلىنى، ھەم تەرجىمىسىنى، بولسا تەپسىرىنى ئوقۇش مۇھىم.

**11-سوئال: قۇرئاننىڭ بالاغەت مۆجىزىسى دېگەن نېمە؟**

جاۋاب: بالاغەتنى قۇرئان كەرىمنىڭ ئەدەبىي ئۇسلۇبىنىڭ ئۈستۈنلۈكى دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. يەنى قۇرئان كەرىمدە بەزىدە بىر كەلىمە، بەزىدە بىر ھەرپ بىلەن نۇرغۇنلىغان مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. ئىپادىلەش سەۋىيەسى شۇنچىلىك يۇقىرىكى، ئۇنى بىر ئىنسانىنىڭ يازالىشى مۇمكىن ئەمەس. ھەتتا قۇرئان كەرىم نازىل بولغان ۋاقىتدا ئىنسانلارغا: «بۇنىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرۈڭلار! ھەممىنى كەلتۈرەلمىسەڭلار، ئون سۈرىسىنىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرۈڭلار! ئۇنىمۇ كەلتۈرەلمىسەڭلار بىر سۈرىسىنىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرۈڭلار!» دەپ جەڭ ئېلان قىلىندى. ئۇ زاماندىكى ئەرەبلەر بولۇپمۇ مەككە خەلقى بالاغەت ۋە پاساھەتتە ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەدە بولۇپ تۇرۇقلۇق، قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرەلمىدى ۋە ئۇرۇش قىلىش يولىنى تاللىدى. ھەم ئۆزلىرىنىڭ، ھەم ئائىلىسىنىڭ ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈلۈش ئېھتىماللىقىنى كۆزگە ئېلىپ ئۇرۇشقا كىردى. ئەگەر قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرۈش مۇمكىن بولسا ئىدى، جېنىنى پىدا قىلىپ ئۇرۇش قىلغاننىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرسە بولاتتى، ئەمما ئۇنداق قىلمىدى. چۈنكى قۇرئانغا ئۇنىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرۈش بىلەن تاقابىل تۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. دېمەك، قۇرئان كەرىمنىڭ بالاغىتى ئىنسان ئەقلىدىن ئۈستۈن.

**12-سوئال: قۇرئاندا نېمە ئۈچۈن ھەر دائىم تۆگە ۋە خورما تىلغا ئېلىنىدۇ؟ پىنگۋىنلار ۋە ئاۋۇكادۇ دېگەندەك مېۋىلەر تىلغا ئېلىنمايدۇ؟ ئەجەبا قۇرئان پەقەت ئەرەب يېرىم ئارىلىغا مەخسۇس چۈشكەنمۇ؟**

جاۋاب: قۇرئان كەرىم يەرشارىدىكى بارلىق ئىنسانلارغا ۋە جەمئىيەتلەرگە چۈشۈرۈلگەن، قىيامەتكىچە كۈچكە ئىگە، ئالەمشۇمۇل بىر كىتابتۇر. ئاللاھ تائالا بۇ كىتابنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلدى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ مۇھىتىدىكى ئىنسانلارنى قۇرئانغا چاقىردى، ئۇلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن باشقا ئىنسانلارغا يەتكۈزدى. ئەگەر سوئالدا دېيىلگەندەك، قۇرئاندا پىنگۋىنلار ۋە ئاۋۇكادۇلار تىلغا ئېلىنسا، قۇرئان تۇنجى چۈشكەن ئىنسانلارنى قايىل قىلالامتى؟ ئويلاپ بېقىڭ، قۇرئاندا پىنگۋىن تىلغا ئېلىنسا، ئۇنى تۇنجى ئاڭلىغان جەمئىيەتتە ھېچكىم ئۇنداق بىر ھايۋاننى كۆرۈپ باقمىغان بولغاچقا، ئىنسانلار ئۇنىڭغا دىققەت قىلمايدۇ. قۇرئان بىرىنچى دەرىجىدە خىتاب قىلىنغۇچى بولغان جەمئىيەتنىڭ دىققىتىنى ئۆزگە تارتالمىسا، قالغان جەمئىيەتلەرنى قانداق ئۆزگە تارتىپ، ئالەمشۇمۇل ھالغا كېلىدۇ؟ دېمەك، بۇ يەردە ئاساسلىق مەسىلە، ئالەمشۇمۇللۇققا

ئېرىشىش ئۈچۈن خۇددى سۇغا تاش ئاتسا، كىچىك دائىرىدىن چوڭ دائىرىگە كېڭەيگەندەك، بۇ يەردىمۇ دەسلەپ مەركەزدىكى جەمئىيەتنى قايىل قىلىشى ۋە ئۇنى ئۆزىگە تارتىشى لازىم بولىدۇ. داۋامىدا قالغان جەمئىيەتلەرگە كېڭىيىشى لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ئوقۇغان ھەربىر كىشى چۈشىنەلەيدىغان ۋە قوبۇل قىلالايدىغان بولۇشى لازىم.

قۇرئان كەرىم بارلىق مېۋىلەرنى ۋە پۈتكۈل ھايۋانلارنى بىر-بىرلەپ بايان قىلىدىغان ھايۋاناتلار كىتابى ياكى ئۆسۈملۈكلەر كىتابى ئەمەس. قۇرئان كەرىم ئاللاھنىڭ كالامى، ئۇنى چۈشۈرۈشتىن مەقسەت ئىنسانلارغا ياراتقۇچىسىنى تونۇتۇش، ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرۈپ ئەمر-پەرمانىغا ئىتائەت قىلىشقا چاقىرىش، ئىمان ئېيتقانلارغا قىلىشقا ۋە قىلماسلىققا تېگىشلىك ئىشلارنى بايان قىلىشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان كەرىمدە تىلغا ئېلىنغان جانلىق-جانسىز بارلىق نەرسىلەر ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىش ئۈچۈندۇر.

قۇرئان كەرىم تۆگىنى تىلغا ئالىدۇ. بىز نېمە ئۈچۈن تۆگىنى تىلغا ئالغانلىقىنىڭ ھېكمىتىنى بايان قىلىش ئارقىلىق، پۈتكۈل ھايۋانلارغا ئۇ ھېكمەتنى تەتبىقلايمىز. مەسىلەن: قۇرئان كەرىمدە «ئۇلار تۆگىگە قارىمامدۇ، ئۇ قانداق يارىتىلدى؟»[6] دەيدۇ. بۇ ھەقتە تەپەككۇر قىلىپ ئىنسانلارنىڭ پىكرىنى ئاچقاندىن كېيىن، بارلىق ھايۋاناتلارغا ئۇ پىكرىنى ئىجرا قىلىش مۇمكىن. يەنى قۇرئان كەرىمدە بەزى ھايۋانلارنىڭ ۋە بەزى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تىلغا ئېلىنىشى ئۇ نەرسىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنى نامايان قىلىش ئۈچۈندۇر. يەنى سەنئەتكارنى تونۇتۇش ئۈچۈن سەنئەتنى تىلغا ئالىدۇ، بۇنىڭدىن بىز سەنئەتكارنى تاپىمىز. ئۇ چاغدا بىزدە ماددىدىن بەكرەك، مەنىگە ئەھمىيەت بېرىدىغان قىممەت قاراش تەرەققىي قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھايۋان بولسۇن، ئۆسۈملۈك بولسۇن، كائىناتتىكى بارلىق مەۋجۇداتتىن ئاللاھ تائالانى تاپالايمىز.

**13-سوئال: قۇرئان كەرىمنىڭ باشقا كىتابلارغا ئوخشاش ئۆزگەرتىلمىگەنلىكىنى قەيەردىن بىلىمىز؟**

جاۋاب: دۇنيادا قۇرئان كەرىمنىڭ ئۆزگەرتىلگەنلىكىنى دەۋا قىلىدىغان ھېچقانداق كىشى يوق. دۇنيادا ئىسلامغا قارشى، قۇرئانغا قارشى شۇنچىلىك كۆپ دۈشمەن بار تۇرۇقلۇق، بىر ئاتېئىست بولسىمۇ چىقىپ: «قۇرئان ئۆزگەرتىلگەنمۇ، ئۆزگەرتىلمىگەنمۇ؟» دەپ سورىمايدۇ. ياكى «قۇرئان كەرىم ئۆزگەرتىلگەن» دېمەيدۇ. چۈنكى قۇرئان كەرىمنىڭ ئۆزگەرتىلمىگەنلىكى ھەممە بىلىدىغان ئېنىق بىر ھەقىقەت. بۇنى قەيەردىن بىلىمىز؟ بۇنى بىر

[6] سۈرە غاشىيە، 17- ئايەت.

نەچچە ئۇسۇل بىلەن بىلىشكە بولىدۇ. مەسىلەن: ئىستانبۇلدىكى بىر كىتابخانىدىن بىر قۇرئان كەرىم ئالساق، ئەنگلىيەدىكى بىر كىتابخانىدىن يەنە بىر قۇرئان كەرىم ئېلىپ ئىككىسىنى سېلىشتۇرساق، ھەر ئىككىسى ھەرپمۇ ھەرپ ئوخشاش چىقىدۇ. ھېچبىر ئۆزگىرىش ۋە ئوخشىماسلىق تاپالمايمىز. بۇنىڭدىن قۇرئان كەرىمنىڭ قوغدالغانلىقىنى، ئۆزگەرتىلمىگەنلىكىنى بىلىمىز. چۈنكى ئەڭ كىچىك بىر ئۆزگىرىش بولسا، نەچچە مىڭ خىل قۇرئان كەرىم ئوتتۇرىغا چىقاتتى.

يەنە بىرى ئىسلامدا قۇرئان كەرىمنى تولۇق يادلاش «قارىيلىق» سىستېمىسى بار. كۈنىمىزدە مىليونلىغان قارىي بار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىغا تېخىمۇ يېقىنلاشقىنىمىزدا، مۇسۇلمانلارنىڭ قۇرئان كەرىمگە باغلىنىشىنىڭ تېخىمۇ مۇستەھكەم بولغانلىقى ئۈچۈن، قارىيلىق سىستېمىنىڭ تېخىمۇ كۈچلۈك بولغانلىقىنى كۆرىمىز. يەنى قۇرئان كەرىم نازىل بولغان چاغدىن تارتىپ ھازىرغىچە يادقا ئېلىنىپ، ئوقۇلۇپ كەلگەن قارىيلىق سىستېمىسىغا قارىغان چېغىمىزدىمۇ، قۇرئان كەرىمنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشتىن قوغدالغانلىقىنى ئېنىق كۆرەلەيمىز.

يەنە رامىزاندا قۇرئان كەرىمنى جامائەت بىلەن ئوقۇپ خەتمە قىلىش ئادىتى بار. بۇ ئادەتمۇ قۇرئان كەرىمنىڭ ھەر يىلى باشتىن ئاخىر ئوقۇش ئارقىلىق قوغدىلىپ كەلگەنلىكىنى بىزگە كۆرسىتىدۇ.

يەنە بىرمىڭھام ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تور بېتىدە قۇرئان كەرىم سەھىپىلىرى ئېلان قىلىنغان. يەنى قەدىمدىن قالغان بىر قۇرئان كەرىم تېپىلغان، ئۇنىڭغا «كاربون 14» سىنىقى قىلىنغاندا، قۇرئان كەرىمنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسى بىلەن ئوپمۇ ئوخشاش بولغانلىقى مەلۇم بولغان. يەنى پۈتكۈل دۇنيانىڭ ئورتاق چۈشەنچىسى ھەققىدە توختىلىۋاتىمىز. ئوتتۇرىدا قۇرئان كەرىمنىڭ ئۆزگەرتىلگەنلىكى ھەققىدە ھېچقانداق بىر تالاش-تارتىش يوق.

قۇرئان كەرىمنىڭ ھېچقانداق كىتابتا تېپىلمايدىغان ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى «تەجۋىد (ئوقۇش قائىدىسى)» بولغانلىقىدۇر. ھەربىر ھەرپىنىڭ تەلەپپۇز قىلىش، ئوقۇش قائىدىسى بار. سوزۇپ ئوقۇيدىغان ھەرپلەرنىڭ سوزۇش مىقدارى بار. بىر ھەرپىنى ئۆزگەرتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بىر ھەرپىنى سوزۇپ ئوقۇشتا خاتالاشسىمۇ ئاگاھلاندۇرۇلىدۇ. مىقداردىن ئازراق سوزۇپ قويسىڭىز ئاگاھلاندۇرۇلىسىز، بەك سوزۇۋەتسىڭىز يەنە ئاگاھلاندۇرۇلىسىز. مۇشۇنداق بىر كىتابنىڭ ھەرپىنىڭ ياكى ئۆزىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشى ھەققىدە گەپ قىلىشقىمۇ ئىمكان يوقتۇر.



# قۇرئانغا قانداق مۇئامىلە قىلىمىز؟

دوكتور يۇسۇپ قەرزاۋىي

## قۇرئان كەرىمگە توغرا مۇئامىلە قىلىش ئاساسلىرى

بىز مۇسۇلمانلار ئاللاھ ئىنسانىيەتكە رەھمەت قىلىپ نازىل قىلىپ بەرگەن ۋە بۇرمىلىنىش ياكى ئۆزگىرىشتىن ھىمايە قىلىپ ساقلىغان ئىلاھىي ۋەھىيگە ئىگە. دۇنيادا قۇرئان كەرىمدەك ھىمايە قىلىنغان بىرەر كىتاب مەۋجۇت ئەمەس. بۇ كىتابنىڭ ئايەتلىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغاندەك تىلاۋەت قىلىنىدۇ، ئاڭلىنىدۇ، يادلىنىدۇ ۋە ئىزاھلىنىدۇ. ئاللاھ قۇرئاننى ئاسان قىلىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن مىليونلىغان ئىنسانلار يادلىيالايدۇ. ئاللاھ قۇرئان كەرىمنى ئىنسانىيەتنى ئەڭ توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن نازىل قىلغان. قۇرئان كەرىم نۇر بولۇپ، ئاللاھنىڭ بەندىلىرىنى ئىنساندىكى تەبىئىي خاراكتېر ۋە ئەقىل نۇرىنىڭ يېنىغا باشلايدۇ.

قۇرئان كەرىم ئىلاھىي كىتاب بولۇپ، مۆجىزە، ئاسان، روشەن ۋە قوغدالغان كىتابتۇر، دىنىنىڭ كىتابىدۇر ۋە بارلىق ئىنسانىيەتنىڭ كىتابىدۇر. قۇرئان كەرىمنىڭ ئىلاھ، پەيغەمبەرلىك ۋە مۇكاپات ياكى جازا مەسىلىسىدە ئەقىدە ۋە تەسەۋۋۇرلارنى ئىسلاھ قىلىش، شۇنداقلا ئىنسان، ئىنساننىڭ ھۆرمىتى ۋە ھوقۇقى توغرىسىدىكى چۈشەنچىلەرنى تۈزىتىشتە نىشان-مەقسەتلىرى بار. قۇرئاننىڭ ئىنسان نەپسىنى پاكلاش، ياخشى ئائىلە ۋە ياخشى جەمئىيەت شەكىللەندۈرۈش، شۇنداقلا ئىنسانپەرۋەرلىككە ئىگە پىرىنسىپلارغا دەۋەت قىلىشتەك مەقسەتلىرى بار.

شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئاننىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ۋە مەقسەتلىرىنى تونۇش، ياخشى چۈشىنىش، توغرا مۇلاھىزە قىلىش ۋە تەپەككۇر قىلىش ئاساسىدا ئۇقۇش لازىم. ھەربىر ئايەتتىكى قۇرئاننىڭ مەقسەت ۋە ھىدايەتلىرىنى بىلىش ھەممىدىن مۇھىم.

ئەپسۇسكى، بۈگۈنكى كۆپ ساندىكى مۇسۇلمانلار قۇرئاننى تاشلاندۇق قىلىپ قويدى، ئەقلى ۋە قەلبى بىلەن تىلاۋەت قىلمىدى، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن يولىيورۇقلىرى

ھەقىقەتتە ئىزدەنمىدى. بىلىش ۋە ئۆگىنىش ئۈچۈن ئوقۇماي، پەقەتلا ئوقۇش ئۈچۈن ئوقۇدى. ئەمەل قىلىش ئۈچۈن ئوقۇماي، بەرىكەت ئۈچۈن ئوقۇدى. شۇڭا بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن قۇرئان كەرىمگە قانداق مۇئامىلە قىلىش ئاساسلىرىنى بىلىش ھەربىر مۇسۇلمان ئۈچۈن پەرز.

**[1] قۇرئان كەرىمنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى**

1. قۇرئان كەرىم ئىلاھىي كىتاب

قۇرئان كەرىم ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولغان ئاللاھنىڭ كىتابىدۇر. بۇ كىتاب سۆز ۋە مەزمۇن جەھەتتىن پەرىشتە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاسىتىسى ئارقىلىق مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئويغاق ۋاقتىدا ئاللاھ تەرەپتىن نازىل قىلىنغان. «قۇرئاننى بىز ھەقىقەت ئاساسىدا نازىل قىلدۇق، قۇرئانمۇ ھەقىقەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا نازىل بولدى، سېنى بىز پەقەت خۇشخەۋەر بەرگۈچى، ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق» (ئىسرا، 105-ئايەت).

قۇرئان كەرىم ئاللاھنىڭ كالامىدۇر. بۇ كىتاب بىرەر ئالىمنىڭ ياكى بىرەر مەزھەپنىڭ كىتابى ئەمەس. كائىناتنى ياراتقۇچىسى، پۈتۈن ئالەمنىڭ رىزقىنى بەرگۈچى، مەۋجۇدىيەتنىڭ پۈتۈن ئىشلىرىنى تەدبىر قىلغۇچى زاتنىڭ كالامىدۇر. سىزنى ياراتقان، سىزگە رىزىق بېرىۋاتقان، سىزنى مۇئەييەن نىشان ئۈچۈن ياراتقان ۋە سىزگە توغرا بىلەن خاتانى، بەخت يولى بىلەن ئازغۇنلۇق يولىنى ئايرىپ بېرىدىغان زاتنىڭ كىتابى ئوقۇشقا، مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشكە، ئىزدىنىشكە ۋە تەتقىق قىلىشقا ئەرزىمەمدۇ!؟

قۇرئان كەرىم ئەقىل ۋە قەلبلەرنى تىرىلدۈرىدىغان روھ، شۇنداقلا كىشىلەر ۋە خەلقلەرنىڭ ھاياتىنى ئىنتىزامغا سالىدىغان ئىلاھىي دەستۇر. ئاللاھ بۇ كىتابنىڭ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىۋاتقان، سوئاللارغا جاۋاب بېرىۋاتقان ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ قەلبىنى مۇستەھكەم قىلىۋاتقان پەيتنىڭ ئۆزىدە قەلبتە ئورناپ كېتىشى، ئەقىلگە بەكرەك تەسىر قىلىشى ئۈچۈن ھادىسە ۋە ئەھۋاللارغا قارىتا پارچە-پارچە چۈشۈرگەن.

قۇرئان كەرىم ھۆججەت، رەھمەت، ھىدايەت، بېشارەت، ئەسلەتمە، ھەقىقەت، شىپا، ئۇلۇغ، مۇبارەك، روشەن...دېگەندەك سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىنىپ، ئۆزىنىڭ قىممىتىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

2. قوغدالغان كىتاب

قۇرئان كەرىم قوغدالغان كىتابتۇر. قۇرئاننى قوغداشقا ئاللاھ بىۋاسىتە ئۆزى ئىگە بولغان، ئۇنى خۇددى ئىلگىرىكى ساماۋى كىتابلارغا ئوخشاش ھىمايە قىلىشنى بىرەرسىگە تاپشۇرمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان تەۋرات ياكى ئىنجىلغا

ئوخشاش بۇرمىلىنىش، ئۆزگەرتىش ياكى ئالماشتۇرۇش هادىسىسىگە ئۇچرىمىغان. ئاللاھ قۇرئاننى ئۆزى قوغداشقا ۋەدە قىلىپ مۇنداق دېگەن: «قۇرئاننى بىز نازىل قىلدۇق، چوقۇم ئۇنى بىز قوغدايمىز» (سۈرە هىجر، 9-ئايەت).

قۇرئان كەرىم ئىنسان قولى تېگىپ باقمىغان بىردىنبىر ساماۋى مۆجىزە كىتاب. ئىلگىرىكى ساماۋى كىتابلارنىڭ هەممىسى بۇرمىلىنىش ۋە ئۆزگەرتىشكە ئۇچراپ كەتكەن. قۇرئاننى قوغداشقا ئاللاھ كېپىل بولغان، قۇرئان ئاللاھنىڭ ۋەدىسىگە ئاساسەن مۇسۇلمانلارنىڭ يۈرەكلىرىدە ساقلىنىپ كەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئاننى بۇرمىلاش ياكى ئۆزگەرتىش ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ هەممىسى مەغلۇپ بولغان.

قۇرئاننىڭ نازىل بولغىنىغا 1400 يىلدىن ئاشتى. قۇرئان ئاللاھ چۈشۈرگەن، رەسۇلۇللاھ يەتكۈزگەن ۋە ساھابىلەر قوبۇل قىلغاندەك ئۆز پېتى ساقلانماقتا. مۇسۇلمانلار قۇرئاننى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد قەلبلىرىدە يادلاپ، تىللىرىدا ئوقۇپ، قەغەز ئارقىلىق يېزىپ داۋاملاشتۇرماقتا.

3. مۆجىزە كىتاب

قۇرئان كەرىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەقلىي مۆجىزىسى. قۇرئان كەرىم ئۆزىنىڭ ئىلاھىي مۆجىزە كىتاب ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، پۈتۈن ئىنسانىيەتكە - ئىشەنمەي قالسا شۇنداق كىتابتىن بىرنى كەلتۈرۈشتە - جەڭ ئېلان قىلغان. تاقابىل تۇرۇشقا توسالغۇ بولىدىغان ئامىل بولمىسىمۇ، ئىنسانلار قۇرئاننىڭ جەڭ ئېلان قىلىش چاقىرىقىغا تاقابىل تۇرالمىغان. بەزىلەر ئۇرۇنۇپ باققان بولسىمۇ، نەتىجە قازىنالمىغان. قۇرئان كەرىم ئىنسانلارنىڭ قۇرئاننىڭ جەڭ ئېلان قىلىش چاقىرىقىغا تاقابىل تۇرالمايدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن. «بەندىمىز مۇھەممەدكە ئەلەيھىسسالامغا بىز نازىل قىلغان قۇرئاندىن شەكلەنسەڭلار، قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر سۈرىنى مەيدانغا چىقىرىپ بېقىڭلار (قۇرئانغا تاقابىل تۇرۇشتا ئاللاھدىن باشقا ياردەمچىڭلارنىڭ هەممىسىنى ياردەمگە چاقىرىڭلار، قۇرئان ئىنساننىڭ سۆزى دېگەن گېپىڭلاردا راستچىل بولساڭلار. ئەگەر مۇنداق قىلالمىساڭلار - هەرگىزمۇ قىلالمايسىلەر - كاپىرلار ئۈچۈن تەييارلانغان، ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولغان دوزاختىن ساقلىنىڭلار» (سۈرە بەقەرە، 23-، 24-ئايەتلەر).

يەنە: «ئېيتقىنكى، ئەگەر ئىنسانلار، جىنلار بۇ قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يىغىلىپ بىر-بىرىگە ياردەملەشكەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرەلمەيدۇ» دېگەن (سۈرە ئىسرا، 88-ئايەت).

بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ

مۆجىزىسى ماددىي مۆجىزە بولۇپ، شۇ زامان ۋە شۇ ماكاندىكى ئىنسانلاردىن باشقىسى كۆرەلمەيتتى. كۆرگەنلەردىن باشقىلارغا دەلىل بولالمايتتى. بۇ ماددىي مۆجىزىلەر كۆزلەرنى ھەيرانلىقتا سالىدىغان بولۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئۆسمۈرلۈك باسقۇچىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ ئەقلى پىشىپ يېتىلگەندىن كېيىن مۆجىزە ئەقلىي مۆجىزە بولۇپ چۈشكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىلگىرىكى ساماۋى كىتابلارنىڭ ھېچبىرى مۆجىزە كىتاب ئەمەس ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كىتابلار ئۆزگەرتىشكە ئۇچراپ كەتكەن.

قۇرئان كەرىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەنىۋى، ئەقلىي مۆجىزىسى بولۇپ، قىيامەت كۈنىگىچە كۆرۈشنى خالىغان ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ئەقلىي ئىزدىنىش ئارقىلىق كۆرەلەيدىغان مۆجىزىدۇر. چۈنكى بۇ كىتاب ئەقلىگە ۋە قەلبىگە خىتاب قىلىدۇ، كۆزنى بىلىم-مەرىپەتنى ۋە ھېكمەتنى ئارقىلىق نۇرلاندۇرىدۇ.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەزىپىسى خەلقئارالىق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ ئۇنى قىيامەت كۈنىگىچە يوقىلىپ كەتمەيدىغان، ھەر زامان ۋە ھەر ماكاندىكى پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئەقلىگە خىتاب قىلىپ تۇرىدىغان ۋە قارىشى تۇرغۇچىلارغا جەڭ ئېلان قىلىپ تۇرىدىغان دەلىل سۈپىتىدە داۋاملىششى ئۈچۈن مەڭگۈلۈك مۆجىزە قىلغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ چوڭ مۆجىزىسى قۇرئان كەرىمدىن ئىبارەت ئەقلى مۆجىزىدۇر. ئىلاھىي كىتابلارنىڭ ئىچىدە بىردىن بىر مۆجىزە كىتاب قۇرئاندۇر. قۇرئان كەرىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى، ئىسلام دىنىنىڭ ھەق دىن ئىكەنلىكى ۋە ئۆزىنىڭ ئاللاھنىڭ كالامى ئىكەنلىكىگە پاكىتتۇر، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ھىدايەت ۋە رەھمەتتۇر. مۆجىزە ۋە پاكىت جەھەتتە ئەقلى بار كىشىلەر ئۈچۈن قۇرئان كەرىم كۇپايىدۇر. «ئۇلار: نېمىشقا ئۇنىڭغا پەرۋەردىگارىدىن مۆجىزىلەر نازىل قىلىنمايدۇ، دېدى. ئېيتقىنكى: مۆجىزىلەر ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر (مېنىڭ قولۇمدا ئەمەستۇر)، مەن پەقەت بىر ئاشكارا ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن. بىزنىڭ ساڭا ئۇلارغا تىلاۋەت قىلىنىپ تۇرىدىغان كىتابنى نازىل قىلغانلىقىمىز ئۇلارغا مۆجىزە بولۇشقا كۇپايە قىلمىدىمۇ؟ بۇ كىتابتا ئىمان ئېيتقان قوۋم ئۈچۈن شەك-شۈبھىسىز رەھمەت ۋە ۋەز-نەسىھەت بار» (سۈرە ئەنكەبۇت، 50-51-ئايەتلەر).

## 4. بۇ ئاسان، روشەن كىتاب

قۇرئان كەرىم چۈشىنىش، ئوقۇش، يادلاش ۋە مۇلاھىزە قىلىش ئاسان كىتابتۇر. قۇرئان ئىنسانلارنى توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن كەلگەن كىتاب بولغاچقا، ئىنساننىڭ ئەقلى، قەلبى،

ھېس-تۇيغۇسى ۋە ۋىجدانىغا خىتاب قىلىدىغان ئاللاھنىڭ كالامىدۇر. بۇ كىتاب ئەقىلنى يورۇتىدۇ، قەلبىنى تىترىتىدۇ، ۋىجداننى خۇرسەن قىلىدۇ، ئىرادىنى ھەرىكەتلەندۈرىدۇ ۋە ئىش-ھەرىكەتكە ئىتتىرىدۇ.

قۇرئان كەرىمنىڭ ئۇسلۇبى ئىنسان تېگىگە يېتىپ بولالمىغۇدەك دەرىجىدە ئىلغار، مەنىسى چوڭقۇر، بايان قىلىشى ئېسىل بولسىمۇ، ئەقىل يۈرگۈزۈش، چۈشىنىش ۋە ئىزدىنىش ئۈچۈن تاڭ نۇرىدەك يورۇق ۋە ئاساندۇر. «بىز قۇرئاننى ئاسان قىلدۇق، ئىبرەت ئالغۇچى بارمۇ» (سۈرە قەمەر، 17-ئايەت). «بۇ ئۇلارنىڭ ئايەتلىرىنى تەپەككۇر قىلىشلىرى ۋە ئىزدىنىشلىرى ئۈچۈن، ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ ۋەز-نەسىھەت ئېلىشلىرى ئۈچۈن بىز ساڭا نازىل قىلغان مۇبارەك كىتابتۇر» (سۈرە ساد، 29-ئايەت). كىشىلەرنىڭ قۇرئاننى چۈشىنىش ۋە يەكۈن ئېلىش سەۋىيەسى ئوخشىمىغانلىقى ئۈچۈن، ھەربىر كىشى سەۋىيەسىگە قارىتا چۈشەنچە ئالىدۇ.

5. دىنىنىڭ دەستۇرى

قۇرئان كەرىم دىنىنىڭ كىتابى، ئىسلامنىڭ روھى. ئەقىدە، ئىبادەت، ئەخلاق، شەرىئەت ۋە ھۆكۈملەرنىڭ ئاساسلىرى ئۇنىڭدىن ئېلىنىدۇ.

كىم ئىسلام ئەقىدىسىنى ئەقىل ۋە قەلبىگە خىتاب قىلغان ھالىتىدە ساپ، سۈزۈك بىلمەكچى بولسا، قۇرئاندىن ئۆگەنسۇن. قۇرئان ئىسلام ئەقىدىسىنى ھەممە ئادەم چۈشىنەلىگۈدەك دەرىجىدە دەلىل-پاكىتلار بىلەن ساپ-سۈزۈك، ئاسان ۋە روشەن ھالدا بايان قىلىپ بەرگەن.

قۇرئان كەرىم ئەقىدىنىڭ بىرىنچى مەنبەسى بولغاندەك، شەرىئەتنىڭمۇ بىرىنچى مەنبەسى. ئەقىدە ئىماننى كۆرسىتىپ بەرسە، شەرىئەت ئىنساننىڭ ئاللاھ بىلەن، ئىنسان بىلەن، جەمئىيەت بىلەن ۋە كائىنات بىلەن بولغان ئالاقىسىگە ئالاقىدار ئىش-ھەرىكەتنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

قۇرئان كەرىم سىياسەت، ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە ئوخشاش زامان ۋە ماكانغا قاراپ كۆپ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ئىشلار ھەققىدە پرىنسىپال ئاساسلىرىنى بايان قىلىپ، تەپسىلاتى ھەققىدە توختالماستىن، ئىنسان ئەقلىنىڭ ئىزدىنىشىگە قالدۇرۇپ قويغان. زامان، ماكان، ئۆرپ-ئادەت ۋە شارائىتنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگەرمەيدىغان بەزى ھۆكۈملەرنى تەپسىلىي ئوتتۇرىغا قويغان. مەسىلەن: نىكاھ، تالاق، مىراسقا ئوخشاش.

قۇرئاندا كەلگەن ئەمەلىي ئەھكاملار بەك كۆپ بولمىسىمۇ، بىراق بىر ئۇممەتنى يەنە ئۇممەتتىن، بىر مەدەنىيەتنى يەنە بىر مەدەنىيەتتىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان ئەھمىيەتلىك مەسىلىلەردۇر. مەسىلەن: ناماز، زاكات، روزا، ھەج، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇش، يامان ئىشلاردىن توسۇش، ئاللاھنىڭ يولىغا دەۋەت قىلىش،

ئاللاھ يولىدا جەڭ قىلىش، ئامانەتلەرنى ئۆز ئىگىسىگە تاپشۇرۇش، شەرىئەت بويىچە ھۆكۈم چىقىرىش؛ جازانە، زىنا، ئوخشاش جىنسلىقنىڭ تويى قىلىشنى ھارام قىلىش، سېھىرگەرلىك، داخانلىق قىلىشنى ھارام قىلىش؛ يولسىز ئادەم ئۆلتۈرۈش، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش، ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، باشقىلارنىڭ مال-مۈلكىنى ھەقسىز يەۋېلىش، كىشىلەرنىڭ نەرسە-كېرەكلىرىنى كېمەيتىپ قويۇش، زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلىشنى ھارام قىلىش؛ قاتىل، ئوغرى، بۇلاڭچى، تۆھمەتچى، ئاللاھ بىلەن قارشىلاشقۇچى ۋە زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارغا جازا بەلگىلەشكە ئوخشاش ھۆكۈملەر مۇسۇلمان جەمئىيىتىنى باشقىلاردىن پەرقلەندۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئالاھىدە سالاھىيەت ئاتا قىلىدۇ.

مانا بۇ كۆرسەتمە ۋە ھۆكۈملەرنى تەتبىقلاش ھەربىر مۇسۇلمان ئۈچۈن پەرز ۋە لازىمدۇر، بۇنىڭدا سەل قاراشقا بولمايدۇ. چۈنكى بۇ ھۆكۈملەر ئىنساننى نېمىنىڭ تۈزەپ، نېمىنىڭ بۇزىدىغانلىقىنى، نېمىنىڭ بەختسىز قىلىپ، نېمىنىڭ بەختلىك قىلىدىغانلىقىنى بىلگۈچى ئاللاھ تەرەپتىن يولغا قويۇلغان.

ئىسلام شەرىئىتى ئاسان ۋە قولاي شەرىئەت بولۇپ، ئىنسان كۆتۈرەلمىگۈدەك ئېغىرچىلىقلار يوق. «ئاللاھ سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ» (سۈرە بەقەرە، 185-ئايەت). «ئاللاھ سىلەرگە مۇشەققەتنى خالىمايدۇ، لېكىن ئاللاھ شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرنى پاك قىلىشنى، (ئىسلام شەرىئىتىنى بايان قىلىش بىلەن) نېمىتىنى سىلەرگە تاماملاشنى خالايدۇ» (مائىدە، 6-ئايەت).

بۇ شەرىئەت زۆرۈرىيەت ئەھۋاللىرىغا ۋە مەجبۇرلىنىش خاراكتېرىدىكى شارائىتلارغىمۇ رىئايە قىلىدۇ. بۇ شەرىئەت ئەقىلگە ئۇيغۇن بولۇپ، ئىللەت ۋە ھېكمەت سەۋەبلىرىنى بىلگىلى بولىدۇ. چۈنكى بۇ شەرىئەتنىڭ ئايەتلىرى تەپەككۇر قىلىدىغانلار، بىر نەرسە بىلىدىغانلار ۋە ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن كەلگەن.

بۇ شەرىئەت ئىنسانلارنىڭ دۇنيا-ئاخىرەتلىك مەنپەئەتى ۋە پايدىسى ئۈچۈن يولغا قويۇلغان. قۇرئان ئەھكاملىرىنىڭ كىشىلەر ئۈچۈن مەنپەئەت ۋە ياخشىلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇپ بېرىدىغانلىقى، يامانلىق ۋە زىياننىڭ ئالدىنى ئالىدىغانلىقىنى زامانلار ئىسپاتلىماقتا.

## قۇرئاندىكى ئەخلاق

قۇرئان ئەقىدە، شەرىئەت ۋە ئەخلاقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. مەسىلەن: ئاللاھقا قارىتا ئەخلاقلاردىن ئۇنىڭغا ئىخلاس قىلىش، تەۋبە قىلىش، تەۋەككۇل قىلىش، رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىش، ئۇنىڭ ئازابىدىن قورقۇش، ئۇنىڭدىن ھايا قىلىش، نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش، قازا-قەدرىگە رازى

بولۇش، ئۇنى سۆيۈش ۋە ئاخىرەتنى دۇنيادىن ئەۋزەل بىلىش...كە ئوخشاش ئەخلاقلار.

ئىنسانىي ئەخلاقلار: راستچىللىق، ئىشەنچلىك بولۇش، سېخىيلىق، قەيسەرلىك، كەمتەرلىك، ۋاپادارلىق، ھايالىق بولۇش، ئىپپەتلىك بولۇش، مۇلايىم بولۇش، سەۋرچانلىق، ئادىل بولۇش، ياخشىلىق قىلىش، كۆيۈنۈش، ئاتا-ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىش، تۇغقانلار ئارا مۇناسىۋەتنى باغلاش، قوشنىلارنى ھۆرمەتلەش، باشقىلارغا كەڭ قورساق بولۇش، ئۆتۈنۈش، ياخشىلىق ۋە تەقۋالىققا ياردەم بېرىش، چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، كىچىكلەرگە كۆيۈنۈش، يېتىملەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش، مىسكىنلەرگە كۆڭۈل بۆلۈش، ھەربىر ھەق ئىگىسىنىڭ ھەققىنى بېرىش... كە ئوخشاش ئەخلاقلار.

ئاللاھ ۋە ئىنسانلار بىلەن بولىدىغان يۇقىرىقى ئىككى تۈرلۈك ئەخلاقلار ئىمان ۋە تەقۋالىقنىڭ كامالىتىدۇر. قۇرئاننىڭ نەزىرىدە گۈزەل ئەخلاق پەرز ئىبادەتلەرنىڭ ئاساسلىق مېۋىسىدۇر. قۇرئان ئەخلاقى ئەقىل، قەلب ۋە بەدەننىڭ ھەققىنى، شۇنداقلا شەخس ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەققىنى بېرىدىغان تەڭپۇڭلۇققا ئىگە.

### 6. قۇرئان ھەر زاماننىڭ كىتابىدۇر

قۇرئان كەرىم ھەر زامان، ھەر ماكان ۋە بارلىق ئىنسانىيەتنىڭ كىتابى، ھەقىقەتنىڭ كىتابىدۇر. بۇ كىتاب ئىلگىرىكى كىتابلارغا ئوخشاش ۋاقىتلىق كىتاب بولماستىن، قىيامەت كۈنىگىچە ياشايدىغان ئىنسانلارنىڭ كىتابىدۇر. چۈنكى بۇ كىتاب بۇرۇنقى بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىنسانلارنى ھەر زامان توغرا يولغا باشلاش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كىتابىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئاننىڭ كۆرسەتمىلىرى ھاياتلىق مەۋجۇتلا بولىدىكەن دائىملىقتۇر. ئاللاھ بۇ كىتابنى قىيامەتكىچە بارلىق زاماننىڭ كىتابى قىلىشنى ئىرادە قىلىپ چۈشۈرگەن.

قۇرئان كەرىم ئىنسانىيەتنىڭ ۋە بارلىق ھاياتلىقنىڭ كىتابى بولغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھ بۇ كىتابنى بارلىق كىشىلەرگە نازىل قىلغان. «ئۇ (يەنى قۇرئان) پۈتۈن ئەھلى جاھانغا نەسىھەتتۇر» (سۈرە تەكۋىر، 27-ئايەت). «پۈتۈن جاھان ئەھلىنى (ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇشى ئۈچۈن، بەندىسىگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى قۇرئاننى نازىل قىلغان ئاللاھنىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر» (سۈرە فۇرقان، 1-ئايەت).

بۇ كىتاب پايدىلىنىشنى مەقسەت قىلىدىغان ۋە ئاللاھتىن قورقىدىغانلار ئۈچۈن ھىدايەت ۋە ھايات يولىدۇر. مۇسۇلمان قۇرئانغا ئىخلاس بىلەن مۇئامىلە قىلسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە بۇ كىتابنىڭ ھىدايىتى، نۇرى،

نەسىھەتلىرى ۋە ھېكمەتلىرىنى ئاتا قىلدۇ: «بۇ كىتابتا پەقەت شەك يوق، بۇ كىتاب تەقۋادارلار ئۈچۈن ھىدايەتتۇر» (سۈرە بەقەرە، 2-ئايەت).

قۇرئان كەرىم پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ كىتابىدۇر. بۇ كىتاب بىرەر مىللەت ياكى بىرەر زامان ياكى بىرەر ماكان ئۈچۈن خاس ئەمەس، بەلكى ھەر زامان ۋە ھەر ماكاندىكى بارلىق ئىنسانىيەتنىڭ كىتابىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كىتاب ئىنسانىيەتكە تۈرلۈك ئۇسلۇبلاردا خىتاب قىلغان. «ئى مۇھەممەد! ئېيتقىنكى: ئى ئىنسانلار! مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ھەممىڭلارغا ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىمەن» (سۈرە ئەئراف، 158-ئايەت).

قۇرئان كەرىم ھەممە ئىنساننىڭ كىتابىدۇر، ھەممە ئىنسانلارنىڭ دەستۇرىدۇر. قۇرئان بارلىق ھايات مەسىلىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ كەلگەن كىتابتۇر، ھەر قايسى ساھەدىكى مەسىلىلەرگە قارىتا پرىنسىپلىرى ۋە كۆرسەتمىلىرى بار. ئۇ ھاياتنىڭ ھەر قايسى ساھەسىدە توختالغان كىتابتۇر. «ساڭا بىز كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ھەممە نەرسىنى (يەنى كىشىلەر موھتاج بولىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى) چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان، دىللارغا ھىدايەت، بەندىلەرگە رەھمەت، مۇسۇلمانلارغا مەڭگۈلۈك سائادەت بىلەن خۇش خەۋەر يەتكۈزىدىغان قىلىپ نازىل قىلدۇق» (سۈرە نەھل، 89-ئايەت).

قۇرئان كەرىم ئىلگىرىكى ساماۋى كىتابلار ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتاب. «ئى مۇھەممەد! بىز ساڭا ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ساماۋى كىتابلارنى ئېتىراپ قىلغۇچى ۋە ئۇلارغا شاھىت بولغۇچى ھەق كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) نازىل قىلدۇق» (سۈرە مائىدە، 48-ئايەت).

قۇرئان كەرىم بۇرۇنقىلارنىڭ ۋەقەلىكى، غەيبىي ۋە ماددىي ئالەم خەۋەرلىرىنى تەكىتلەيدىغان بىردىنبىر ئىشەنچلىك مەنبەدۇر. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: «قۇرئان كەرىمدە ئىلگىرىكىلەرنىڭ ۋە سىلەردىن كېيىنكىلەرنىڭ خەۋەرلىرى بار. قۇرئان ئوچۇق ھەقىقەت، كىم ئۇنى يوغانچىلىق قىلىپ تاشلىۋەتسە، ئاللاھ ئۇنى ھالاك قىلىۋېتىدۇ، كىم ھىدايەتنى قۇرئاندىن باشقا ئورۇندىن ئىزدىسە ئازدۇرۇۋېتىدۇ. قۇرئان ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىدۇر، ھېكمەتلىك باياندۇر، ئەڭ توغرا يولدۇر. قۇرئانغا ئېسىلىپ ماڭغاندا ئېزىپ كېتىش ئەھۋالى يۈز بەرمەيدۇ، تىلمۇ گاچىلىشىپ قالمايدۇ. بۇ كىتاب ئالىملار قانمايدىغان، كۆپ تەكرارلىغانغا كونىراپ قالمايدىغان ۋە مۆجىزىلىرى تۈگەپ كەتمەيدىغان كىتابتۇر. كىم قۇرئان بىلەن گەپ قىلسا، توغرا گەپ قىلغان بولىدۇ؛ كىم ئۇنىڭ بىلەن ئەمەل قىلسا، ئەجرىگە ئېرىشىدۇ؛

كىم ئۇنىڭ بىلەن ھۆكۈم چىقارسا، ئادىل قىلغان بولىدۇ؛ كىم ئۇنىڭغا چاقىرسا، توغرا يولغا ئېرىشكەن بولىدۇ» (تىرمىزى رىۋايىتى).

قۇرئان كەرىم ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئومۇمىي كىتاب بولغانلىقى ئۈچۈن ئىنسان ۋۇجۇدىغا خىتاب قىلىپ، بىر ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئەقلىنى قانائەتلەندۈرىدۇ، قەلبىنى ھەرىكەتلەندۈرىدۇ. ئىنساننىڭ ئەقلى، ۋىجدانى ۋە روھىغا خىتاب قىلىدۇ. ئىنسان زاتىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە خىتاب قىلىدۇ. بارلىق تۈردىكى ئىنسانلارغا ھەر خىل خىتاب قىلىدۇ.

ئەقلى ھەقىقەتنى ئىزدىگەن ئىنسان قۇرئاندا ئەقلى رازى بولغۇدەك نەرسىنى تاپالايدۇ. روھى ھەقىقەتنى ئىزدىگەن ئىنسان ۋىجدانىنى غىزالاندۇرغۇدەك ۋە روھىي ئىنتىلىشلىرىنى قاندۇرغۇدەك نەرسىنى تاپالايدۇ. ئىمان ئىزدىگەن ئىنسان ئەقىدە ئاساسلىرىغا روشەن كەسكىن پاكىتلارنى تاپالايدۇ. ئەخلاقى قىممەت-قاراش ئىزدىگەن ئىنسان ئارزۇ قىلغان ئەخلاق پرىنسىپلىرىنى تاپالايدۇ. گۈزەللىك قىممەت-قاراشلىرىنى ئىزدىگەن ئىنسان گۈزەللىك تۇيغۇسىنى قاندۇرغۇدەك نەرسىلەرنى تاپالايدۇ.

7. ئىززەت-ھۆرمەت كىتابىدۇر

قۇرئان كەرىم مۇسۇلمانلارنىڭ ئىززىتى ۋە شەرىپىدۇر. «سىلەرنىڭ شان-شەرىپىڭلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) سىلەرگە نازىل قىلىپ بەردۇق. بۇنى چۈشەنمەمسىلەر» (سۈرە ئەنبىيا، 10-ئايەت). يەنى قۇرئاننىڭ كۆرسەتمىلىرى بويىچە ئەمەل قىلساڭلار، قەدرىڭلار ئاشىدۇ، ئىززەت-ھۆرمىتىڭلار يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە سىلەرنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىڭلارنى ئاشۇرىدىغان پايدىلىق كىتابقا قانداقمۇ رازى بولمايسىلەر؟ قانداقمۇ ئەمەل قىلماي تۇرالايسىلەر؟ ئەگەر ئەقلىڭلار بولسا، قۇرئاننىڭ يولىنى تۇتۇپ ماڭىسىلەر. ھېچقانداق خاتالىق ياكى ئېۋەندىن خالىي مۇنداق كىتابقا ئەمەل قىلمىغىنىڭلار سىلەردە ئەقىل ۋە ئىدىيەنىڭ ساغلام ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ.

### [2] قۇرئان كەرىمنىڭ مەقسەتلىرى

قۇرئان كەرىم ئىنسانىيەتنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن كۆپلىگەن مەقسەت ۋە پرىنسىپلارغا چاقىرغان. بىز بۇ يەردە بۇ مەقسەت ۋە پرىنسىپلارنى بىر قانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلايمىز.

1. ئەقىدە ۋە تەسەۋۋۇرلارنى ئىسلاھ قىلىش

1) قۇرئان ئەقىدە ۋە تەسەۋۋۇرنى ئىسلاھ قىلىش ۋە تۈزىتىش ئۈچۈن ياراتقۇچىغا شېرىك كەلتۈرۈشنى ئەڭ ئېغىر جىنايەت قىلىپ بەلگىلىدى. چۈنكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش ھەقىقەتكە زۇلۇم قىلغانلىق، رىئاللىقنى ساختىلاشتۇرغانلىق ۋە ئىنساننى كائىناتنىڭ خوجىسى سۈپىتىدىن مەخلۇقلارغا بويسۇنۇش دەرىجىسىگە چۈشكۈنلەشكەنلىكتۇر. «ئاللاھقا خالىس ئىبادەت قىلىڭلار،

ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرمەڭلار، كىمكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، ئۇ گويا ئاسماندىن تاشلىنىپ، قۇشلار ئۇنى ئېلىپ قاچقاندەك ياكى بوران ئۇنى ئېلىپ بېرىپ يىراق جايغا تاشلىۋەتكەندەك بولۇپ قالىدۇ» (سۈرە ھەج، 31-ئايەت).

شېرىك خۇراپات ۋە ئەپسانىنىڭ ئۇۋىسى بولغانلىقى ئۈچۈن قۇرئان ئاللاھقا يالغۇز ئىبادەت قىلىشقا چاقىرغان ۋە ئاللاھقا يالغۇز ئىبادەت قىلىشنى بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسىدىكى ئورتاق پرىنسىپ دەپ جاكارلىغان.

قۇرئان ئاللاھ بىلەن بەندىلەر ئارىسىدىكى ئالاقە يولىنى داغدام ئېچىۋەتكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلامدا ئاللاھ بىلەن بەندىلەر ئارىسىدىكى ئالاقىنى مونوپول قىلىۋالغان بىرىدىكلەرگە ئورۇن يوق. ئاللاھنىڭ دەرۋازىسى ئىرادە قىلغان ھەربىر كىشى ئۈچۈن ئوچۇق، ئۇنىڭ قولى دۇئا قىلغان كىشى ئۈچۈن ياخشىلىق بىلەن كەڭدۇر. «پەرۋەردىگارىڭلار ئېيتىدۇ: ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن دۇئايىڭلارنى قوبۇل قىلىمەن (تىلىگىنىڭلارنى بېرىمەن)» (سۈرە غاپىر، 60-ئايەت).

تەۋھىد (ئاللاھنى بىر دەپ ئېتىقاد قىلىش) ھەقىقىي ئەركىنلىكنىڭ ئاساسىدۇر، چۈنكى ئىنسانىنى مۇقەددەس بىلگەن ياكى تاشقا چوقۇنغان كىشىدە ئەركىنلىك بولمايدۇ. تەۋھىد قېرىنداشلىق ۋە باراۋەرلىكنىڭ ئاساسى، چۈنكى تەۋھىد كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى، ئۇلار بىر ئاتا-بىر ئانىنىڭ بالىلىرى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئۆزئارا قېرىنداش، ئۇلار بىر-بىرىگە نىسبەتەن ئىلاھ ئەمەستۇر، دېگەن ئېتىقادقا تايىنىدۇ. قۇرئان كەرىم باشتىن-ئاخىرىغىچە تەۋھىدكە چاقىرىدۇ، شېرىككە قارشى تۇرىدۇ. مۇۋەھھىدلەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ دۇنيا-ئاخىرەتلىك ياخشى بولىدىغانلىقى ۋە مۇشرىكلارنىڭ ئىككى دۇنيادا يامان ئاقىۋەتكە قالىدىغانلىقىغا چاقىرىقتۇر. قۇرئان كەرىم بۇددىزم ۋە بۇرۇلۇپ كەتكەن ئەھلى كىتابنىڭ دىنلىرى بۇزۇۋەتكەن تەۋھىد ئەقىدىسىنى ئىسلاھ قىلغان. مەسىلەن: يەھۇدىي دىنى پەرۋەردىگارنى ھېرىپ چارچايدىغان، پۇشايمان قىلىدىغان مەخلۇققا ئوخشاتقان. خىرىستىيان دىنى رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ بۇددىزملىقى بىلەن تەسىرلەنگەن، خىرىستىيان دىنىنى بۇددىستلىق بېسىپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن چېركاۋلار ھەيكەللەر توشۇپ كەتكەن. خىرىستىيان دىنى ئۈچ ئىلاھلىق ئەقىدىسى، دارغا ئېسىلىش ۋە تۆلەم تۆلەش ئەقىدىسىنى ھىندىستاننىڭ (كىرىشنا) ئەقىدىسىدىن قوبۇل قىلغا ن.

2) قۇرئان كەرىم پەيغەمبەرلىك ۋە ئىلاھىي ۋەزىپىدىكى تەسەۋۋۇرنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن

پەيغەمبەرلىككە ئېھتىياجىنىڭ بارلىقىنى بايان قىلغان: «پەيغەمبەرلەر ئەۋەتىلگەندىن كېيىن ئاللاھنىڭ ئالدىدا كىشىلەر(يەنى پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن بولسا ئەلۋەتتە ئىمان ئېيتاتتىم دېگۈچىلەر)گە باھانە بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، (ئىتائەت قىلغۇچىلارغا جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى، (ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى دوزاختىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق» (سۈرە نىسا، 165-ئايەت).

پەيغەمبەرلەرنىڭ خۇش بېشارەت بېرىش ۋە ئازابتىن ئاگاھلاندۇرۇش ۋەزىپىلىرىنى بايان قىلغان، چۈنكى ئۇلار ئىلاھ ئەمەس ياكى ئىلاھنىڭ باللىرى ئەمەس، بەلكى ئۇلار ۋەھيي قوبۇل قىلىدىغان ئىنساندۇر. ئۇلارنىڭ دەۋەت قىلىشقا كۈچى يېتىدۇ، قەلبلەرنى ھىدايەت قىلىش ياكى كونترول قىلىشقا كۈچى يەتمەيدۇ. «سەن ئۇلارغا ۋەز-نەسىھەت قىلغىن، سەن پەقەت ئۇلارغا ۋەز-نەسىھەت قىلغۇچىسەن. سەن ئۇلارنى ئىمانغا مەجبۇرلىغۇچى ئەمەسسەن» (سۈرە غافىر، 21،22-ئايەتلەر).

قۇرئان كەرىم پەيغەمبەرلەر توغرىسىدا كىشىلەر بۇرۇندىن تارتىپ قوزغىغان شۈبھەلەرگە رەددىيە بەرگەن. كىشىلەر بۇرۇندىن تارتىپ پەيغەمبەرلەرگە: سىلەر پەقەت ئىنسانغۇ! ئاللاھ خالىغان بولسا پەرىشتىلەرنى پەيغەمبەر قىلاتتى، دەيتتى. شۇنداقلا قۇرئان كەرىم پەيغەمبەرلەرگە ئىشەنگەنلەر ۋە ئىنكار قىلغانلارنىڭ ئاقىۋىتىنى بايان قىلغا ن.

3) قۇرئان كەرىم قىيامەت كۈنى ۋە ئۇ كۈندىكى جەننەتتىن ئىبارەت مۇكاپات ۋە دوزاختىن ئىبارەت جازا ھەققىدە كۆپ توختالغان. قۇرئان بۇ ئەقىدىنى مۇستەھكەملەش ۋە تۇرغۇزۇش ئۈچۈن تۈرلۈك ئۇسۇللارنى قوللانغان. ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىشنىڭ مۇمكىنلىكى توغرىسىدا ئاللاھنىڭ ئىنسانلارنى دەسلەپتە ياراتقاندەك قايتا يارىتىشقا قادىر ئىكەنلىكىگە دەلىل كەلتۈرگەن ۋە چوڭ جىسىملارنى يارىتىش ئالدىدا ئىنساننى يارىتىش ئاددىي ئىش دەپ ئەسكەرتكەن. «ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىشنى ئىنكار قىلغۇچى كاپىرلار بىلمەمدۇكى، ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان ۋە ئۇلارنى يارىتىشتا چارچاپ قالمىغان ئاللاھ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئەمەسمۇ؟ ئۇ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر» (سۈرە ئەھقاف، 33-ئايەت).

ياخشى ئىش قىلغۇچى ۋە يامان ئىش قىلغۇچىنىڭ مۇكاپات ۋە جازا مەسىلىسىدە ئوخشاش بولمايدىغانلىقىدىكى ھېكمەتنى بايان قىلغان. ئەگەر ئىككى كىشىنىڭ مۇكاپات ۋە جازاسى ئوخشاش بولۇپ قالسا، ھايات ئەھمىيەتسىز بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئاخىرەتتە ساۋاب ۋە رازىلىقىغا

ئېرىشىدىغانلىقى، كاپىرلارنىڭ جازا ۋە زىيانغا دۇچار بولىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن قىيامەت كۈنى ۋە قورقۇنچى، ئىنساننىڭ ھەممە ئىشلىرى خاۋاتىرلەنگەن خاتىرە، ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئۆلچىنىدىغان تارازا ۋە ھېچكىمگە زۇلۇم قىلمايدىغان ئىنچىكە ھېساب توغرىسىدا كۆپ توختالغان. شۇنداقلا جەننەت ۋە ئۇنىڭ ماددىي -مەنىۋى نېمەتلىرى، دوزاخ ۋە ئۇنىڭ ماددىي-مەنىۋى دەرد-ئەلەملىرى توغرىسىدىمۇ كەڭرى توختالغان. چۈنكى ئاخىرەت ھاياتى دۇنيا ھاياتىنىڭ داۋامىدۇر، ئىنسان ھەر ئىككى دۇنيادا جىسىم ۋە روھى بىلەن ياشايدۇ، شۇڭا ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن مۇكاپاتلىنىدۇ ياكى جازالىنىدۇ.

قۇرئان كەرىم مۇشرىكلارنىڭ ئىلاھلىرىمىز قىيامەت كۈنى شاپائەت قىلىدۇ، دەيدىغان شېرىك ئېتىقادى ۋە گۇمانلىرىنى بىكار قىلىپ تاشلىغان. قىيامەت كۈنىدە مۆمىندىن باشقىسى شاپائەتكە ئېرىشەلمەيدۇ، ئىنسانغا ئىش-ھەرىكىتىدىن باشقىسى پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ، بىر ئىنسان يەنە بىر ئىنساننىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ. «بىر ئىنسان يەنە بىر ئىنساننىڭ گۇناھى تۈپەيلىدىن جازاغا تارتىلمايدۇ. ئىنسان پەقەت ئۆزىنىڭ ئىشلىگەن نەتىجىسىنى كۆرىدۇ» (سۈرە نەجم، 38-، 39-ئايەتلەر).

2. ئىنساننىڭ ھۆرمىتى ۋە ھوقۇقىنى يېكىتىش

قۇرئان كەرىم ئىنسانىنى «مۆھتەرەم، ئېسىل مەخلۇق» دەپ تەكىتلىدى. ئاللاھ ئادەمنى يارىتىپ ئۇنىڭغا روھ ئاتا قىلدى، ئۇنى زېمىندىكى ئىزباسارى قىلىپ بەلگىلىدى، پەرزەنتلىرىنى ئۇنىڭدىن كېيىن ئىزباسار قىلىپ تەيىنلىدى. پەرىشتىلەر ئىنتىلگەن بۇ شەرەپكە ئادەم ۋە بالىلىرى مۇيەسسەر بولدى، كائىنات ئاسمان ۋە زېمىنى بىلەن ئۇلارغا بويسۇندۇرۇلۇپ بېرىلدى. «بىز ئادەم بالىلىرىنى ھۆرمەتلىك قىلدۇق، ئۇلارنى قۇرۇقلۇقتا (تۇرلۇك قاتناش ۋاسىتىلىرىغا) مىندۇردۇق، دېڭىزدا كېمىلەرگە چىقاردۇق. ئۇلارنى شېرىن يېمەكلىكلەر بىلەن رىزىقلاندۇردۇق، ئۇلارنى مەخلۇقاتلىرىمىزنىڭ نۇرغۇنىدىن ئۈستۈن قىلدۇق» (سۈرە ئىسرا، 70-ئايەت).

يەنە: «بىلمەمسىلەركى، ئاللاھ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممىنى سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى (يەنى سىلەرنىڭ پايدىلىنىشىڭلارغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ بەردى). سىلەرگە ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن (يەنى ماددىي ۋە مەنىۋى) نېمەتلىرىنى كاماللەتكە يەتكۈزۈپ بەردى» (سۈرە لوقمان، 20-ئايەت)

شۇ سەۋەبتىن قۇرئان كەرىم بەزى بىر چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچىلەرنىڭ ياخشى نېمەتلەرنى ھارام قىلىۋېلىشىنى ئىنكار قىلدى. «ئېيتقىنكى، ئاللاھ بەندىلىرى ئۈچۈن ياراتقان لىباسلارنى، شېرىن،

پاك رىزىقلارنى كىم ھارام قىلدى؟» (سۈرە ئەئراف، 32-ئايەت).

بەزى ئىنسانلارنىڭ شەخسىيىتىنى يوقىتىپ، باشقىلارنىڭ قۇيرۇقچىلىرى بولۇپ قالغانلىقىنى ئىنكار قىلغان. «ئۇلار: پەرۋەردىگارىمىز! بىز ھەقىقەتەن باشلىقلىرىمىزغا، كاتتىلىرىمىزغا ئىتائەت قىلدۇق، ئۇلار بىزنى توغرا يولدىن ئازدۇردى» (سۈرە ئەھزاب، 67-ئايەت). يەنە بەزىلەرنىڭ بەزى ئىنسانىنى مۇقەددەس بىلىپ، ئىلاھ قىلىۋېلىشىنى ئىنكار قىلغان.

### ئىنسان ھوقۇقى

قۇرئان كەرىم ئىنسانىنىڭ ھۆرمەت-ئىززىتىنى تەكىتلەش يۈزىسىدىن 14 ئەسىر بۇرۇن ئىنسان ھوقۇقىنى مۇقەررەرلەشتۈرگەن.

قۇرئان كەرىم نەزەر يۈرگۈزۈش ۋە تەپەككۇر قىلىش ئەركىنلىكىنى مۇقەررەرلەشتۈرگەن. «ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنى كۆزىتىڭلار» (سۈرە يۇنۇس، 101-ئايەت)؛ ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى مۇقەررەرلەشتۈرۈپ: «دىنغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن زورلاشقا بولمايدۇ» دېگەن (سۈرە بەقەرە، 256-ئايەت). يەنە: «سەن كىشىلەرنى مۇسۇلمان بولۇشقا مەجبۇرلامسەن؟» دېگەن (سۈرە يۇنۇس، 99-ئايەت).

ھەممە ئىنسانلارنىڭ باراۋەرلىكىنى مۇقەررەرلەشتۈرگەن: «ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن (ئادەم بىلەن ھاۋادىن ئىبارەت) بىر ئاتا بىر ئانىدىن ياراتتۇق، ئۆزئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن، سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق، ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر-بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ). ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر» دەيدۇ. (سۈرە ھۇجۇرات، 13-ئايەت).

ياخشى رىزىقلاردىن بەھرىمەن بولۇش ۋە گۈزەل نەرسىلەردىن ھوزۇرلىنىش ھەققىنى بېكىتكەن. «ئېيتقىنكى، ئاللاھ بەندىلىرى ئۈچۈن ياراتقان لىباسلارنى، شېرىن، پاك رىزىقلارنى كىم ھارام قىلدى؟» (سۈرە ئەئراف، 32-ئايەت)

ئىنسانىنىڭ توي قىلىش، ئائىلە قۇرۇش ۋە پەرزەنت كۆرۈش ئەركىنلىكىنى مۇقەررەرلەشتۈرگەن: «ئاياللار بىلەن ئۈنسى-ئۈلپەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ئۇلارنى سىلەرنىڭ ئۆز تىپىڭلاردىن ياراتقانلىقى، ئاراڭلاردا مېھىر-مۇھەببەت ئورناتقانلىقى ئاللاھنىڭ كامالىي قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان ئالامەتلىرىدىندۇر، پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن، بۇنىڭدا نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار» (سۈرە رۇم، 21-ئايەت).

ھەربىر ئىنسانىنىڭ ھايات كەچۈرۈش ھەققىنىڭ بارلىقىنى مۇقەررەرلەشتۈرگەن: «كىمكى ناھەق

ئادەم ئۆلتۈرمىگەن ياكى يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلمىغان بىر ئادەمنى ئۆلتۈرسە، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنى ئۆلتۈرگەندەك بولىدۇ» (سۈرە مائىدە، 32-ئايەت). ھەربىر ئىنساننىڭ پۇل تېپىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ۋە چەتئەللەرگە چىقىش ئەركىنلىكىنى مۇقەررەرلەشتۈرگەن. ھالالدىن تاپقان مال-مۈلكىدىن بەھرىمەن ھەققىنىڭ بارلىقىنى، شۇنداقلا ھەربىر ئىنساننىڭ ئۆيىنىڭ ھۆرمىتىنى قوغداش ۋە رۇخسەتسىز كىرمەسلىك ھوقۇقىنى بېكىتكەن.

ھەربىر ئىنساننىڭ قېنى، مال-مۈلكى، ئىززەت-ئابرۇيى ۋە ھۆرمىتىنىڭ بارلىقىنى قارار قىلغان. ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىش ۋە مال-مۈلۈكلىرىنى قوغداش ھەققىنىڭ بارلىقىنى ئالاھىدە ئەسكەرتكەن. شۇنداقلا ھەربىر ئىنساننىڭ (مۇسۇلمان ياكى كاپىر بولسۇن) كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئادىل مۇئامىلىگە ئېرىشىش ھەققىنى ئوتتۇرىغا قويغان:«بىرەر قەۋمگە بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار ئۇلارغا ئادىل بولماسلىقىڭلارغا سەۋەب بولمىسۇن، ئادىل بولۇڭلار، بۇ تەقۋالىققا ئەڭ يېقىندۇر» (سۈرە مائىدە، 7-ئايەت).

ھەربىر ئىنساننىڭ ئاجىز ياكى كەمبەغەل بولغان بولسا، بايلارنىڭ مۈلكىدىن تۇرمۇش كاپالەت ياردەم پۇلىغا ئېرىشىپ ياشاش ھوقۇقىنىڭ بارلىقىنى مۇقەررەرلەشتۈرگەن: «ئۇلارنىڭ پۇل-ماللىرىدا سائىللار ۋە موھتاجلار ھوقۇققا ئىگە» (سۈرە زارىيات، 19-ئايەت).

جەمئىيەتتىكى ھەربىر ئىنساننىڭ ھاكىم ۋە مەسئۇللار بىلەن مۇنازىرىلىشىش، ئۇلارنىڭ كۆز-قاراشلىرىغا ئېتىراز بىلدۈرۈش ۋە شەرىئەتنىڭ ئەھكاملىرى بويىچە ھۆكۈم يۈرگۈزۈشنى تەلەپ قىلىش ھوقۇقى بار. شۇنداقلا ھەربىر ئىنساننىڭ يامان ئىشلارنى ئىنكار قىلىش، بۇزغۇنچىلىقنى رەت قىلىش، ئوچۇق زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش ھوقۇقى بار:«زالىملارغا مايىل بولماڭلار،مايىل بولساڭلار دوزاخ ئازابىغا قالىسىلەر، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا (دوزاختىن قۇتۇلدۇرىدىغان) ھېچ ياردەمچى يوقتۇر»(سۈرە ھۇد، 113-ئايەت). «زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، ئىسلاھ قىلمايدىغان ھەددىدىن ئاشقۇچىلارنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلماڭلار» (سۈرە شۇئەرا، 151-152-ئايەت).

ئىسلام دىنى يۇقىرىقى بۇ ئىشلارنى ئىنسان ھوقۇقىدىن يۇقىرى ئورۇندا قويۇپ، پەرز دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن. ھەق-ھوقۇققا تەۋە ئىش بولسا ۋاز كەچكىلى بولىدۇ، بىراق پەرز ئىشلار بولسا ۋاز كەچكىلى بولمايدۇ.

ئاجىزلارنىڭ ھوقۇقىنى تەكىتلەش

قۇرئان كەرىم بارلىق ئىنسانلارنىڭ ھوقۇقىنى مۇقەررەرلەشتۈرگەن بولسىمۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاجىزلار توغرىسىدا كۈچلۈكلەرنىڭ زۇلۇم قىلىشى ياكى ھاكىملارنىڭ ئۇلارنىڭ

مەسىلىسىگە سەل قارىشىدىن ئەنسىرەپ، بۇ مەسىلىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت نەزىرى بىلەن قارىغان. شۇ سەۋەبتىن يېتىم ۋە مىسكىنلەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشنى ئىمانى مەجبۇرىيەت قىلىپ بېكىتكەن: «سىلەرنىڭ دوزاختا كىرىشىڭلارغا سەۋەب بولغان نەرسە نېمە؟دەپ سورىغاندا، ئۇلار جاۋابەن ئېيتىدۇ:بىز ناماز ئوقۇمىدۇق، مىسكىنلەرگە تائام بەرمىدۇق» (سۈرە مۇددەسسىر، 42-44-ئايەتلەر).

قۇرئان كەرىم زالىم جەمئىيەتكە خىتاب قىلىپ: «سىلەر يېتىمنى ھۆرمەت قىلمايسىلەر، بىر-بىرىڭلارنى مىسكىنگە ئاش-نان بېرىشكە قىزىقتۇرمايسىلەر» دېگەن (سۈرە فەجر، 17-18-ئايەتلەر). بۇ ئايەتتە يېتىملەرنى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ھۆرمەتلەشنىڭ ۋاجىپلىقىنى بەلگىلىگەن، يېتىملەرگە ياردەم بېرىش ھەربىرىنى كوللېكتىپ شەكىلدە ئېلىپ بېرىشقا كۆرسەتمە بەرگەن.

يېتىملەرنىڭ مال-مۈلۈكلىرى بولسا، ئۇنى ئاسراش، قوغداش ۋە مەبلەغ سېلىپ تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدا بىر بۆلەك قائىدىلەرنى كۆرسەتكەن. يېتىملەر كەمبەغەل بولسا زاكاتتىن ئىبارەت دۆلەتنىڭ مال-مۈلكىدە ئۇلارنىڭ ھەققىنىڭ بارلىقىنى بەلگىلىگەن. شۇنداقلا تۇغقانلىرىنىڭ مۈلۈكلىرىدە ئۇلارنىڭمۇ ھەققى بارلىقىنى مۇقەررەرلەشتۈرگەن. ئۇنىڭدىن سىرت قۇرئان زېمىندىكى ئاجىز بىچارىلەرنى قوغداش ۋە ئۇلاردىن زۇلۇمنى ئېلىپ تاشلاش ئۈچۈن جەڭ قىلىشنى يولغا قويغان.

مانا بۇلار قۇرئان كەرىم ئىنسانىيەتكە يەتكۈزگەن ئىلاھىي كۆرسەتمىلەر بولۇپ، ئىسلام جەمئىيىتى، مەدەنىيىتى ۋە تارىخى مۇشۇ ئاساستا شەكىللەنگەن.

### 3. ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ۋە ئاللاھدىن قورقۇش

قۇرئان كەرىمگە ئوخشاش ئاللاھنى ئۇلۇغلىغان، ئاللاھنىڭ ئىلمىنىڭ كەڭلىكى، ھېكمىتىنىڭ مۇكەممەللىكى، قۇدرىتىنىڭ كاتتىلىقى، ئىرادىسىنىڭ ئومۇملۇقى ۋە رەھمىتىنىڭ كەڭلىكىنى ئىزاھلىغان كىتاب تېپىلمايدۇ.قۇرئان كەرىم باشتىن ئاخىرغىچە ئاللاھنى ئۆز لايىقىدا كامالەت سۈپەتلىرى بىلەن مەدھىيىلەيدۇ، بارلىق نۇقسان سۈپەتلىرىدىن پاكلايدۇ. ئىنساننى ئىلاھىي يوليورۇقلىرى ئارقىلىق ئاللاھنىڭ يولىغا باشلايدۇ ۋە ئاللاھقا باغلايدۇ.

قۇرئان كەرىم ئىنساننىڭ زېمىندا يارىتىلىشىنىڭ بىرىنچى سەۋەبى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش دەپ بايان قىلدى:«مەن جىن ۋە ئىنسانلارنى پەقەت ماڭىلا ئىبادەت قىلسۇن دەپ ياراتتىم»(سۈرە زارىيات، 56-ئايەت).

ئاللاھ ئىنساننى ياراتقۇچى، ئىشلىرىنى تەدبىر قىلغۇچى،

ساناقسىز نېمەت ئاتا قىلغۇچى زات بولغانلىقى ئۈچۈن ئىبادەت قىلىشقا بىردىنبىر ھەقلىق زاتتۇر. ئىسلام دىنى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇدى، مۇسۇلماننى پەرۋەردىگارىغا تۈرلۈك پەرز ۋە نەپلە ئىبادەتلەر بىلەن باغلىدى. بۇ ئىبادەتلەر مۇسۇلماننى ئاللاھدىن قورقىدىغان سەۋىيەگە كۆتۈردى. تەقۋالىق دېگەن ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنۇش ۋە چەكلىگەن ئىشلىرىدىن يىراق تۇرۇش بولۇپ، بۇنىڭ ئاساسىي ئاللاھدىن قورقۇشتۇر. ئاللاھدىن قورقۇش قەلبكە تەۋە ئىشتۇر.

ئاللاھ مۆمىنلەرنى باشقا ئىشلارغا بۇيرۇشتىن ئاۋۋال تەقۋالىق قىلىشقا بۇيرۇماقتا:«ئى مۆمىنلەر! ئاللاھدىن قورقۇڭلار، توغرا سۆزنى قىلىڭلار. ئاللاھ سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارنى تۈزەيدۇ، گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ»(سۈرە ئەھزاب، 70،71-ئايەت).شۇنداقلا كۆپلىگەن بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلەردىن كېيىن تەقۋالىق قىلىشقا بۇيرۇيدۇ.شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان تەقۋالىقنى بۇرۇنقى ۋە كېيىنكىلەرگە ئاللاھنىڭ ۋەسىيىتى قىلىپ بەلگىلىگەن.

كىم قۇرئاننى مۇلاھىزە قىلسا دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ بارلىق ياخشىلىقىنىڭ تەقۋالىققا باغلانغانلىقىنى بايقايدۇ. مەسىلەن، خاپىلىقتىن قۇتۇلۇش، رىزىق تېپىش، ئىشلارنىڭ ئاسان بولۇشى، دۈشمەنلەردىن ساقلىنىش، ئاللاھنىڭ تۈرلۈك ياردەملىرىگە ئېرىشىش، ئاللاھنىڭ مۇھەببىتى، ئاللاھنىڭ نەزىرىدىكى ھۆرمەت، ھىدايەت تېپىش، ئىشلارنىڭ ئاللاھنىڭ نەزىرىدە مەقبۇل بولۇشى، جەننەتنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە دوزاخ ئازابىدىن ساقلىنىش...تەقۋالىققا باغلانغان.قۇرئان كەرىم تەقۋالىققا تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن بۇيرۇغان، ئۇنىڭ تەسىرىنى بايان قىلغان، تەقۋا بولغانلارنى مەدھىيەلىگەن، قىزىقتۇرغان ۋە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈشتىن ئاگاھلاندۇرغان.

4. ئىنسان نەپسىنى پاك قىلىش

ئىنسان نەپسىنى پاك قىلىش قۇرئان كەرىمنىڭ ئاساسلىق مەقسەتلىرىنىڭ قاتارىدىن. نەپسىنى پاك قىلماي تۇرۇپ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە غەلىبە قىلغىلى بولمايدۇ. ئىنسان نەپسى قوش بىسلىق خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، ئۆزىنى بۇلغاش ئىقتىدارىغا ئىگە، شۇنداقلا ئۆزىنى پاكلاش ئىقتىدارىغىمۇ ئىگە. شۇڭا ئىنسان ئەقلى ۋە ئىرادىسىگە تايىنىپ پاكلاش يولىنى ياكى بۇلغاش يولىنى تاللايدۇ. ئۆزىنى پاكلاش يولىنى تاللىسا غەلىبە يولىنى تاللىغان بولىدۇ:«ئۆزىنى پاكلىغان ئىنسان غەلىبە قازاندى» (سۈرە ئەئلا، 14-ئايەت).

پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسىنىڭ ئاساسلىق بىر قىسمى ئىنسان نەپسىنى پاكلاشتۇر: «ئاللاھ مۆمىنلەرگە ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىدىغان،

ئۇلارنى پاك قىلىدىغان، ئۇلارغا كىتابنى ۋە ھېكمەتنى ئۆگىتىدىغان، ئۆزلىرىدىن بولغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتىپ، ئۇلارغا چوڭ ئېھسان قىلدى. ھالبۇكى، ئۇلار بۇرۇن ئوچۇق گۇمراھلىقتا ئىدى»(سۈرە ئال ئىمران، 164-ئايەت).

بۇ ئايەتتە كەلگەن پاكلاش دېگەن سۆز پاكلىق ۋە تەرەققىي قىلىش دېگەن ئىككى مەزمۇننى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئەقلىنى شېرىكنىڭ خۇراپاتلىرىدىن، قەلبىنى باغرى تاشلىقتىن، ئىرادىنى ھايۋانىي شەھۋەتتىن ۋە ئىستىلنى ناچار ئەخلاقلاردىن پاكلاش لازىم. شۇنداقلا، ئەقلىنى بىلىم-مەرىپەت بىلەن، قەلبىنى ئىمان بىلەن، ئىرادىنى ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا يۈزلىنىش بىلەن، ئىستىلنى ئادالەت ۋە ئېسىل ئەخلاقنى چىڭ تۇتۇش ئارقىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم.

ئىسلامدىكى ئىبادەت ۋە ئەدەپ-ئەخلاقلارنىڭ مەقسىتىمۇ ئىنسان نەپسىنى پاكلاشتۇر. ئىنسان نەپسىنى پاكلاپ، يامانلىققا تەشەببۇس قىلىدىغان ھالەتتىن ئۆز-ئۆزىدىن ھېساب ئالىدىغان ۋە ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئىتائەت قىلىپ ماڭىدىغان ھالەتكە كۆتۈرۈش كېرەك. ئىنسان ئۆزىنى پاكلاش ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ ۋە قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان مۆمىنلەرنىڭ ئەخلاقلىرى بىلەن ئەخلاقلىنىشى، شۇنداقلا قۇرئان كەرىم ئوچۇق روشەن بايان قىلغان مۇناپىقلارنىڭ ناچار ئەخلاقى ۋە رەزىللىكىدىن پاكلىنىشى لازىم.

5. ئائىلە شەكىللەندۈرۈش ۋە ئاياللارغا ئىنساب بىلەن مۇئامىلە قىلىش

ياخشى ئائىلە شەكىللەندۈرۈشنىڭ ئاساسى شەرىئەتكە ئۇيغۇن نىكاھ قىلىشتۇر. قۇرئان توي قىلىشنى ئاللاھنىڭ قۇدرەتلىرىنىڭ قاتارىدىن دەپ بەلگىلىگەن. ئەر-ئايالنىڭ ھاياتتىكى بەخت-سائادىتىنىڭ رېئاللىققا چىقىشى ئۈچۈن ئەر-ئايال ئارىسىدىكى ئالاقىنى مېھىر-مۇھەببەت ۋە كۆيۈنۈش ئالاقىسى بولۇشىنى ئىرادە قىلغان:«ئاياللار بىلەن ئۈنسى-ئۈلپەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ ئۇلارنى سىلەرنىڭ ئۆز تىپىڭلاردىن ياراتقانلىقى، ئاراڭلاردا مېھىر-مۇھەببەت ئورناتقانلىقى ئاللاھنىڭ كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان ئالامەتلىرىدىندۇر، پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن، بۇنىڭدا نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار»(سۈرە رۇم، 21-ئايەت). بۇ ئايەت ئەر-ئاياللىق ھاياتىنىڭ ئاساسىنى: خاتىرجەملىك، مۇھەببەت ۋە كۆيۈنۈشتىن ئىبارەت ئۈچ ئامىل دەپ بايان قىلدى. قۇرئان ئەر-ئاياللىق ئارىسىدىكى باغلىنىشنى ناھايىتى كۈچلۈك باغلىنىش ۋە مۇستەھكەم ئەھدە دەپ ئاتىدى.

ئىسلامدىكى ئائىلە قۇرۇشتىن مەقسەت ياخشى پەرزەنتلەرگە ئېرىشىشتۇر. پەرزەنتلەرنىڭ ياخشى تەربىيەلىنىشى ئۈچۈن ئەر-ئايال ئارىسىدا ئېتىقاد جەھەتتىن

ئۆيغۇنلۇق بولۇشى لازىم، شۇڭا شەرئەت كاپىر ياكى مۇشرىكلار بىلەن توي قىلىشنى هارام دەپ بېكىتتى .

ئائىلە مەسىلىسىدە قۇرئان كەرىم ئاياللارغا ئىنساب بىلەن مۇئامىلە قىلدى، ئۇلارنى هېچقانداق هوقۇقى يوق دەپ قارايدىغان زۇلۇملاردىن ئازاد قىلدى. ئاياللارنى هۆرمەتلەپ، ئۇلارنىڭ هوقۇقلىرىنى تولۇق بەلگىلەپ بەردى. ئۇلارنى ئايال، ئانا، قىز بولۇش ئېتىبارى بىلەن هۆرمەتلىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاياللار ئىسلامدا مەسئۇلىيەتنىڭ ئاساسىدا، ئىنسانىي هۆرمەتتە، تەبىئىي هوقۇقلاردا، ئاللاهنىڭ نەزىرىدىكى مۇكاپات-جازالاردا... ئەر كىشىلەر بىلەن ئوخشاش. دېمەك، هوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلەردە ئوخشاش.

ئىسلام دىنىدا ئاياللارنىڭ ئەرلەر بىلەن بولغان ئالاقىسى بىر-بىرىنى تولۇقلايدىغان ئىككى تەرەپنىڭ باراۋەرلىك ئالاقىسىدۇر. ئىككى جىنسنىڭ بەخت- سائادىتى بىر بىرىنى تولۇقلاش بىلەن هاسىل بولىدۇ.

ياراتقۇچى ئاللاه ئەر بىلەن ئايال ئارىسىنى يارىتىشتا ۋە ئىنسانپەرۋەرلىكتە باراۋەر قىلىپ ياراتتى. چىقىشىش، خاتىرجەم بولۇش، ئۆز-ئارا كۆيۈنۈش، رەهىمدىللىك ۋە هېسداشلىق ئالاقىسى شەكىللىنىش ئۈچۈن ئىنسان جۈپتىنى ئىنساندىن يارىتىپ بەردى.

ئەر- ئاياللارنىڭ نىكاه قىلغان چاغدا بەرگەن ۋەدىسى ئەڭ كۈچلۈك ۋەدىدۇر. ئەر-ئاياللىق ئالاقىسى ئاتا-بالىلىق ئالاقىسىدىنمۇ كۈچلۈك بولىدۇ، ئەر-ئاياللار ئارىسىدىكى مېھىر-مۇھەببەت ۋە كۆيۈنۈش باشقا تۇغقانلار ئارىسىدىكىدىنمۇ كۈچلۈك بولىدۇ. ئايال كىشى توي قىلغاندا بەخت-سائادەتكە يۈزلەندىم دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئايال كىشى ئېرى ئۈچۈن بارلىق تۇغقانلىرىدىن ئايرىلىشقا رازى بولىدۇ.

قۇرئان كەرىمدە ئىلاهىي خىتاب ئەر بىلەن ئايالغا ئوخشاش كەلگەن، شۇنداقلا تەكلىپ مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىش سالاهىيىتىنىڭ ئىككىيلەن ئارىسىدا ئورتاقلىقىنى تەكىتلەش ئۈچۈن مەسئۇلىيەتمۇ ئومۇمىي كەلگەن. تەكلىپ (مەسئۇلىيەت) سالاهىيىتىدىكى باراۋەرلىكنىڭ مۇكەممەللىكى ئۈچۈن هېساب بېرىش، مۇكاپات ۋە جازادىمۇ باراۋەرلىك تولۇق بولغان:«ئەر-ئايال مۆمىنلەردىن كىمكى ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن، بىز ئۇنى ئەلۋەتتە (دۇنيادا قانائەتچانلىق، هالال رىزىق ۋە ياخشى ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلىپ) ئوبدان ياشىتىمىز. ئۇلارغا، ئەلۋەتتە، قىلغان ئەمەلىدىنمۇ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز» (سۈرە نەهل، 97-ئايەت).

ئەر-ئايال ئارىسىدىكى باراۋەرلىك مەسىلىسى پەرز ئەين دائىرىسىدە توختاپ قالماستىن، پەرز كۇپايە (ئىجتىمائىي پەرز)نىڭ

كۆپىنچىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدى. مانا بۇ جەمئىيەت قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۈرۈشتە ۋە جەمئىيەتنى گۈللەندۈرۈشتە ئاياللارنىڭ ئەرلەر بىلەن ئوخشاش سالاھىيىتىنىڭ بارلىقىنى تەكىتلەيدۇ. پەرز كۆپايىنى ئورۇنداۋاتقانلار ئەرلەر بولۇشى مۇمكىن ياكى ئاياللار بولۇشى مۇمكىن.

6. ئىنسانىيەتكە گۈزەللىق بېرەلىگۈدەك ئۈممەتنى يېتىشتۈرۈش

قۇرئان كەرىمنىڭ مەقسەتلىرىنىڭ بىرى، ئىلاھىي ۋەزىپىسىنى تەتبىقلايدىغان، ھاياتنى ئەقىدىسى ۋە شەرىئىتىگە ئۇيغۇن قۇرۇپ چىقىدىغان، پەرزەنتلىرىنى شەرىئەتنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە تەربىيەلەيدىغان ۋە ئىنسانىيەتنى ياخشىلىق، نۇر ۋە رەھمەتلىككە يېتەكلەش ئۈچۈن ئىلاھىي ۋەزىپىسىنى پۈتۈن دۇنياغا يەتكۈزىدىغان ئۈممەت شەكىللەندۈرۈشتۇر: «بىز سېنى پەقەتلا پۈتۈن جاھانغا رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق» (سۈرە ئەنبىيا، 107- ئايەت).

ئىسلام دىنى ئۈممەتنى تىلى ياكى رەڭگى ياكى زېمىنى ئاساسىدا ئەمەس، بەلكى ئەقىدە ۋە ئىدىيە ئاساسىدا قۇرۇپ چىقىشنى ئىرادە قىلغان. ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممە نەرسىدىن ئىلگىرى ئەقىدە ۋە ئىلاھىي ۋەزىپىنى ئاساس قىلىدىغان ھەقىقەتكە ئەزا بولۇشىنى ئىرادە قىلغان.

ئىسلام ئۈممىتىنىڭ قۇرئاندىكى ئوبرازلىق سۈپەتلىرى:

1) رەببانىي

بۇ ئۈممەتنىڭ مەنبەسى ئىلاھىي مەنبەدۇر، يۆنىلىشىمۇ ئىلاھىي يولدۇر. چۈنكى بۇ ئۈممەتنى ئاللاھنىڭ ۋەھيىسى شەكىللەندۈرگەن، ئەھكاملىرى پەرۋىش قىلىپ يېتىلدۈرگەن: «شۇنىڭدەك (يەنى سىلەرنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغاندەك) كىشىلەرگە (يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرگە) شاھىت بولۇشۇڭلار ئۈچۈن ۋە پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە شاھىت بولۇشى ئۈچۈن، بىز سىلەرنى ئوتتۇرھاللىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ئۈممەت قىلدۇق»(بەقەرە، 143-ئايەت). يەنە: «ئى مۆھەممەد ئۈممىتى! سىلەر ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىدىغان، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر...» دېگەن (ئال ئىمران، 110-ئايەت). دېمەك، بۇ ئۈممەتنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى ئىلاھى، يۆنىلىشىمۇ ئىلاھىدۇر، چۈنكى بۇ ئۈممەت ئاللاھ ئۈچۈن، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ۋە ئاللاھنىڭ مېتودىنى زېمىندا ئەمەلىي تەتبىقلاش ئۈچۈن ياشايدۇ.

2) ئوتتۇرھاللىق

ئوتتۇرھاللىق بۇ ئۈممەتنى ئىنسانىيەتكە گۈزەللىق بېرىش ۋە ئۇستازلىق قىلىش سالاھىيىتىگە

ئىگە قىلىدىغان سۈپەت. بۇ ئۆممەت ئېتىقاد، تەسەۋۋۇر، ئىبادەت، ئەخلاق، ئىستىل، تۈزۈم، پىكىر ۋە تۈيغۇغا ئوخشاش ھەر قايسى تەرەپتىن ئوتتۇرھاللىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.روھ بىلەن ماددا ئارىسىدا، نەمۇنىلىك بىلەن رېئاللىق ئارىسىدا، ئاقىلانىلىك بىلەن ۋىجدان ئارىسىدا، يەككىلىك بىلەن كوللېكتىپ ئارىسىدا، مۇقىملىق بىلەن تەرەققىي قىلىش ئارىسىدا ئوتتۇرھاللىقتا ئىگە ئۆممەت.بۇ ئۆممەت ئەڭ توغرا يولنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئۆممەت.

3) دەۋەت قىلىش

بۇ ئۆممەت ھەقىقەت، ياخشىلىق ۋە ھىدايەتنى باسۇرۇپ ياتىدىغان ئۆممەت بولماستىن، باشقىلارنى دەۋەت قىلىدىغان ۋە ئىلاھى ۋەزىپە ئىجرا قىلىدىغان ئۆممەتتۇر. ئىمان ئېيتىش بىلەن بىرگە دەۋەت قىلىش، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇش ۋە يامان ئىشلاردىن توسۇش بۇ ئۆممەتنى باشقا ئۆممەتلەردىن ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىدىغان ئاساستۇر. بۇ ئۆممەت يۇقىرىقى خۇسۇسىيەتلىرى ئارقىلىق باشقىلاردىن ھەقىقەت مىزانىدا يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئىسلام دىنى دۇنياۋى دىن بولغانلىقى ئۈچۈن دۇنياۋىلىق سۈپىتىكە ئىگە بۇ ئۆممەت ھەقىقەتنى بارلىق ئىنسانلارغا يەتكۈزۈشى، ئىنسانىيەت دۇنياسىنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇشى لازىم.

4) بىرلىك

ئىسلام ئۆممىتى تۇرلۇك مىللەت، تىل ۋە رەڭلەردىن تەركىب تاپقان بولسىمۇ، بىرلىك خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بىر ئۆممەتتۇر. ئىسلام دىنى دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنى ئېتىقاد ۋە شەرىئەت ئاساسىدا بىرلەشتۇرگەن: «ماۋۇ ئۆممەت بىر ئۆممەتتۇر، مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇرمەن، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار» (سۈرە ئەنبىيا، 92-ئايەت).

ئاللاھ بۇ ئۆممەتنى ئەقىدە، شەرىئەت، نىشان-غايە، مېتود، ئىبادەت، ئەخلاق، تۈزۈم...جەھەتلەردىن بىرلەشتۇرگەن. بۇ ئۆممەتنىڭ پەرۋەردىگارى بىر، پەيغەمبىرى بىر، قۇرئانى، قىبلىسى بىر، شەرىئەتى بىر، چوڭ يۆرتى بىر ۋە سىياسىي بىرلىكىنى مۇجەسسەملەشتۈرۈپ تۇرىدىغان يېتەكچىسى بىر ئۆممەتتۇر:«بۇ مېنىڭ توغرا يولۇمدۇر، شۇ يولدا مېڭىڭلار، ناتوغرا يوللاردا ماڭماڭلار، ئۇلار سىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئايرىۋېتىدۇ، (ئاللاھنىڭ ئەمرىنى تۇتۇپ دوزاختىن)ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ سىلەرگە بۇ ئىشلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ» (سۈرە ئەنئام، 153-ئايەت).

بۇ ئۆممەت تۇرلۇك مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان بىر ئۆممەتتۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام قېرىنداشلىقى باشقا ھەر قانداق قېرىنداشچىلىقتىن يۇقىرى تۇرىدۇ، ئىسلام قېرىنداشلىقى ئىمانىنىڭ ئىپادىسىدۇر: «بارلىق مۆمىنلەر قېرىنداشتۇر» (سۈرە

ھۇجۇرات، 10-ئايەت)

بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتىمەنكى، ئىمان ئاساسىدىكى ئىسلام قېرىنداشلىقى ھەربىر مىللەتنىڭ خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى - ئىسلام قېرىنداشلىقىغا قارشى چىقمىسا - ئىنكار قىلمايدۇ. ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا زىيان كەلتۈرمەيدىغان مىللەتپەرۋەرلىك روھى ھەرگىزمۇ چەتكە قېقىلمايدۇ، بەلكى ئالقىشلىنىدۇ. چۈنكى ھەربىر ئىنساننىڭ ئۆز خەلقى ئۈچۈن ياخشىلىقنى ياخشى كۆرۈشى ۋە ئۇلاردىن زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئۇرۇنۇشى ئىنساندىكى تەبىئىي تۇيغۇدىن ئىبارەت.

7. ھەمكارلىشىدىغان ئىنسانىيەت دۇنياسىغا دەۋەت قىلىش

ئىسلام دىنى نىشان، قىممەت-قاراش ۋە مېتود جەھەتتە ئالاھىدە بىر ئۈممەت بولۇشقا چاقىرسىمۇ، ئۆزگە بىكىنمىچىلىك قىلىشنى خالىمايدۇ. چۈنكى ئىسلام دىنى خەلقئارالىق دىن، بارلىق ئىنسانىيەت ئۈچۈن كەلگەن دەۋەت ۋە ئاللاھنىڭ ھەربىر بەندىسى ئۈچۈن رەھمەتتۇر.

ئىسلام ئۈممىتى بۇ خەلقئارالىق دەۋەتنى پۈتۈن دۇنياغا يەتكۈزۈشكە تەكلىپ قىلىنغان، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئۈممەت ھىدايەت تاپقان ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلىپ ئىسلاھ بولغاندىن كېيىن ياخشىلىق ۋە نۇرنى بېسىپ يېتىۋالسا بولمايدۇ. باشقىلارنى ئاللاھنىڭ نۇرىغا باشلىشى، ئۇلارنى ئىسلاھ قىلىشى ۋە ئاللاھ نېسىپ قىلغان ياخشىلىققا چاقىرىشى لازىم. بۇ ئۈممەت كىشىلەرنى توغرا يولغا باشلاش، كىشىلەرگە پايدا يەتكۈزۈش، كىشىلەرنى ئىسلاھ قىلىش ۋە ئۇلارنى قاراڭغۇلۇقتىن نۇرغا چىقىرىش ئۈچۈن چىقىرىلغان ئۈممەتتۇر. بۇ ئۈممەتنىڭ بىرىنچى ۋەزىپىسى باشقىلارنى دەۋەت قىلىشتۇر. بۇ ئۈممەت باشقىلارنى يالغۇز ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش، دۇنيانىڭ تارلىقىدىن ئاخىرەتنىڭ كەڭلىكىگە يۆتكىلىش ۋە دىنلارنىڭ زورلايدىغان زۇلۇمىدىن ئىسلامنىڭ ئەركىنلىك بېرىدىغان ئادالىتىگە چىقىرىش ئارقىلىق ئىنسانىي ئەركىنلىكنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا بۇيرۇلغان.

ئىسلامنىڭ خەلقئارالىق ۋەزىپىسى ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئومۇمىي رەھمەتتۇر ۋە ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن چاقىرىقتۇر. ئىسلامنىڭ رەھىمدىللىكى ياكى ياخشىلىقنى نامايان قىلىپ بېرىدىغان پرىنسىپلىرى تۆۋەندىكىچە:

1) ئىنساننى ئىنسانغا ئىبادەت قىلىشتىن ئازاد قىلىش

ئىسلام دىنى خالىس تەۋھىدكە دەۋەت قىلىش ۋە شېرىكنىڭ بارلىق تۈرلىرىگە قارشى تۇرۇش ئارقىلىق ئىنساننى ئىنسانغا قۇللۇق قىلىشتىن ئازاد قىلدى، شۇنداقلا

نەرسىلەر ياكى خىياللارغا قۇلچىلىق قىلىشتىنمۇ ئازاد قىلدى. ئىسلام دىنى كىشىلەر مۇقەددەس بىلىپ يۈرگەن ساختا ئىلاھلارنى كەم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر نەزەردىن پۈتۈنلەي ساقىت قىلىۋەتتى. ئىنسانلارنىڭ ئىنسانلارغا ئىبادەت قىلىشىنى ۋە باش قويۇشىنى پۈتۈنلەي چەكلىۋەتتى.

2) ئىنسانىي قېرىنداشلىق ۋە باراۋەرلىك

ئىسلام دىنى دەۋەت قىلغان تەۋھىدنىڭ مېۋىلىرىنىڭ قاتارىدىن ئىنسانىي قېرىنداشلىق ۋە ئىنسانىي باراۋەرلىكتۇر. چۈنكى ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى تەۋھىد دەۋىتىنىڭ تەقەززاسى بويىچە بىر پەرۋەردىگارنىڭ بەندىلىرىدۇر، ئۇنداقتا ھەممە ئىنسانلار ئاللاھقا قۇلچىلىق قىلىش دەرىجىسىدە ئوخشاش. شۇنداقلا ئۇلار بىر ئاتىنىڭ باللىرى بولۇپ، ئادەمنىڭ باللىرى بولۇش دەرىجىسىدە باراۋەر.

رەسۇلۇللاھ نۇرغۇن ئادەم توپلاشقان ھەج پائالىيىتىدە: «ئى ئىنسانلار! پەرۋەردىگارىڭلار بىر، ئاتاڭلارمۇ بىر، ھەممىڭلار ئادەمنىڭ باللىرى، ئادەم باللىرى ئارىسىدا تەقۋالىقتىن باشقا ئارتۇقچىلىق بولمايدۇ» دېگەندى (ئەھمەد رىۋايەت قىلغان).

ئاللاھ قۇرئاندا: «ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن (ئادەم بىلەن ھاۋادىن ئىبارەت) بىر ئاتا بىر ئانىدىن ياراتتۇق، ئۆز ئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق، ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر-بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ)، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر»دەيدۇ. (سۈرە ھۇجۇرات، 13- ئايەت).

رەسۇلۇللاھ: «بەندىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ قېرىنداش ئىكەنلىكىگە مەن گۇۋاھ»دېگەن (ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى). دېمەك، بەندىلەرنىڭ ھەممىسى ئومۇمىي ئىنسانىي جەھەتتىن قېرىنداشتۇر. قېرىنداشلىق:ئۆز-ئارا مۇھەببەت، باراۋەرلىك ۋە ھەمكارلىشىشتىن ئىبارەت ئۈچ ئامىلدىن شەكىللىنىدۇ .

ئىسلامدا ئىمان ئۈستىگە قۇرۇلغان دىنىي قېرىنداشلىق بار بولۇپ، بۇ قېرىنداشلىق ھەر قانداق قېرىنداشلىقتىن يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ، بۇ قېرىنداشلىق باشقا تۈردىكى ئىنسانىي قېرىنداشلىق، مىللەت قېرىنداشلىقى ۋە ۋەتەنداش قېرىنداشلىقىنى ئىنكار قىلمايدۇ. قۇرئان كەرىم بۇ خىل تۈردىكى قېرىنداشلىقنىمۇ ئىسپاتلىغان.

3) ھەممە كىشىلەرگە ئادىل مۇئامىلە قىلىش

ئىسلام دىنىي بارلىق كىشىلەر ئارىسىدا ئادالەتنى تۇرغۇزۇشقا دەۋەت قىلغان، بۇ يەردىكى ئادالەت چاقىرىقى پەقەت مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئىنسانىيەت ئارىسىدا بولىدۇ.

ئاللاھ قۇرئاندا ئىلاھى دىنىنىڭ مەقسەتلىرىنى بايان قىلىپ:«بىز پەيغەمبەرلىرىمىزنى روشەن مۆجىزىلەر بىلەن ئەۋەتتۇق ۋە ئۇلار بىلەن بىللە، ئىنسانلار ئادالەتنى بەرپا قىلسۇن دەپ كىتابنى ۋە ئادالەت قانۇنىنى چۈشۈردۇق» (سۈرە ھەدىد، 25-ئايەت). پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىش ۋە ئىلاھى كىتابلارنى چۈشۈرۈشتىكى مەقسەت ئىنسانىيەت ھاياتىدا ھەربىر ھەق ئىگىسىنىڭ ھەققىنى بېرىدىغان ئادالەت ۋە ئادىللىقنى رېئاللىقتا ئاشۇرۇش ئۈچۈندۇر. «ئاللاھ سىلەرنى ئامانەتلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا، كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلغاندا ئادىل ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ» (سۈرە نىسا، 58-ئايەت).

ئىسلام دىنىدا ئادالەت يېقىن ياكى يىراق تۇغقانچىلىقتىن، ياخشى كۆرۈش ۋە يامان كۆرۈش تۈيغۇسىدىن يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ:«ئى مۆمىنلەر! خۇدالىق ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىشتە، ئۆزۈڭلارنىڭ ۋە ئاتا-ئاناڭلارنىڭ ياكى تۇغقانلىرىڭلارنىڭ زىيىنىغا(گۇۋاھلىق بېرىشكە) توغرا كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئادالەتنى بەرپا قىلىشقا تىرىشىڭلار» (سۈرە نىسا، 135-ئايەت).

يەنە:«ئى مۆمىنلەر! ئاللاھنىڭ (ھەقلىرىنى) ئادا قىلىشقا تىرىشىڭلار، ئادىللىق بىلەن گۇۋاھلىق بېرىڭلار، بىرەر قەۋمگە بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار ئۇلارغا ئادىل بولماسلىقىڭلارغا سەۋەب بولمىسۇن، دۈشمىنىڭلارغا ئادىل بولۇڭلار، بۇ تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر»دەيدۇ. (سۈرە مائىدە، 8-ئايەت). مانا بۇ ئادالەت.

4) دۇنياۋى تىنچلىق

ئىسلام دىنىي ئىنسانلار ئارىسىدا ئۇرۇش ۋە توقۇنۇشنىڭ ئورنىغا تىنچلىققا دەۋەت قىلغان. ئىسلامدىكى ئاللاھ يولىدىكى كۈرەش دەۋەتنى ياكى مۇسۇلمانلارنى ھىمايە قىلىش، مۇسۇلمانلارغا جەڭ ئېلان قىلغانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش، زېمىندىكى ئاجىزلارنى قۇتقۇزۇۋېلىش ۋە ھەددىدىن ئاشقۇچىلارنى ئەدەپلەپ قويۇش ئۈچۈن پەرز قىلىنغان:«سىلەرگە ئۇرۇش ئاچقان ئادەملەرگە قارشى ئاللاھ يولىدا كۈرەش قىلىڭلار، تاجاۋۇز قىلماڭلار، تاجاۋۇز قىلغۇچىلارنى ئاللاھ دوست تۇتمايدۇ» (سۈرە بەقەرە، 190-ئايەت).

يەنە «تاكى زىيانكەشلىك، بوزەك قىلىش ۋە ئەقىدە سەۋەبىدىن ئېزىش تۈگىگەن ۋە ئاللاھنىڭ دىنى

يولغا قويۇلغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار، ئەگەر ئۇلار ئۇرۇشنى توختاتسا، زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن باشقىلارغا دۈشمەنلىك قىلىشقا بولمايدۇ»دەيدۇ (سۈرە بەقەرە، 193-ئايەت). رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋرىدە يۈز بەرگەن ئۇرۇشلار مۇداپىئە ئۇرۇشى ئىدى. ئىسلامدىكى ئەسلى قائىدە تىنچلىق، ئۇرۇش قىلىش ئايرىم ئەھۋالدۇر.

5) كەڭ قورساق بولۇش

ئىسلام دىنى دەۋەت قىلغان پىرىنسىپ ۋە قىممەت-قاراشلارنىڭ بىرسى، مۇسۇلمان بولمىغانلار بىلەن كەڭ قورساق بولۇش، دۈشمەنلىك قىلمىسا ئۇلارغا ئاداۋەت تۇتماستىن ئالىي ئىنسانىي روھ بىلەن مۇئامىلە قىلىشتۇر. قۇرئان كەرىم مۇسۇلمان بولمىغانلارنى بىر تاياقتا ھەيدىمەستىن، ئىككى تۈرگە ئايرىپ مۇئامىلە قىلغان. بىر تۈرى مۇسۇلمانلار بىلەن دىن سەۋەبلىك ئۇرۇش قىلىدۇ، ئۇلارغا دۈشمەنلىك قىلىدۇ ۋە بوزەك قىلىدۇ. يەنە بىر تۈرى بولسا بۇ تۈردىكى قەبىھ ئادالەتسىز ئىشلارغا ئارىلاشمايدۇ. قۇرئان كەرىم مۇسۇلمان بولمىغانلارغا قارىتا ئالاقە تۇغرىسىدا ئېنىق كەسكىن روشەن قانۇننى بەلگىلىگەن:«كۇففارلاردىن سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلمىغان ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارمىغانلارغا كەلسەك، ئاللاھ ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلاردىن، ئۇلارغا ئادىل بولۇشۇڭلاردىن سىلەرنى توسمايدۇ، ئاللاھ ئادىللارنى دوست تۇتىدۇ. ئاللاھ دىن ئۈچۈن سىلەر بىلەن ئۇرۇشقان، سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارغان ۋە سىلەرنى ھەيدەپ چىقىرىشقا ياردەملەشكەنلەرنى دوست تۇتۇشۇڭلاردىن سىلەرنى توسىدۇ، كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇلار زالىملاردۇر» (سۈرە مۇمتەھىنە، 8- 9- ئايەتلەر).

ئاندىن مۇسۇلمانلار بىلەن توختام تۈزگەن غەيرى مۇسۇلمانلار ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

بىر تۈرى: ۋاقىتلىق توختام بولۇپ، توختام مۇددىتى تۈگىگەنگە قەدەر داۋاملىشىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە بۇ توختام دىپلوماتىيە ئالاقىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

يەنە بىر تۈرى: داۋاملىق توختامغا ئىگە كىشىلەر بولۇپ، مۇسۇلمانلار بۇلارنى«ئەھلى زىممە» (يەنى دائىم ئامانلىققا ئېرىشكۈچىلەر) دەپ ئاتايدۇ. بۇلار پايدا-زىياندا مۇسۇلمانلار بىلەن ئوخشاش ھۆكۈمدە بولىدۇ. بۇلار ئىسلام دىيارىنىڭ پۇقرالىرى قاتارىدىن سانىلىدۇ.

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇراھمان جامال

(بۇ ماقالە دوكتور يۈسۈپ قەرزاۋىينىڭ «قۇرئانغا قانداق مۇئامىلە قىلىمىز» ناملىق كىتابىدىن قىسقارتىلىپ تەرجىمە قىلىندى).

# ئىسلام دىنىمىزنىڭ قانۇن مەنبەسى
# قۇرئان كەرىم



دوكتور ئابدۇلخالىق ئۇيغۇر

ئىنسان تۇغۇلۇشىدىنلا ئىنسانلار جەمئىيىتىگە موھتاج. چۈنكى ئۇ جەمئىيەتتە تۇغۇلىدۇ، جەمئىيەتتە ئۆسۈپ چوڭ بولىدۇ، جەمئىيەتتىكى ئىنسانلار بىلەن بىللە ئۆتىدۇ. دېمەك، ئىنسان دائىم بىر توپ كىشىلەر ئىچىدە ياشايدۇ، ئۇنىڭ جەمئىيەتكە ئارىلاشماي يالغۇز تۇرمۇش كەچۈرەلىشى ناتايىن. جامائەت، توپ مەۋجۇت بولغانىكەن، چوقۇم ئۇ توپتىكى كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرىنى تەرتىپكە سالىدىغان، ھەق-ھوقۇقلىرىنى قوغدايدىغان بىر قانۇن-تۈزۈم بولۇشى كېرەك، چۈنكى كىشىلەردە ئۆز مەنپەئەتىنى ياخشى كۆرۈشتىن ئىبارەت تۇغما تەبىئەت ئەزەلدىن مەۋجۇت. شۇنىڭ ئۈچۈن يەر شارىغا تۇنجى ئىنسان ئادەم ئەلەيھىسسالام چۈشكەندىن باشلاپ ئاللاھ قانۇن-تۈزۈملەرنى چۈشۈرگەن. ﴿قُلْنَا اهْبِطُوا مِنْهَا جَمِيعًا فَإِمَّا يَأْتِيَنَّكُمْ مِنِّي هُدًى فَمَنْ تَبِعَ هُدَايَ فَلَا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ﴾. «(ئۇلارغا) ‹ھەممىڭلار بۇيەردىن چۈشۈڭلار، سىلەرگە مەن تەرەپتىن بىر يول كۆرسەتكۈچى (يەنى پەيغەمبەر ۋە كىتاب) كېلىدۇ، مەن كۆرسەتكەن يولغا ئەگەشكەنلەرگە (ئاخىرەتتە) قورقۇنچ ۋە غەم- قايغۇ بولمايدۇ› دېدۇق».[1]

ئىنسانىيەتنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشىشى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا ئەنە شۇ قانۇن-تۈزۈملەرنىڭ يىغىندىسى ۋە ئەڭ مۇكەممەل قىسمى بولغان ئىلاھىي دەستۇرنى پەيغەمبەرلىرىمىز ئارقىلىق بىزلەرگە يەتكۈزگەن. پەيغەمبىرىمىز ئارقىلىق بىزگە يەتكۈزۈلگەن بۇ ئەڭ ئاخىرقى ئىلاھىي دەستۇر بولسا قۇرئان كەرىمدۇر. قۇرئان كەرىم بولسا ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەقىقەتەن پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى كىشىلەرگە ئىسپاتلاش ئۈچۈن نازىل قىلغان مۆجىزە خاراكتېرلىك كىتاب بولۇپ، بۇ كىتاب ئۆز ئىچىگە ئالغان مۆجىزىلەر ئارقىلىق كىشىلەر ئۇنىڭدىكى بارلىق ھۆكۈملەرنىڭ ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانىيەتنى بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن نازىل قىلغان

[1] سۈرە بەقەرە، 38-ئايەت

تەلىماتلىرى ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرىدۇ. مانا شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قۇرئان كەرىم نازىل بولغاندىن باشلاپ تا ھازىرغا قەدەر بارلىق مۇسۇلمانلار قۇرئان كەرىمنىڭ ھۆكمىگە مۇتلەق بويسۇنۇشنىڭ پەرزلىكىدە ۋە قۇرئان كەرىمنىڭ دىنىمىزنىڭ ئەڭ ئاساسلىق قانۇن مەنبەسى ئىكەنلىكىدە ئىتتىپاقتۇر. چۈنكى قۇرئان كەرىمگە ئىمان كەلتۈرگەن ھەرقانداق مۇسۇلمان ئاللاھ تائالانىڭ قۇرئان كەرىمدىكى مۇنۇ ئايەتلىرىگە تولۇق ئىمان كەلتۈرمىگۈچە مۆمىن بولالمايدۇ: ﴿وَمَا كَانَ لِمُؤْمِنٍ وَلَا مُؤْمِنَةٍ إِذَا قَضَى اللَّهُ وَرَسُولُهُ أَمْرًا أَنْ يَكُونَ لَهُمُ الْخِيَرَةُ مِنْ أَمْرِهِمْ وَمَنْ يَعْصِ اللَّهَ وَرَسُولَهُ فَقَدْ ضَلَّ ضَلَالًا مُبِينًا﴾. «ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان چاغدا، ئەر – ئايال مۆمىنلەرنىڭ ئۆز ئىشىدا ئىختىيارلىقى بولمايدۇ (يەنى ئاللاھ ۋە ئاللاھ نىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان ئىكەن، ھېچ بىر ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشىغا بولمايدۇ)، كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلىدىكەن، ھەقىقەتەن ئۇ ئوپئوچۇق ئازغان بولىدۇ».[2] ﴿وَمَنْ لَمْ يَحْكُمْ بِمَا أَنْزَلَ اللَّهُ فَأُولَئِكَ هُمُ الْكَافِرُونَ﴾. «كىملەركى ئاللاھ نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئۇلار كاپىرلاردۇر».[3] ﴿وَأَنِ احْكُمْ بَيْنَهُمْ بِمَا أَنْزَلَ اللَّهُ وَلَا تَتَّبِعْ أَهْوَاءَهُمْ....أَفَحُكْمَ الْجَاهِلِيَّةِ يَبْغُونَ وَمَنْ أَحْسَنُ مِنَ اللَّهِ حُكْمًا لِقَوْمٍ يُوقِنُونَ﴾. «ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاللاھ ساڭا نازىل قىلغان قۇرئاننىڭ ئەھكامى بويىچە ھۆكۈم قىلغىن، ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن. ئۇلار جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ھۆكمىنى تەلەپ قىلامدۇ؟ (ئاللاھقا) چىن ئىشىنىدىغان قەۋمنىڭ نەزىرىدە ھۆكۈمدە ئاللاھتىنمۇ ئادىل كىم بار».[4]

### قۇرئان كەرىم ئۆز ئىچىگە ئالغان ھۆكۈملەر

قۇرئان كەرىم ئۆز ئىچىگە ئالغان ھۆكۈملەر ھەر خىل بولۇپ، بۇلارنى ئاساسلىق چوڭ ئۈچ تۈرگە ئايرىش مۇمكىن.

1. ئەقىدىگە ئالاقىدار ھۆكۈملەر (بۇلارنىڭ تەپسىلاتى ئەقىدە ئىلمىدە تونۇشتۇرۇلغان).

2. ئەخلاققا دائىر ھۆكۈملەر (بۇلارنىڭ تەپسىلاتى ئەخلاق ياكى تەسەۋۋۇف ۋە تەزكىيە نامى ئاستىدىكى پەنلەردە بايان قىلىنغان).

3. مۇكەللەفلەرنىڭ (يەنى قانۇن يېشىغا يەتكەنلەرنىڭ) سۆز ۋە ئىش ھەرىكەتلىرىگە ئالاقىدار ھۆكۈملەر بولۇپ، بۇ ھۆكۈملەرنى فىقھى (ئىسلام قانۇنشۇناسلىقى) ئىلمىغا كۆرە ئىككى تۈرگە ئايرىپ ئىزاھلاشقا بولىدۇ:

بىرىنچى: ئىبادەتلەر. بۇنىڭدىن

[2] سۈرە ئەھزاب، 36 ـ ئايەت
[3] سۈرە مائىدە، 44 ـ ئايەت
[4] سۈرە مائىدە، 49 ـ 50 ـ ئايەتلەر

ناماز ۋە روزىغا ئوخشاش بەندە بىلەن رەببىنىڭ ئارىسىدىكى ئەمەللەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئىككىنچى: مۇئامىلىلەر. بۇنىڭدىن نىكاھ، تالاق ۋە جىھادقا ئوخشاش شەخس بىلەن شەخسنىڭ مۇناسىۋىتىنى، شەخس بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ۋە ئامما بىلەن ئاممىنىڭ، ياكى دۆلەت بىلەن دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىكىتىدىغان ھۆكۈملەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ ھۆكۈملەر تۆۋەندىكىچە:

1. نىكاھ، تالاق، بالا، نەسەب قاتارلىق ئائىلىگە ئالاقىدار ھوقۇق ۋە مەسئۇلىيەتلەرنى بايان قىلغان ھۆكۈملەر. (بۇ توغرۇلۇق كەلگەن ئايەتلەر 70).

2. شەخسلەر ئارىسىدىكى پۇل مۇئامىلە، سودا-سېتىق قاتارلىق ئىقتىسادىي مەسىلىلەرگە ئالاقىدار ھۆكۈملەر (70 ئايەت).

3. سوت ۋە ئەدلىيەگە ئالاقىدار ھۆكۈملەر (13).

4. جىنايى ئىشلار قانۇنىغا ئالاقىدار ھۆكۈملەر (30).

5. دۆلەت تۈزۈمى، رەئىس ۋە پۇقرانىڭ ھەق-ھوقۇقىغا ئائىت ھۆكۈملەر (10).

6. ئىسلام دۆلىتىنىڭ باشقا دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئالاقىسىغا دائىر ھۆكۈملەر (25).

7. دۆلەت ئىقتىسادىغا ئالاقىدار ھۆكۈملەر (10).

قۇرئان كەرىمنىڭ ھۆكۈملەرنى بايان قىلىش ئۇسلۇبى

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿وَنَزَّلْنَا عَلَيْكَ الْكِتَابَ تِبْيَانًا لِكُلِّ شَيْءٍ وَهُدًى وَرَحْمَةً وَبُشْرَى لِلْمُسْلِمِينَ﴾. «ساڭا بىز كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ھەممە نەرسىنى (يەنى كىشىلەر موھتاج بولىدىغان دىنىي ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى) چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان، (دىللارغا) ھىدايەت، (بەندىلەرگە) رەھمەت، مۇسۇلمانلارغا مەڭگۈلۈك سائادەت بىلەن خۇش خەۋەر يەتكۈزىدىغان قىلىپ نازىل قىلدۇق»[5] دېگەن.

دېمەك، قۇرئاندا بارلىق شەرئىي ھۆكۈملەر بايان قىلىنغان، بىراق قۇرئاننىڭ ھۆكۈملەرنى بايان قىلىشى تۆۋەندىكى ئۈچ خىل شەكىلدە بولغان:

1. ئاساسلىق قائىدە-تۈزۈملەرنى بايان قىلىش

قۇرئان كەرىم تا قىيامەتكىچىلىك كۈچكە ئىگە ئىلاھىي دەستۇر بولغانلىقى ئۈچۈن، زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يېڭىلىنىپ تۇرىدىغان مەسىلىلەرگىمۇ ئۇنىڭدا ئەلۋەتتە جاۋاب بولۇشى كېرەك ئىدى. ھېكمەتلىك بۇيۈك ئاللاھ بۇ مەسىلىنى ھۆكۈملەرنىڭ ئاساسلىق قائىدە-تۈزۈملىرىنى قۇرئاندا زىكرى قىلىش ۋە بۇ قائىدىلەرگە ئاساسەن مەسىلىلەرنىڭ تەپسىلىي

[5] سۈرە نەھل، 89-ئايەت

ھۆكۈملىرىنى بايان قىلىشنى مۇجتەھىد ئالىملارغا ھاۋالە قىلىش ئارقىلىق ھەل قىلغان. مەسىلەن ئاساسلىق قائىدە-تۈزۈملەرنى بايان قىلغان ئايەتلەردىن:

- ﴿إِنَّ اللَّهَ يَأْمُرُ بِالْعَدْلِ﴾. «ئاللاھ ھەقىقەتەن (كىشىلەر ئارىسىدا) ئادىل بولۇشقا بۇيرۇيدۇ».[6] بۇ ئايەتتە پۈتۈن قانۇن-تۈزۈملەرنىڭ تۈپ مەقسىتى بولغان ئادالەتنى بەرپا قىلىشقا بۇيرۇغان.

- ﴿وَتَعَاوَنُوا عَلَى الْبِرِّ وَالتَّقْوَى». «ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار».[7] بۇ ئايەتتە ھەر قانداق ياخشى ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئۆزئارا ھەمكارلىشىشقا بۇيرۇغان.

- ﴿وَمَا جَعَلَ عَلَيْكُمْ فِي الدِّينِ مِنْ حَرَجٍ﴾. «سىلەرگە دىندا ھېچقانداق مۇشكۈللۈكنى قىلمىدى (سىلەرنى سىلەر تاقەت قىلالمايدىغان ئىشلارنى قىلىشقا تەكلىپ قىلمىدى)».[8] ﴿لَا يُكَلِّفُ اللَّهُ نَفْسًا إِلَّا وُسْعَهَا﴾. «ئاللاھ ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ».[9] بۇ ئايەتلەردە دىندا بەلگىلەنگەن مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىشتا ئىنساننىڭ تاقىتى ئاساس قىلىنىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

- ﴿فَمَنِ اضْطُرَّ غَيْرَ بَاغٍ وَلَا عَادٍ فَلَا إِثْمَ عَلَيْهِ﴾. «كىمكى ئۆز ئىختىيارىچە ئەمەس، ئىلاجسىزلىقتىن (يۇقىرىقى ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن ھاياتىنى ساقلاپ قالغۇدەك يېسە، ئۇنىڭغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ».[10] بۇ ئايەتتە دىندا چەكلەنگەن ئىشلارنى زۆرۈرىيەت تېپىلغاندا قىلىشقا يول قويۇلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

- ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا أَوْفُوا بِالْعُقُودِ﴾. «ئى مۆمىنلەر! ئەھدىلەرگە (يەنى ئاللاھ بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ۋە سىلەرنىڭ ئۆزئاراڭلاردىكى ئەھدىلەرگە) ۋاپا قىلىڭلار».[11] بۇ ئايەتتە ئۆزئارا تۈزۈشكەن كېلىشىملەرگە رىئايە قىلىشنىڭ پەرزلىكى بايان قىلىنغان.

- ﴿وَلَا تَكْسِبُ كُلُّ نَفْسٍ إِلَّا عَلَيْهَا وَلَا تَزِرُ وَازِرَةٌ وِزْرَ أُخْرَى﴾. «ھەر ئادەم ئۆزى قىلغان گۇناھقا ئۆزى جاۋابكار، بىر گۇناھكار ئادەم باشقا ئادەمنىڭ گۇناھىغا جاۋابكار ئەمەس (يەنى بىر ئادەمنىڭ گۇناھى بىلەن باشقا بىر ئادەم جازاغا تارتىلمايدۇ)».[12] بۇ ئايەتتە ھەر ئىنسان ئۆزىنىڭ جىنايىتىدىنلا جاۋابكار ئىكەنلىكى، باشقىلارنىڭ سادىر قىلغان جىنايىتى ئۇنىڭغا يۈكلەنمەسلىكى كېرەكلىكى تەكىتلەنگەن.

كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى يېڭىلىنىپ تۇرىدىغان مەسىلىلەرنىڭ ھۆكمىنى بۇ

[6] سۈرە نەھل، 90-ئايەت
[7] سۈرە مائىدە، 2-ئايەت
[8] سۈرە ھەج، 78-ئايەت
[9] سۈرە بەقەرە، 286-ئايەت

[10] سۈرە بەقەرە، 173-ئايەت
[11] سۈرە مائىدە، 1-ئايەت
[12] سۈرە ئەنئام، 164-ئايەت

قائىدىلەرگە ئاساسەن بېكىتىش ئالىملارغا ھاۋالە قىلىنغانلىقىغا ئىشارەت قىلىپ قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَاسْأَلُوا أَهْلَ الذِّكْرِ إِنْ كُنْتُمْ لَا تَعْلَمُونَ﴾. «بىلمىسەڭلار ئىلىم ئەھلىلىرىدىن سوراڭلار».[13] ﴿فَلَوْلَا نَفَرَ مِنْ كُلِّ فِرْقَةٍ مِنْهُمْ طَائِفَةٌ لِيَتَفَقَّهُوا فِي الدِّينِ وَلِيُنْذِرُوا قَوْمَهُمْ إِذَا رَجَعُوا إِلَيْهِمْ لَعَلَّهُمْ يَحْذَرُونَ﴾. «ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەربىر جامائەدىن يەنە بىر تۈركۈمى دىنىي ئالىم بولۇپ، ئۇلار قەۋمىنىڭ قېشىغا قايتقاندىن كېيىن قەۋمىنىڭ ئاللاھتىن قورقۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش مەقسىتىدە نېمىشقا (ئىلىم تەلەپ قىلىشقا) چىقمىدى؟».[14]

2. ئەھكاملارنى ئومۇمىي بايان قىلىش. قۇرئاندىكى كۆپ ساندىكى ئەھكاملار مۇشۇ خىلدا زىكرى قىلىنغان. مەسىلەن، زاكات بېرىشكە بۇيرۇغان، تەپسىلىي شەرت ۋە ئۆلچەملىرى قۇرئاندا زىكرى قىلىنمىغان؛ قىساسنىڭ پەرزلىكى توغرىسىدا ئايەت كەلگەن، بىراق قىساسنىڭ شەرتلىرى بايان قىلىنمىغان. بۇنداق ئەھكاملارنى سۈننەت تەپسىلىي بايان قىلغان.

3. ئەھكاملارنى تەپسىلىي بايان قىلىش. قۇرئاندا بۇ خىلدا بايان قىلىنغان ئەھكاملار ناھايىتى ئاز. تەپسىلىي بايان قىلىنغان ئەھكاملاردىن ئەقىدە، مىراس مىقدارلىرى، تالاقنىڭ قانداق بولۇشى ۋە سانى، ئەر-ئايال ئارىسىدا لەنەت ئېيتىشىشنىڭ شەكلى، ئۆيلىنىشكە بولمايدىغان ئايال‌لار قاتارلىق بىر قانچە مەسىلە بار.

قۇرئان كەرىمنىڭ ھۆكۈملىرىنى بايان قىلىشتىكى ئۆزگىچىلىكى

قۇرئان كەرىمنىڭ ھۆكۈملىرىنى بايان قىلىشى ئۆزگىچە بولۇپ، نۆۋەتتىكى قانۇن كىتابلىرىغا تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. ھۆكمى ۋاجىپ بولغان مەسىلىنى بەزىدە بۇيرۇق پېئىلى بىلەن ئىپادىلىسە «آتوا الزكاة» «زاكات بېرىڭلار» دېگەندەك، بەزىدە شۇ ئىشنى قىلىش مۇكەللەفلەرگە يېزىلغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان پېئىل بىلەن زىكرى قىلىدۇ. مەسىلەن: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى الَّذِينَ مِنْ قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ﴾ «ئى مۆمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى».[15]

بىرەر ئىشنى قىلىشنىڭ ھاراملىقىنى بايان قىلىش ئۈچۈن بەزىدە چەكلەش فورمۇلاسى ئىشلىتىلسە، يەنە بەزىدە «ئۇ ئىشنى قىلغۇچى دوزاخ بىلەن جازالىنىدۇ» دېگەن ئىبارە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: «وَلَا تَقْتُلُوا النَّفْسَ الَّتِي حَرَّمَ اللَّهُ إِلَّا بِالْحَقِّ». «ناھەق

[13] سۈرە نەھل، 43-ئايەت
[14] سۈرە تەۋبە، 122-ئايەت
[15] سۈرە بەقەرە، 183-ئايەت

ئادەم ئۆلتۈرمەڭلاركى، ئاللاھ (ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈشنى) ھارام قىلدى».[16]

﴿إِنَّ الَّذِينَ يَأْكُلُونَ أَمْوَالَ الْيَتَامَى ظُلْمًا إِنَّمَا يَأْكُلُونَ فِي بُطُونِهِمْ نَارًا وَسَيَصْلَوْنَ سَعِيرًا﴾. «زۇلۇم قىلىپ يېتىملەرنىڭ مال-مۈلكىنى (ناھەق) يەۋالىدىغانلار، شۈبھىسىزكى، قورسىقىغا (قىيامەت كۈنى يېنىپ تۇرىدىغان) ئوتنى يەۋالغان بولىدۇ، ئۇلار يېنىپ تۇرغان ئوتقا (يەنى دوزاخقا) كىرىدۇ».[17]

شۇنداقلا قۇرئان كەرىم بىر قىسىم مەسىلىلەرنىڭ ھۆكمىنى بىر يەردىلا بىر پۈتۈن بايان قىلماستىن، بىر قانچە سۈرىگە بۆلۈپ پارچە-پارچە بايان قىلغان. مەسىلەن، ھەجنىڭ بىر قىسىم ئەھكاملىرى سۈرە بەقەرەدە بايان قىلىنغان بولسا، داۋامى سۈرە ھەجدە بايان قىلىنغان؛ تالاقتا دائىر بىر قىسىم ئەھكاملار سۈرە بەقەرە ۋە سۈرە نىسادا بايان قىلىنغان بولسا يەنە بىر قىسمى سۈرە تالاقتا بايان قىلىنغان. دېمەك، قۇرئان كەرىمدىن بىرەر مەسىلىنىڭ ھۆكمىنى بىلمەكچى بولغان كىشى قۇرئان كەرىمنىڭ ھۆكۈم بايان قىلىشتىكى ئۆزگىچە ئۇسلۇبىغا دائىر بىلىملەرنى تولۇق ئىگىلىشى ۋە شۇ مەسىلە ھەققىدە كەلگەن ئايەتلەرنىڭ ھەممىدىن تولۇق خەۋەردار بولۇشى كېرەك.

### قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنىڭ ئۇقۇمى

قۇرئان كەرىمنىڭ بىزگە نەقىل قىلىنىشى شەك شۈبھىسىز مۇتەۋاتىر يول بىلەن بولغانلىقى ئۈچۈن قۇرئان كەرىمنىڭ بىرمۇ ئايىتىدە شەك-شۈبھە يوق، شۇنداقلا قۇرئان كەرىمدىكى ئەھكاملارنىڭ ھەقىقەتەن ئاللاھ نىڭ تەلىماتى ئىكەنلىكىدە ھېچ شۈبھە يوقتۇر. ئەمما قۇرئان كەرىمدىكى ئايەتلەر مۆئەييەن مەسىلىنىڭ ھۆكمىنى بايان قىلىنغاندا «قەتئىي» (يەنى كەسكىن) ئۇقۇملۇق ئىبارىنىمۇ ئۇچرىتىمىز، «زەننىي» ئۇقۇملۇق (يەنى بىر قانچە خىل مەنىگە ئېھتىماللىق) ئىبارىلەرنىمۇ ئۇچرىتىمىز.

ئايەتتە ئىشلىتىلگەن ئىبارىنىڭ ئەرەب تىلىدا پەقەت بىرلا ئۇقۇمى بولسا مەسىلىنىڭ ھۆكمى شۇ ئايەت بىلەن «قەتئىي» (كەسكىن) ئىسپاتلىنىدۇ، بۇنىڭدا ئىجتىھاد قىلىشقا ھېچ يول قالمايدۇ. مەسىلەن: ﴿الزَّانِيَةُ وَالزَّانِي فَاجْلِدُوا كُلَّ وَاحِدٍ مِنْهُمَا مِئَةَ جَلْدَةٍ﴾. «زىنا قىلغۇچى ئايال ۋە زىنا قىلغۇچى ئەرنىڭ ھەر بىرىنى يۈز دەررىدىن ئۇرۇڭلار».[18] «يۈز» دېگەن بۇ ئىبارە پەقەت بىرلا ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدىغان، 90 ياكى 80 دەررە ئۇرساقمۇ بولار دەيدىغانغا ھېچبىر ئېھتىمال قالدۇرمايدىغان ئىبارىدۇر. بۇ خىل ئايەتلەر بىلەن ئىسپاتلانغان ھۆكۈملەرنى ئىنكار قىلغۇچى كاپىر بولىدۇ. ئايەتتە ئىشلىتىلگەن

[16] سۈرە ئىسرا، 33-ئايەت
[17] سۈرە نىسا، 10-ئايەت

[18] سۈرە نۇر، 2-ئايەت

ئىبارە «زەننىي» ئۇقۇملۇق ئىبارە بولسا، يەنى بىر قانچە مەنىگە ئىگە سۆز بولسا، ئايەتنىڭ مۇئەييەن مەسىلىنىڭ ھۆكمىنى ئىسپاتلاشتىكى «دەلىللىك» رولى «زەننىي» (يەنى ئېھتىماللىق) بولىدۇ. مەسىلەن: ﴿وَالْمُطَلَّقَاتُ يَتَرَبَّصْنَ بِأَنْفُسِهِنَّ ثَلَاثَةَ قُرُوءٍ﴾. «تالاق قىلىنغان ئاياللار ئۈچ ھەيز ئۆتكۈچە ئىددەت تۇتىدۇ».[19] «قُرُوء» دېگەن سۆز ئەرەبچىدە «ھەيز» دېگەنمۇ بولىدۇ، «پاكلىق» دېگەنمۇ بولىدۇ. مانا شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىبارىنىڭ «ھەيز» دېگەن ئۇقۇمغا ئاساسلىنىپ «تالاق قىلىنغان ئايال ئۈچ قېتىم ھەيز كۆرۈشى كېرەك» دېگەن ھەنەفىي مەزھىپىدىكىلەرگە دەلىل بولۇشىمۇ ئېھتىمال، «قُرُوء» كەلىمىسىنىڭ «پاكلىق» دېگەن مەنىسىگە ئاساسلىنىپ «ھەيزدىن ئۈچ قېتىم پاك بولۇشى كېرەك» دېگەن شافىئىي مەزھىپىدىكىلەرگە دەلىل بولۇشىمۇ ئېھتىمال. ھەر ئىككىلىسىگە ئېھتىماللىقى مەۋجۇت بولغانىكەن، بۇ ئايەتنىڭ ئۇقۇمى ھەققىدە ئىجتىھاد قىلىشمۇ دۇرۇس، ئىجتىھادتىن چىققان ھۆكۈممۇ «زەننىي» ھۆكۈم بولىدۇ. يەنى توغرا بولۇشىمۇ مۇمكىن، خاتا بولۇشىمۇ مۇمكىن. چۈنكى ئايەتتىكى «قُرُوء» دېگەن بۇ كەلىمە بۇ ئىككى مەنىدىن ھېچبىرىنى كەسكىن مۇئەييەنلەشتۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. مانا شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خىلدىكى ئايەتلەر بىلەن ئىسپاتلانغان ئېھتىماللىق ھۆكۈملەردىن بىرەرسىنى رەت قىلغان كىشىمۇ كاپىر بولمايدۇ.

ئالىملار ئارىسىدا ئىختىلاپ تۇغۇلۇشى، ھەتتا بىرەر مەسىلە ئۈستىدە كۆز قاراشلىرى يەتتە-سەككىز خىلغا يېتىشى ۋە مەزھەپلەرنىڭ كۆپ بولۇپ كېتىشىنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى قۇرئان ۋە ھەدىستە ئىشلىتىلگەن ئىبارەلەرنىڭ «زەننىي» بولۇشىدۇر.

ئاللاھ تائالا ئايەتلەرنىڭ ھەممىسىنى قەتئىي (كەسكىن) ئۇقۇملۇق قىلىپ نازىل قىلىشقا ئەلۋەتتە قادىر ئىدى، شۇنداق تۇرۇقلۇق ھەممىسىنى قەتئىي ئۇقۇملۇق قىلىۋەتمەسلىكى بۇ قۇرئان كەرىمنى تا قىيامەتكىچىلىك داۋر سۈرىدىغان، بارلىق ئىنسانىيەتكە ئىلاھىي دەستۇر قىلىپ چۈشۈرگەنلىكىدىن بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى ئىسلام قانۇنىنىڭ ئەسىرلەر بويى، ھەر زامان ھەر ماكاندا يېڭىلىنىۋاتقان ھەر تۈرلۈك مەسىلىلەرگە ھەل تاپالىشىدىكى ئاساسلىق ئامىللاردىن بىرى دەل قۇرئان ۋە ھەدىستىكى كۆپ ساندىكى ئىبارەلەرنىڭ «قەتئىي» ئۇقۇملۇق بولماي، مۇشۇنداق «زەننىي» ئۇقۇملۇق بولۇشىدۇر.

قۇرئان كەرىمگە قانداق مۇراجىئەت قىلىمىز؟

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق

[19] سۈرە بەقەرە، 228-ئايەت

دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا أَطِيعُوا اللَّهَ وَأَطِيعُوا الرَّسُولَ وَأُولِي الْأَمْرِ مِنْكُمْ فَإِنْ تَنَازَعْتُمْ فِي شَيْءٍ فَرُدُّوهُ إِلَى اللَّهِ وَالرَّسُولِ إِنْ كُنْتُمْ تُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ ذَلِكَ خَيْرٌ وَأَحْسَنُ تَأْوِيلًا﴾. «ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزۈڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر بىر شەيئىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، بۇ توغرىدا ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە (ھەقىقىي) ئىشىنىدىغان بولساڭلار، بۇ (يەنى ئاللاھ نىڭ كىتابىغا ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىگە مۇراجىئەت قىلىش) سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن گۈزەلدۇر».[20]

بۇ ئايەتكە ئاساسەن ھەر بىر مۇسۇلمان بىرەر شەيئىنىڭ ھۆكمىنى بىلمەكچى بولسا قۇرئان كەرىمگە مۇراجىئەت قىلىشى كېرەكتۇر. مۇراجىئەت ئىككى خىل بولىدۇ:

بىرىنچى، ئۇ شەيئىنىڭ ھۆكمىنى بىۋاستە قۇرئان كەرىمدىن ئىزدەش. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ كىشىدە تۆۋەندىكى شەرتلەر تېپىلىشى كېرەك:

1. ئەرەب تىلىنى پىششىق بىلىش. چۈنكى قۇرئان كەرىم ئەرەب تىلى بىلەن نازىل قىلىنغان، بۇنىڭدا تەرجىمىگە تايىنىشقا بولمايدۇ.

2. قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنى يادقا بىلىش. ھېچ بولمىغاندا ئەھكام ئايەتلىرىنىڭ قۇرئان كەرىمدىكى ئورنىنى ۋە مەزمۇنىنى تولۇق بىلىش.

3. قۇرئان كەرىم بىلىملىرى ھەققىدە يېزىلغان ئاساسلىق ماتېرىياللاردىن خەۋەردار بولۇش.

4. سۈننەتنى بىلىش.

5. ئىجما قىلىنغان (ئالىملار ئارىسىدا ھۆكمى ھەققىدە بىرلىككە كېلىنگەن) مەسىلىلەرنى بىلىش.

6. شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىنى بىلىش .

7. ئىجتىھاد قابىلىيىتى بولۇش.

ئىككىنچى، قۇرئان كەرىمدىن ۋاستىلىك ئىزدەش. قۇرئان كەرىمدىن بىۋاستە ئىزدەشكە قادىر بولالمايدىغانلار ئالىملارغا مۇراجىئەت قىلىشى كېرەك. قۇرئان كەرىمدە بۇ ھەقتە ﴿فَاسْأَلُوا أَهْلَ الذِّكْرِ إِنْ كُنْتُمْ لَا تَعْلَمُونَ﴾. «بىلمىسەڭلار ئىلىم ئەھلىلىرىدىن سوراڭلار»[21] دەيدۇ. ساھابىلەر دەۋرىدىمۇ بىلمىگەنلەر بىلگەن ئالىملىرىدىن سورايتتى، بۇنىڭدا ھېچكىم دەتالاش قىلماي يتتى .

[20] سۈرە نىسا، 59ـ ئايەت

[21] سۈرە نەھل، 43ـ ئايەت



# قۇرئان كەرىم مۆجىزىلىرى ھەققىدە

ئوبۇلقاسىم ئەھمەدى

قۇرئان كەرىم ئالدىدىنمۇ، ئارقىسىدىنمۇ (يەنى ھېچقايسىسى تەرىپىدىن) باتىل يۈزلەنمەيدىغان، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، مەدھىيەگە لايىق ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان، بالاغىتى (ئىستىلىستىكىلىق ئالاھىدىلىكى)، ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغۇچى بايانلىرى بىلەن ئىنسانلارنى ئاجىز قالدۇرغان مۆجىزىلىك كىتابتۇر.

ئىنسانلارنىڭ ئىلمىي سەۋىيەسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفلەردىكى نۇرغۇن مۆجىزىلەر نامايان بولۇشقا باشلىدى.

قۇرئان كەرىمنىڭ بەدىئىيلىك جەھەتتىكى مۆجىزىلىرى دۇنياغا دۇئېل ئېلان قىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەپسۇسكى، كۆپلىگەن كىشىلەر ئەرەب تىلىنى بىلمىگەنلىكتىن، قۇرئان كەرىمنىڭ بەدىئىي جەھەتتىكى مۆجىزىلىرىدىن مەھرۇم قالدى.

قۇرئان كەرىمنىڭ بەدىئىيلىك جەھەتتىكى مۆجىزىلىرىدىن باشقا مۆجىزىلەرنىڭ لۇغەتشۇناسلىق ئىلمىنى تەلەپ قىلمايدىغان بولۇشى بىلەن بىرگە، ئەقىل، پىكىر ۋە رېئاللىقتا ئۆيغۇن بولغانلىقى يۈزىسىدىن بولسا كېرەك، نۇرغۇن ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ بۇ ساھەدە كۆپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا يۈزلىنىۋاتقانلىقىغا شاھىت بولماقتىمىز. چۈنكى، قۇرئان كەرىم مۆجىزىلىرى ھازىرقى دەۋر ئىنسانلىرىنىڭ مەدەنىيەت ۋە قىممەت-قاراشلىرىغا تامامەن ئۆيغۇن كېلىدۇ.

ئىلىم ۋە ئىلمىيلىك ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن بۈگۈنكى دەۋرنىڭ ئاقىل ۋە سەركە ئىنسانلىرىنىڭ قۇرئان كەرىمدىكى مۆجىزىلىك ھەقىقەتلەرنى تونۇپ يېتىش ئارقىلىق ئىمان ئېيتىشى، ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشى ئاسانغا توختايدۇ. دەرۋەقە، ئالىملارنىڭ قۇرئان كەرىم مۆجىزىلىرى ھەققىدە ئىلمىي ئىزدىنىشلەرنى، تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىشىغا تۈرتكە بولغان ئاساسلىق ئامىلمۇ ئىنسانلارنىڭ ئىلىم-پەنگە، ئىلمىيلىككە يۈزلىنىشىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغانلىقىدۇر.

بۇ نۇقتىدا ئىلىم-پەننى قۇرئان كەرىم سىرلىرىنىڭ ئاچقۇچى، مۆجىزىلىرىنىڭ ئىسپاتلىغۇچىسى دېيىشكە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ بۇ ھەقتە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىمىز، خەلقنى ئۇ تەرەپكە يېتەكلىشىمىز ئىنتايىن زۆرۈر. قۇرئان كەرىم داۋاملىق تۈردە كىشىلەرنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارى ۋە مائارىپ سەۋىيەسىگە مۇناسىپ خىتاب قىلدى ۋە كائىناتتىكى قۇدرىتىنىڭ ئاجايىباتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق ياراتقۇچىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى نامايان قىلىپ بەردى ۋە ئىنسانلارنى ئاسمان-زېمىن ۋە پۈتۈن كائىناتنىڭ يارىتىلىشىغا نەزەر سېلىشقا تەشەببۇس قىلدى.

سەۋىيەسىگە كۆرە خىتاب قىلىش قۇرئان كەرىمنىڭ ئەڭ گۈزەل ئۇسلۇبلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئەقىل ئىگىلىرى بۇنىڭ بىلەن قۇرئان كەرىمنىڭ ئىنساننىڭ سۆزى ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىگە قايىل بولۇش ئېھتىياجىنى كىتابىدىن تېپىشقا ھەر ۋاقىت مۇۋەپپەق بولالايدۇ.

ئىلىم-پەن تەرەققىي قىلغانسېرى يېڭى سىرلار، يېڭى بايقاشلار ئوتتۇرىغا چىقماقتا. بۇنىڭ ئۆزىلا قۇرئان كەرىمنىڭ ئىنساننىڭ سۆزى ئەمەسلىكىنىڭ روشەن دەلىلى بولۇشقا يېتىپ ئاشىدۇ. چۈنكى پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئۆزئارا ياردەملەشكەن تەقدىردىمۇ بۇ كىتابنىڭ ئوخشىشىنى ئوتتۇرىغا چىقىرالىشى مۇمكىن ئەمەس.

قۇرئان كەرىم گېئولوگىيە، ئاسترونومىيە ۋە ياكى باشقا پەن-تېخنىكا كىتابى بولۇپ ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە توغرا يولنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان يېتەكچى، دەستۇر ۋە نىزام سۈپىتىدە نازىل بولدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «بۇ كىتابتا (يەنى قۇرئاندا) ھېچ شەك يوق، (ئۇ) تەقۋادارلارغا يېتەكچىدۇر». (سۈرە بەقەرە، 2-ئايەت).

قۇرئان كەرىم مۆجىزىلىك كىتاب بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىنسانلارنىڭ نەزىرىنى ئىلىم-مەرىپەت ۋە پەن-تېخنىكىغا ئەھمىيەت بېرىشكە قارىتىپ، كائىناتنىڭ نۇرغۇن سىرلىرى ئۈستىدە توختالدى.

بۇنىڭغا ئاساسەن، قۇرئان كەرىم مۆجىزىلىرى ئۈستىدە توختالغان ۋاقتىمىزدا قۇرئان كەرىمنىڭ ئىنسانلارغا توغرا يولنى كۆرسىتىپ بېرىش، قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا، ئازغۇنلۇقتىن ھىدايەتكە چىقىرىشتىن ئىبارەت ئاساسلىق ۋەزىپىسىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز لازىم.

قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرىنى ئاساسلىق ۋەزىپىسىدىن چەتنىتىپ، ئۇنىڭغا يات بولغان مەزمۇنلارغا مەجبۇرى قارىتىشىمىز توغرا بولمىغىنىدەك، قۇرئان كەرىمنى

توغرا چۈشىنىشكە تۈرتكە بولىدىغان زامانىۋى ئىلىملەر ئوتتۇرىغا قويغان بەزى ئىلمىي يەكۈنلەرنى تۈپتىن ئىنكار قىلىپ، تار ۋە چولتا چۈشەنچىلىرىمىز ئۈستىدە قېتىۋېلىشىمىزمۇ توغرا بولمايدۇ.

بۇ نۇقتىدا ئۆلىمالارنى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ كاتېگورىيىگە ئايرىشقا بولىدۇ:

بىرىنچى تۈركۈمدىكى ئۆلىمالار ئۆزلىرىنىڭ تار، چولتا ۋە كونىچە چۈشەنچىلىرىگە ئېسىلىۋېلىپ، قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنى باش تارتىشقا بولمايدىغان، ھەقىقەت ئىكەنلىكى ناھايىتى روشەن بولغان يېڭى دەۋرنىڭ ئىلمىي يەكۈنلىرى ئارقىلىق ئىزاھلاشنى قەتئىي رەت قىلىدۇ.

ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىچە بولغاندا، ئىلىم بىلەن دىنىنىڭ ئارىسىدا ناھايىتى زور بوشلۇق ھاسىل بولىدۇ-دە، يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

مۇسۇلمانلار شەرئىي دەلىللەر ئارقىلىق ئىزچىل تۈردە بارلىق ئىلمىي ھەقىقەتلەردىن تولۇق پايدىلىنىشقا چاقىرىلدى. ئىسلام دىنى ئىلىم-مەرىپەت دىنى بولۇپ، ئۇ تەبىئەت ۋە كائىناتتىكى ئىلمىي نەتىجىلەرگە ھېچقاچان زىت كەلمىدى ۋە كەلمەيدۇ.

ئىككىنچى خىلدىكى ئۆلىمالار بىرىنچى خىلدىكىلەرنىڭ پۈتۈنلەي ئەكسىچە بولۇپ، يېڭى دەۋر ئىلمىي نەتىجىلىرىگە قارىغۇلارچە چوقۇنىدۇ، قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنىڭ سۆز، بەدىئىيلىك ۋە باشقا تەرەپلىرىگە پۈتۈنلەي كۆز يۇمۇپ، قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنى يېڭى دەۋر ئىلمىي نەتىجىلىرى بىلەن تەپسىر قىلىشقا بېرىلىپ كېتىدۇ.

«ئىلمىي» دېيىلىۋاتقان يەكۈنلەر بەزىدە خاتا چۈشەنچىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشىمۇ مۇمكىن. بۇنىڭ مىساللىرى ناھايىتى كۆپ. شۇڭا بۇ خىلدىكىلەرنىڭ كەلتۈرگەن زىيىنىمۇ بىرىنچى خىلدىكىلەرنىڭ كەلتۈرگەن زىيىنىدىن قېلىشمايدۇ.

ئۈچىنچى خىلدىكىلەر ئوتتۇرا ھال يول تۇتۇپ ماڭىدىغان كۆپ سانلىق ئۆلىمالار بولۇپ، ئۇلار قۇرئان كەرىمنى تەپسىر قىلىشتا ھەر ئىككى تەرەپكە ئەھمىيەت بېرىدۇ. دىن بىلەن ئىلىم ئوتتۇرىسىدا زىتلىق پەيدا بولۇشىغا ئورۇن قالدۇرمايدۇ. يېڭى دەۋرنىڭ ئىلمىي نەتىجىلىرىدىن ئەتراپلىق پايدىلىنىپ، ئۇنى قۇرئان كەرىمنىڭ مۆجىزىلىرىنى ئېچىپ بېرىشكە خىزمەت قىلدۇرىدۇ.

ھەدىس شەرىپتە «ھېكمەت مۇئمىنلەرنىڭ يىتتۈرۈپ قويغان نەرسىسى بولۇپ، ئۇنى قەيەردە ئۇچراتسا ئېلىشقا ئۇ ئەڭ ھەقلىقتۇر» دېيىلىدۇ. قۇرئان كەرىمنىڭ مۆجىزىلىرى ئىلگىرىكىلەرگىلا

ئەمەس، بەلكى ھەر دەۋر ئىنسانلىرىغا ئومۇمىيدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىرقى دەۋر ئىنسانلىرىنىڭمۇ قۇرئان كەرىمنىڭ مۆجىزىلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشى، يېڭى-يېڭى بايقاشلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشى ئىنتايىن زۆرۈردۇر. ئۇنى تىلشۇناسلىق ئىلىملىرى ئارقىلىق ئوتتۇرىغا چىقىرالمىسا، يېڭى دەۋرنىڭ ئىلمىي يەكۈنلىرى ئارقىلىق بولسىمۇ، ئوتتۇرىغا چىقىرىشقا تىرىشىشى لازىم.

قۇرئان كەرىم مۆجىزىلىرىنى ئىلگىرىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىلمىي سەۋىيەسىگە كۆرە قانداق بايقىغان بولسا، ھازىرقىلارمۇ مەۋجۇت ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىپ، قۇرئان كەرىم مۆجىزىلىرىنى بايقاشقا تىرىشماقتا. ئەلۋەتتە، كېيىنكىلەرنىڭمۇ بۇ يولدىكى خىزمەتلىرى داۋاملىشىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ مۆجىزىلەرنى بايقاش مېتودى بىزنىڭ مېتودىمىزغا ئوخشامدۇ ياكى پەرقلىق بولامدۇ، بۇنىڭغا ھازىرچە بىر نېمە دېمەك تەس.

بىز شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، قۇرئان كەرىمنىڭ غەيبىي ۋە ئىلمىي تەرەپلىرىدە مۆجىزىلەر بايقىلىۋاتقاندەك، ھەر بىر ئايەتنىڭ سۆز تەركىبىدە بولسۇن، مەنىسىدە بولسۇن، چوقۇم ئۆزگىچە مۆجىزىلەر بار.

ئۆلىمالار قۇرئان كەرىم مۆجىزىسىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، بۇ ھەقتە نۇرغۇن قىممەتلىك كىتابلارنى يازدى. گەرچە قۇرئان كەرىم نازىل بولغان ۋاقىتتا كۆرۈنەرلىك بولغان تەرىپى بايان، يەنى خىتاب مۆجىزىسى بولغان بولسىمۇ، لېكىن قۇرئان كەرىم مۆجىزىلىرى بىر قانچە تۈرگە ئايرىلىدۇ. بىز بۇ ھەقتە مۆجىزىنىڭ سۆز ۋە ئىستىمال مەنىلىرى بىلەن تونۇشۇپ بولغاندىن كېيىن توختىلىمىز.

بىرىنچى، ئىجاز ۋە مۆجىزىنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى

«ئىجاز» ئاجىز ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويۇش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئۆلىمالارنىڭ ئىستىمالىدا، ھېچكىم قارشى چىقالمايدىغان، ئادەتتىن تاشقىرى ۋە دۇئېل ئېلان قىلىش كۈچىگە ئىگە نەرسە مۆجىزە ھېسابلىنىدۇ.

قۇرئان كەرىم مۆجىزىسى دېگەندە، ئىنسانلار ئوخشىشىنى كەلتۈرۈشتىن ئاجىز كەلگەن مۆجىزىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

قۇرئان كەرىمنىڭ ئىنسانلارغا ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈپ دۇئېل ئېلان قىلغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ:

1. قۇرئان كەرىمنىڭ تولۇق ئوخشىشىنى كەلتۈرۈپ بېقىش بىلەن دۇئېل ئېلان قىلىش باسقۇچى:

«(ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، ‹ئەگەر ئىنسانلار، جىنلار بۇ

قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يىغىلىپ بىر-بىرىگە ياردەملەشكەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرەلمەيدۇ››». (سۈرە ئىسرا، 88-ئايەت).

2. قۇرئاندىكىگە ئوخشايدىغان ئون سۈرىنى كەلتۈرۈپ بېقىش بىلەن دۈئېل ئېلان قىلىش باسقۇچى:

«ئۇلار قۇرئاننى (مۇھەممەد) ئۆزى ئىجاد قىلغان دېيىشەمدۇ؟ ئېيتقىنكى، ‹(بۇ سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، ئاللاھتىن غەيرىي چاقىرالايدىغانلىكى كىشىلىرىڭلارنى (ياردەمگە) چاقىرىپ، (پاساھەت ۋە بالاغەت جەھەتتىن) قۇرئاندىكىگە ئوخشايدىغان ئون سۈرىنى ئىجاد قىلىپ بېقىڭلار››». (سۈرە ھۇد، 13-ئايەت).

3. قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر سۈرە بولسىمۇ كەلتۈرۈپ بېقىش بىلەن دۈئېل ئېلان قىلىش باسقۇچى:

«ئۇلار: ‹قۇرئاننى مۇھەممەد ئۆزى توقۇپ چىققان» دېيىشەمدۇ؟ ئېيتقىنكى، «ئەگەر (بۇ سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، ئاللاھتىن باشقا (ياردەمگە) چاقىرالايدىغانلىكى كىشىلەرنى چاقىرىپ، قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر سۈرىنى كەلتۈرۈپ بېقىڭلار››». (سۈرە يۇنۇس، 38-ئايەت).

«ئەگەر بەندىمىز (مۇھەممەد) گە بىز نازىل قىلغان قۇرئاندىن شەكلەنگەن بولساڭلار، قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر سۈرىنى مەيدانغا چىقىرىپ بېقىڭلار (قۇرئانغا تەئەررۇز قىلىشتا) ئاللاھتىن باشقا ياردەمچىڭلارنىڭ ھەممىسىنى (ياردەمگە) چاقىرىڭلار، (قۇرئان ئىنساننىڭ سۆزى دېگەن گېپىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار». (سۈرە بەقەرە، 23-ئايەت).

ئۇلار قۇرئان كەرىمنىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرۈشتىن ئاجىز كەلدى. ئاخىر ھەقىقەتكە باش ئېگىپ، قۇرئان كەرىمنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان مۇقەددەس كىتاب، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ھەق پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئىسلام دىنىغا توپ-توپ بولۇپ كىردى.

ئىككىنچى، قۇرئان كەرىم مۆجىزىلىرىنىڭ تۈرلىرى.

قۇرئان كەرىم ئىلىملىرىگە دائىر كىتابلاردا، قۇرئان كەرىم مۆجىزىلىرىنىڭ تۆۋەندىكى تۈرلىرى ئالدىنقى قاتاردىن ئورۇن ئالىدۇ:

1. سۆز جەھەتتىكى مۆجىزىسى

ئەرەبلەرنى قارشىلىشىشتىن ئاجىز قالدۇرغان قۇرئان كەرىم مەتىن (تېكىست) ۋە ھەرپ، تەركىب ۋە ئۇسلۇب جەھەتلەردە ئۇلارنىڭ سۆز قانۇنىيەتلىرىدىن چىقىپ كەتمىدى. لېكىن ھەرپلىرىنىڭ مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، ئىبارىلىرىنىڭ

گۈزەللىكى، ئۇسلۇبلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى، ئايەتلىرىنىڭ مۇڭلۇق ۋە زىللىقى، جۈملە بايانلىرىدا ھالەتنىڭ تەقەززاسىغا رىئايە قىلىنىشى... يەنە ساناپ تۈگەتكۈسىز نۇرغۇن تەرەپلەردە قۇرئان كەرىمنىڭ پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ سۆز قابىلىيىتى ئاجىز كېلىدىغان ئەڭ يۇقىرى پەللىدە تۇرغانلىقىنى كۆرىمىز.

ئەرەب تىلشۇناسلىرى بۇ نۇقتىنى ھەممىدىن ياخشى بىلىدۇ. ئۇلار قۇرئان كەرىمنىڭ قۇرەيشلەرنىڭ تىلىدا نازىل بولغانلىقىنى، قۇرەيشلەرنىڭ پاساھەت ۋە بالاغەت جەھەتتە ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغانلىقىنى، لېكىن قۇرئان كەرىمنىڭ بالاغەت ۋە پاساھەت جەھەتتە قۇرەيشلەرنىمۇ بېسىپ چۈشىدىغان كىتاب ئىكەنلىكىنى، ئاللاھ تائالانىڭ پاساھەت ۋە بالاغەت جەھەتتە ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكەن قۇرەيشلەرگە قۇرئان كەرىمنىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرۈپ بېقىش بىلەن دۇئېل ئېلان قىلغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئۇنداق قىلىشتىن ئاجىز كەلگەنلىكىنى ياخشى بىلىدۇ.

### 2. قانۇنچىلىق جەھەتتىكى مۆجىزىسى

ئىنسانىيەت تارىختىن بېرى شەخسنىڭ بەخت-سائادىتىنى نىشان قىلغان ئەڭ گۈزەل جەمئىيەت بەرپا قىلىش يولىدا تۈرلۈك نەزەرىيەلەر، نىزاملار، قانۇن-تۈزۈملەرنى تۈزۈش قائىدىلىرى بىلەن تونۇشۇپ ئۆتتى. كۆپلىگەن پەيلاسوپلار مەدەنىيەتلىك جەمئىيەت بەرپا قىلىشقا دائىر نۇرغۇن كىتابلارنى يېزىپ قالدۇردى. لېكىن ئۇ نەزەرىيەلەرنىڭ ھېچبىرى قانۇنچىلىق مۆجىزىسىدە قۇرئان كەرىم يەتكەن يۈكسەك پەللىگە يېتەلمىدى.

قۇرئان كەرىم ھەممىدىن ئاۋۋال شەخسنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بەردى:

- تەۋھىد ئەقىدىسى بىلەن شەخسنىڭ ۋىجدانىنى ئازاد قىلدى. «(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، ئۇ -ئاللاھ بىردۇر». (سۈرە ئىخلاس، 1-ئايەت).
- شەخسنى ناماز، زاكات، روزا، ھەج قاتارلىق ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىشقا بۇيرىدى.
- شەخسنى باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئەلا بىلىش، مەردلىك، سېخىيلىق، سەۋرچانلىق، راستچىللىق قاتارلىقلارغا ئوخشىغان گۈزەل ئەخلاققا چاقىردى.
- شەخسنىڭ مەسئۇلىيەت ئېڭىنى يېتىلدۈردى. «ھەر ئىنسان قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن (دوزاختا) مەھبۇستۇر» (سۈرە مۇددەسسىر، 38-ئايەت). «كىشىنىڭ قىلغان ياخشىلىقى (نىڭ ساۋابى) ئۆزىگىدۇر، يامانلىقى (نىڭ جازاسىمۇ) ئۆزىگىدۇر» (سۈرە بەقەرە، 286-ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

قۇرئان كەرىم ئىككىنچى قەدەمدە

ئائىلە قۇرۇش تەربىيەسىگە ئۆتتى. چۈنكى ئائىلە جەمئىيەتنىڭ يادروسىدۇر. قۇرئان كەرىم نىكاھلىنىپ، ئەر-خوتۇن بولۇپ ياشاش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. ئائىلە رىشتىنى پاك مۇھەببەت، كۆيۈنۈش، بىر-بىرىنى چۈشىنىش، بىر-بىرىگە ياخشى مۇئامىلىدە بولۇش، ئەرنىڭ ئەرلىك خۇسۇسىيەتلىرىگە، ئايالنىڭ ئاياللىق خۇسۇسىيەتلىرىگە رىئايە قىلىش ئاساسىدا تۇرغۇزدى.

قۇرئان كەرىم «ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن» دېيىش ئارقىلىق جەمئىيەتكە هۆكۈمرانلىق قىلىدىغان هۆكۈمەتنىڭ قانداق يول تۇتۇپ مېڭىشى كېرەكلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردى:

«ئى مۇئمىنلەر! خۇدالىق ئۈچۈن گۇۋاهلىق بېرىشتە، ئۆزۈڭلارنىڭ ۋە ئاتا-ئاناڭلارنىڭ ياكى تۇغقانلىرىڭلارنىڭ زىيىنىغا (گۇۋاهلىق بېرىشكە) توغرا كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئادالەتنى بەرپا قىلىشقا تىرىشىڭلار، (گۇۋاهلىق بېرىلگۈچى) باي بولسا (ئۇنىڭغا رىئايە قىلماستىن)، ياكى پېقىر بولسا (ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتماستىن) هامان ئادىل گۇۋاه بولۇڭلار، ئاللاه سىلەردىن ئۇلارغا يېقىندۇر (يەنى ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىنىڭ نېمىدە بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ)، نەپسى خاهىشىڭلارغا ئەگىشىپ (هەقىقەتتىن) بۇرۇلۇپ كەتمەڭلار. ئەگەر تىلىڭلارنى تولغۇساڭلار (يەنى گۇۋاهلىقتىكى پاكىتنى بۇرمىلىساڭلار) ياكى گۇۋاهلىقتىن باش تارتساڭلار، مۇنداقتا ئاللاه هەقىقەتەن سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرغۇچىدۇر». (سۈرە نىسا، 135- ئايەت).

ئىسلامدا قانۇن چىقىرىش ئىنسانلارنىڭ نەپسى خاهىشى ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى ئاللاه تائالا تەرىپىدىن يەنى قۇرئان كەرىم، هەدىس شەرىپ ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ.

قۇرئان كەرىم ئىنسان هاياتى ئۈچۈن مۇهىم بولغان دىن، جان، ئابرۇيى، مال-مۈلۈك ۋە ئەقلىدىن ئىبارەت بەش نەرسىنى قوغداشنى مۇقەررەرلەشتۈردى.

قۇرئان كەرىم يەنە ئۇرۇش قىلىش، تىنچلىق كېلىشىمى تۈزۈش دېگەندەك هەرخىل مۇناسىۋەتلەرنى مۇئەييەنلەشتۈردى. بۇ مۇناسىۋەتلەر ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىدە مۇهىم ئورۇن تۇتىدىغان ئىلغار مۇناسىۋەت شەكىللىرىدۇر.

قۇرئان كەرىم مانا مۇشۇنداق قانۇن-تۈزۈملىرى ئارقىلىق ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىدىغان، ئاللاه تائالاغا ئىمان ئېيتىدىغان، ئىنسانلار ئۈچۈن يارالغان بىر ئۈممەتنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى.

«(ئى مۇهەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن

ئۆتتۈرىغا چىقىرىلغان ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر. ئەگەر ئەھلى كىتاب (يەنى يەھۇدىيلار، ناسارالار) ئىمان ئېيتسا (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىگە ئىشەنسە)، ئۇلار ئۈچۈن (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) ئەلۋەتتە ياخشى بولاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە مۇئمىنلەرمۇ بار، ئۇلارنىڭ تولىسى پاسىقلاردۇر» (سۈرە ئال ئىمران، 110-ئايەت).

3. غەيبىي جەھەتتىكى مۆجىزىسى

قۇرئان كەرىم رىملىقلار مەغلۇپ بولۇپ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا پارسلارنى يېڭىدىغانلىقىدىن ئالدىن خەۋەر بەرگەن بولۇپ، دەرۋەقە، قۇرئان كەرىمدە بايان قىلىنغىنىدەك، رىملىقلار بىر قانچە يىلدىن كېيىنلا پارسلارنى يەڭدى.

«رىملىقلار يېقىن بىر جايدا يېڭىلدى، ئۇلار يېڭىلگەندىن كېيىن بىر قانچە يىل ئىچىدە يېڭىدۇ» (سۈرە رۇم، 2-4-ئايەتلەر).

4. ئىلمىي جەھەتتىكى مۆجىزىسى

قۇرئان كەرىم مۆجىزىلىرى يۇقىرىدىكىلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، زاماننىڭ يېڭىلىنىشى بىلەن يېڭىلىنىپ تۇرىدىغان بىر قاتار مۆجىزىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. زامانىمىزدىكى «ئىلمىي مۆجىزىلەر» دېيىلىۋاتقان مۆجىزىلەر ئەنە شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئىلمىي مۆجىزە ماھىيەتتە غەيبىي مۆجىزە دائىرىسىگە كىرىدۇ.

قۇرئان كەرىم ئىلمىي مۆجىزىلىرى يېڭى دەۋرنىڭ مەھسۇلىمۇ؟

قۇرئان كەرىم ئىلمىي مۆجىزىلىرى بەزىلەر ئويلىغاندەك يېڭى دەۋر ئىلمىي بايقاشلىرىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئىلگىرىكى ئۆلىمالار بۇلاردىن خەۋەرسىزمىدى؟

بۇ سوئالنىڭ جاۋابى ئېنىقكى: ياق! ئاللاھ تائالانىڭ كىتابى بولغان قۇرئان كەرىم ئۈستىدە ئازراق پىكىر يۈرگۈزگەن كىشى بۇنى ياخشى چۈشىنىدۇ.

قۇرئان كەرىم تۇنجى نازىل بولغان ئايىتىدىلا ئىلىمگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى نامايان قىلدى ۋە ئىلىم ئىگىلەشكە بۇيرىدى، ئۆلىمالارنىڭ مەرتىۋىسىنى كۆتۈرۈپ، ئۇلارنى پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسى، دەپ جاكارلىدى.

قۇرئان كەرىمنىڭ ئىلىم ئىگىلەش توغرىسىدىكى تەشەببۇسلىرى شەرىئەت ئىلىملىرىنىلا ئەمەس، بەلكى ئىلىم-پەننىڭ ئىنسانىيەتكە پايدىلىق بارلىق تۈرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قۇرئان كەرىم ئىنسانلارنى ئاسمان-زېمىنلارنىڭ يارىتىلىشىغا نەزەر سېلىش ئارقىلىق ئۇلۇغ ياراتقۇچىسىنى تونۇش ئۈچۈن،

ئىلىم-پەنگە ئەھمىيەت بېرىشكە چاقىرىدۇ.

قۇرئان كەرىمنىڭ نۇرغۇن ئايەتلىرى كائىناتقا نەزەر سېلىشقا ۋە كائىنات ئىلىملىرىنى تولۇق ئۆگىنىشكە تەرغىب قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ كائىنات ئىلىملىرىنى پۇختا ئىگىلەپ، ئۇنىڭدىن تولۇق پايدىلىنىشىنى ئىرادە قىلمىغان بولسا ئىدى، ئۇنىڭغا ھەرگىز تەرغىب قىلمىغان بولاتتى.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىلگىرىكى ئىسلام ئۆلىمالىرى كائىنات ئىلىملىرىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن. قۇرئان كەرىمنىڭ ئىنساننىڭ سۆزى ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى ئىلمىي ئۇسۇلدا ئىسپاتلاش ئۈچۈن قۇرئان كەرىمنىڭ بەزى ئايەتلىرى بىلەن ئۆزلىرى ئىگىلىگەن ئىلمىي قانۇنىيەتلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلغان بولسىمۇ، ئۇلار كائىنات ئىلىملىرىدە بىز بۈگۈن ئېرىشكەن نەتىجىلەرگە ئېرىشەلمىگەنىدى. يېقىنقى دەۋرنىڭ ئىلمىي بايقاشلىرى قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى ئىشارەت قىلغان، بىز ئىلگىرى بىلەلمىگەن نۇرغۇن ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى ئېچىپ بەرمەكتە.

ھازىرقى دەۋر ئىنسانلىرى ئىلمىي بايقاشلىرىنىڭ نەتىجىسىدە قۇرئان كەرىمنىڭ نۇرغۇن سىر ۋە مۆجىزىلىرىنى تونۇپ يەتكەنلىكتىن بۇ ساھەگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلمەكتە.

قۇرئان كەرىم ئەينى دەۋردىكى ئىنسانلار بىلمىگەن خەۋەرلەرنىمۇ ئوتتۇرىغا قويغان

قۇرئان كەرىم شۇ دەۋر ئىنسانلىرى بىلىدىغان ئىلىملەر ئۈستىدىلا توختالمىدى، بەلكى شۇ دەۋر ئىنسانلىرى بىلمىگەن ئىلىملەرنىمۇ ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئۇلار ئۇنىڭغا غەيبىي شەكىلدە ئىمان ئېيتقانىدى، يېقىنقى دەۋر ئىلمىي كەشپىياتلىرى مەيدانغا كېلىپ، قۇرئان كەرىم بىر قانچە ئەسىر ئىلگىرى ئوتتۇرىغا قويغان بۇ ئىلىملەرنىڭ قۇرئان كەرىم خەۋەر بەرگەندەكلا ھەق ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاپ، قۇرئان كەرىمنىڭ ئىنساننىڭ سۆزى بولۇشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى تەكىتلىدى. ۋاھالەنكى، قۇرئان كەرىم نازىل بولغان دەۋردىكى ئىنسانلار بۇ ئىلمىي ھەقىقەتلەردىن ھېچنەرسىنى بىلمەيتتى.

ئۇنداقكەن قۇرئان كەرىمدىكى بۇ سۆزلەرنىڭ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا شەيئىلەرنى بىلگۈچى، ئىنسان ۋە ماددا، كائىنات ۋە ھاياتلىقنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان ئاللاھ تائالانىڭ سۆزلىرى ئىكەنلىكى مۇقەررەردۇر.

ھازىر ئىلىم-پەن تەرەققىي قىلىپ، ئەڭ يۇكسەك پەللىگە يەتتى، ئىلگىرىكى ئىنسانلار ئوتتۇرىغا قويغان نۇرغۇن نەزەرىيەلەرنىڭ خاتالىقىنى ئىسپاتلىدى. دىن

دۈشمەنلىرى بۇ ئىلىملەرنىڭ قۇرئان كەرىم ئوتتۇرىغا قويغان ئىلمىي ھەقىقەتلەرنىڭمۇ خاتا چىقىشىنى ئىسپاتلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ كۈتكەنلىرىنىڭ ئەكسىچە، قۇرئان كەرىم ئوتتۇرىغا قويغان ئىلىملەرنىڭ ھەق ۋە توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپا تلىما قتا .

ئەگەر قۇرئان كەرىم ئىنساننىڭ سۆزى بولغان بولسا، بۈگۈنكى تەرەققىي قىلغان ئىلىم-پەنلەر ئۇنىڭ سۆزلۈكلىرىدىن، خەۋەرلىرىدىن، ئىلمىي ئىشارەتلىرىدىن ۋە قانۇنىيەتلىرىدىن نۇرغۇن خاتالىقلارنى تاپقان بولاتتى.

مەلۇم بىر پەندە ساۋاتسىز ياكى ئىلمى چولتا ئىنسان شۇ پەن ھەققىدە سۆز قىلسا ئۇنىڭ كۆپلىگەن خاتالىقلارغا چۈشۈپ قېلىشى مۇقەررەر!

ئۇنىڭ مىسالى ناھايىتى كۆپ. تارىختا ئۆتكەن نۇرغۇن پەلسەپە ئالىملىرىنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان نەزەرىيەلىرىنىڭ خاتا ئىكەنلىكى ئىسپا تلا نما قتا .

بىز ئۇلارنىڭ ئىلىم ۋە پەلسەپەلىرىگە تىل ئۇزاتماقچى ئەمەسمىز، لېكىن ئىنسان ھەر قانچە ئەقىللىق، ئىلىمدە يېتىشكەن بولسىمۇ، ئۆزى ئىگىلىگەن پەندىن باشقا بىر پەن ھەققىدە سۆزلىسە، چوقۇم خاتا سۆزلەپ سالىدىغانلىقىنى تە كىتلىمە كچىمىز .

ئۇنداقتا ھەر خىل پەنلەر ھەققىدە سۆز قىلغان ساۋاتسىز بىر ئىنساننىڭ كۆپلىگەن سۆزلىرىنىڭ بىر-بىرىگە زىت كېلىشى ۋە ئۇنىڭدىن كۆپلىگەن خاتالىقلارنىڭ سادىر بولۇشى تېخىمۇ ئېنىق!

يۇقىرىدا دېيىلگەندەك، ئىلىم-پەن شۇنچە تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ھېچقانداق بىر ئىنسان قۇرئان كەرىم ئوتتۇرىغا قويغان ئىلىملەر ھەققىدە بىرەرمۇ زىتلىقنى تاپالمىدى، بەلكى ئاخىرقى نەتىجىدە ئىلىم-پەن قۇرئان كەرىم ئوتتۇرىغا قويغان ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى تەستىقلىدى ۋە ئۇنىڭغا باش ئەگدى.

ئۇنداقتا قۇرئان كەرىمنىڭ بىلىملىك ياكى بىلىمسىز بىر ئىنساننىڭ سۆزى بولماستىن، بەلكى پۈتۈن شەيئىلەرنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكى مۇقەررەردۇر!

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىلگىرى ۋە ھازىر ئىمان ئېيتقان نۇرغۇنلىغان ئالىملار، بولۇپمۇ بىر زامانلاردا دەھرىيلىككە، خۇداسىزلىققا چاقىرغان فىزىكا، خىمىيە ۋە ئاسترونومىيە ئالىملىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىمان ئېيتىشىغا بىردىنبىر تۈرتكە بولغان نەرسىنىڭ دەل قۇرئان كەرىم ئىلمىي مۆجىزىلىرى ئىكەنلىكىنى تەكىتلىمەكتە.



# فاتىھە سۈرىسىنىڭ تەپسىرى

دوكتور ۋەھبە زۇھەيلى

(سۈرە فاتىھە مەككىدە نازىل بولغان، يەتتە ئايەتتۇر)

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ ﴿١﴾ الْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ
الْعَالَمِينَ ﴿٢﴾ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ ﴿٣﴾ مَالِكِ يَوْمِ
الدِّينِ ﴿٤﴾ إِيَّاكَ نَعْبُدُ وَإِيَّاكَ نَسْتَعِينُ ﴿٥﴾
اهْدِنَا الصِّرَاطَ الْمُسْتَقِيمَ ﴿٦﴾ صِرَاطَ الَّذِينَ
أَنْعَمْتَ عَلَيْهِمْ غَيْرِ الْمَغْضُوبِ عَلَيْهِمْ وَلَا الضَّالِّينَ
﴿٧﴾

1. ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.
2. جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر.
3. ئاللاھ ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر.
4. قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر.
5. (رەببىمىز) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز.
6. بىزنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلغىن .
7. غەزىپىڭگە يولۇققانلارنىڭ ۋە ئازغانلارنىڭ يولىغا ئەمەس، سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا ( باشلىغىن ) .

132

فاتىھە سۈرىسى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئومۇمىي مەزمۇنلار

بۇ سۈرە قۇرئان كەرىمنىڭ مەنىلىرىنى، دىنىنىڭ ئۇسۇل ۋە شاخچىلىرىنى، ئەقىدە ۋە ئىبادەت، قانۇن-تۈزۈم، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش ۋە ئاللاھنىڭ گۈزەل سۈپەتلىرىگە ئىمان كەلتۈرۈش، ياردەم سوراش، ئىبادەت ۋە دۇئادا ئاللاھنى يەككە-يېگانە بىلىش، ئاللاھنىڭ ھىدايىتىدىن چەتنىگەن كىشىلەرنىڭ يولىدىن يىراق قىلىپ، ھەق دىن ۋە ساغلام يولغا يېتەكلىشىنى تەلەپ قىلىش ئۈچۈن يولىيورۇقتۇر.

### بۇ سۈرىنىڭ ئىسىملىرى

قۇرتۇبىي بۇ سۈرىنىڭ ئون ئىككى تۈرلۈك ئىسمى بارلىقىنى بايان قىلىدۇ. بۇ ئىسىملاردىن بىرى «ئەسسالات» (ناماز) دۇر. بۇ ئىسىمنىڭ بېرىلىش سەۋەبى: «مەن نامازنى ئۆزۈم بىلەن بەندەم ئوتتۇرىسىدا ئىككىگە بۆلدۈم» دېگەن ھەدىس قۇدسىيدۇر. (مۇسلىم رىۋايىتى).

يەنە بىر ئىسمى «ئەلھەمدۇ»دۇر. چۈنكى بۇ سۈرىدە «ئەلھەمدۇ» كەلىمىسى تىلغا ئېلىنغان.

يەنە بىر ئىسمى «فاتىھەتۇل

كىتاب»دۇر. چۈنكى قۇرئان كەرىمنى تىلاۋەت قىلىش ياكى يېزىش بولسۇن بۇ سۈرە بىلەن باشلىنىدۇ ۋە نامازمۇ مۇشۇ سۈرە بىلەن باشلىنىدۇ. كۆپچىلىك ئالىملار بۇ سۈرىنى «ئۇممۇل كىتاب» ۋە «ئۇممۇل قۇرئان» دەپ قارايدۇ. (بۇ سۆزلەر كىتابنىڭ ئانىسى ۋە قۇرئاننىڭ ئانىسى دېگەن بولىدۇ).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئەلھەمدۇلىللاھ، ئۇممۇل قۇرئان، ئۇممۇل كىتاب ۋە ئەسسەبئۇل مەسانىدۇر» «تىرمىزىي رىۋايىتى».

يەنە بىر ئىسمى «ئەلمەسانى»دۇر. چۈنكى بۇ سۈرە ھەر بىر رەكئەتتە تەكرارلىنىدۇ.

يەنە «قۇرئان ئەزىم»مۇ دېيىلىدۇ. چۈنكى فاتىھە سۈرىسىدە قۇرئان كەرىمنىڭ پۈتۈن ئىلىملىرى ۋە ئاساسى مەقسەتلىرى مۇجەسسەملەشكەندۇر.

يەنە بىر ئىسمى «ئەششىفا»دۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «فاتىھەتۇل كىتاب ھەرقانداق زەھەرگە قارشى شىفادۇر.» (بۇ ھەدىسنى ئالبانى «زەئىپ جامىئۇل سەغىر» ناملىق ئەسىرىنىڭ 3951-نومۇرلۇق ھەدىسىدە زەئىپ دېگەن).

يەنە بىر ئىسمى «ئەررۇقيە»دۇر. فاتىھە سۈرىسى بىلەن قەبىلە باشلىقىغا رۇقيە قىلغان (يەنى دەم سېلىپ داۋالىغان) كىشىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ سۈرىنىڭ رۇقيەلىكىنى نەدىن بىلدىڭ؟» دېگەن. (بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى).

ئىبنى ئابباسنىڭ «... كىتابلارنىڭ ئاساسى قۇرئان، قۇرئاننىڭ ئاساسى فاتىھە، فاتىھەنىڭ ئاساسى بولسا بىسمىللاھىررەھمانىررەھىمدۇر» دېگەن سۆزىگە قارىغاندا «ئەلئاساس»مۇ بۇ سۈرىنىڭ ئىسىملىرىدىن بىرىدۇر.

يەنە بىر ئىسمى «ئەلۋافىيە»دۇر. چۈنكى فاتىھە سۈرىسى ئىككىگە بۆلۈنمەيدۇ. بىر كىشىنىڭ فاتىھەنى ئىككى رەكئەتلىك نامازدا يېرىمىدىن بۆلۈپ ئوقۇشى جائىز ئەمەس.

يەنە بىر ئىسمى «ئەلكافىيە» فاتىھە سۈرىسى باشقىسىنىڭ ئورنىنى بېسىپ، باشقىسى ئۇنىڭ ئورنىنى ئالالمىغىنى ئۈچۈن «ئەلكافىيە» دەپ ئاتالغان.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلىرى فاتىھە سۈرىسىنىڭ ئىسىملىرىدۇر. بۇ ئىسىملارنىڭ ئەڭ مەشھۇرراقى «ئەلفاتىھە»، «ئۇممۇل كىتاب» ۋە «ئەسسەبئۇل مەسانى» دېگەنلەردىن ئىبارەت.

سۈرە دېگىنىمىز ئۈچ ۋە ئۇنىڭدىن كۆپ ئايەتتىن تەركىب تاپقان ۋە سابىت رىۋايەت يولى بىلەن ئىسمى بىلىنگەن، قۇرئان كەرىمنىڭ بىر بۆلۈمىنىڭ ئىسمىدىن ئىبارەت.

### سۈرىنىڭ پەزىلىتى

بۇ سۈرىنىڭ پەزىلىتى سەھىھ ھەدىسلەر بىلەن مەشھۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تەۋراتتىمۇ ئىنجىلدىمۇ ئۇممۇل

قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى نازىل قىلغان ئەمەس. ئۇ ئەسسەبئۇل مەسانىدۇر. ئىززەتلىك ۋە شانۇ-شەۋكەتلىك ئاللاھ تائالا ھەدىس قۇدسىيدا: بۇ سۈرە مەن بىلەن بەندەم ئوتتۇرىسىدا بۆلۈنگەندۇر، بەندەمگە سورىغىنى بېرىلىدۇ، دەيدۇ» (ئەھمەد ۋە نەسائىي رىۋايىتى).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ سەئىد ئىبنى مۇئەللاغا سۈرە فاتىھەنىڭ پەزىلىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ساڭا قۇرئان كەرىمنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ سۈرىلىرىدىن بولغان بىر سۈرىنى ئۆگىتىمەن. بۇ ئەلھەمدۇلىللاھى رەببىلئالەمىن سۈرىسىدۇر. ئەسسەبئۇلمەسانى (يەنى ھەمدۇ سەنانى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەكرارلىنىدىغان يەتتە ئايەتلىك سۈرە) دۇر. ماڭا بېرىلگەن قۇرئان كەرىممۇ شۇ» (بۇخارىي رىۋايىتى).

بۇ ئىككى ھەدىس شەرىپ ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿وَلَقَدْ ءَاتَيْنَٰكَ سَبْعًا مِّنَ ٱلْمَثَانِي وَٱلْقُرْءَانَ ٱلْعَظِيمَ﴾ «(نامازدا) تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان يەتتە ئايەتنى (يەنى سۈرە فاتىھەنى) ۋە ئۇلۇغ قۇرئاننى ھەقىقەتەن ساڭا ئاتا قىلدۇق» (سۈرە ھىجر، 87-ئايەت) دېگەن ئايىتىگە ئىشارەت قىلىدۇ.

## ئامىن

ئامىن كەلىمىسى بولسا دۇئادۇر (يەنى بىزدىن ئىبادىتىمىزنى قوبۇل قىل، دۇئايىمىزنى قوبۇل ئەيلە، دېمەكتۇر). بۇ سۆز قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرىدىن ئەمەس. بۇ سۆز بىزدىن بۇرۇن مۇسا بىلەن ھارۇن ئەلەيھىسسالامغىلا بېرىلگەن. فاتىھەنىڭ ئاخىرىدا «ئامىن» سۆزىنى دېيىش سۈننەتتۇر. «ۋەلادداللىين» دەپ جىم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن «ئامىن» دېيىش بۇ سۆزنىڭ قۇرئاندىن ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكىنى ئايرىش ئۈچۈندۇر.

فاتىھەدىن كېيىن «ئامىن» دېيىشنىڭ دەلىلى بولسا ئىمام مالىك ۋە باشقا ئىماملار رىۋايەت قىلغان ھەدىستۇر. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئىمام ئامىن دېگەندە سىلەرمۇ ئامىن دەڭلار. كىمنىڭ ئامىن دېيىشى پەرىشتىلەرنىڭ ئامىن دېيىشىگە توغرا كېلىپ قالسا، ئۇ كىشىنىڭ ئۆتكەن (كىچىك) گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ.» (بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى).

### ئامىننى ئۈنلۈك ياكى ئىچىدە دېيىش ھەققىدە ئۆلىمالارنىڭ كۆز قاراشلىرى

ئۆلىمالار بۇ ھەقتە ئىككى خىل كۆز قاراشتا بولۇپ، ھەنەفىي ۋە مالىكى مەزھىپى ئۆلىمالىرى فاتىھەنىڭ دۇئالىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئامىننى مەخپىي دېيىش ئۈنلۈك دېيىشتىن ئەۋزەل، دەپ قارايدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ٱدْعُوا۟ رَبَّكُمْ تَضَرُّعًا وَخُفْيَةً﴾ تەرجىمىسى: «پەرۋەردىگارىڭلارغا تۆۋەنچىلىك بىلەن يوشۇرۇن دۇئا قىلىڭلار» (سۈرە ئەئراف، 55-ئايەت).

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئىمام نامازدا تۆۋەندىكىدەك تۆت سۆزنى: ‹ئىستىئازە›

(ئەئۇزۇبىللاھى مىنەش شەيتانىر رەجىم) ۋە ‹بىسمىللاھ›، ‹ئامىن› ۋە ‹تەھمىد› (رەببەنا ۋەلەكەل ھەمدۇ) سۆزلىرىنى مەخپىي ئېيتىدۇ». يۇقىرىقى دەلىللەر ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى كۆزقارىشىنىڭ شەرئىي دەلىلدىن ئىبارەت.

شافىئىي ۋە ھەنبەلىي مەزھىپى ئۆلىمالىرى بولسا: قۇرئان ئىچىدە تىلاۋەت قىلىنىدىغان نامازلاردا «ئامىن»نى مەخپىي دېيىش، قۇرئان ئۈنلۈك تىلاۋەت قىلىنىدىغان نامازلاردا ئۈنلۈك دېيىش كېرەك. ئىمامغا ئىقتىدا قىلغان كىشى ئىمامنىڭ «ئامىن» دېيىشى بىلەن بىللە «ئامىن» دېيدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ قاراشتىكىلەرنىڭ دەلىلى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستىكى رەسۇلۇللاھنىڭ: «ئىمام ‹ئامىن› دېسە سىلەرمۇ ‹ئامىن› دەڭلار» دېگەن سۆزىدۇر.

يەنە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق قىلغانلىقىنى بايان قىلىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ‹غەيرىلمەغدۇبى ئەلەيھىم ۋەلادداللىن›نى تىلاۋەت قىلغاندا، ئالدىنقى سەپتىكىلەر ئاڭلىغۇدەك ئاۋازدا ‹ئامىن›نى ئۈنلۈك دەيتتى» (ئەبۇ داۋۇت ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى).

ۋائىل ئىبنى ھەجەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ‹غەيرىلمەغدۇبى ئەلەيھىم ۋەلادداللىن›نى ئوقۇغاندا، ئاۋازىنى سوزۇپ ‹ئامىن› دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم» دەيدۇ (ئىمام ئەھمەد، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇت رىۋايىتى).

سۈرىنىڭ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا بىزگە ھەربىر ئىش-ھەرىكەت ۋە سۆزلىرىمىزنى «بىسمىللاھ» بىلەن باشلاشنى كۆرسەتتى. ھەرقانداق ئىشنىڭ روياپقا چىقىشىنىڭ كاپالىتى ئاللاھنىڭ ئۇلۇغ ئىسمى بىلەن ياردەم تەلەپ قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. ھەمدۇساناغا ھەقلىق بولغان، يەككە-يېگانە زات ئاللاھ تائالا بىزگە ئاتا قىلغان ئېھسان ۋە چەكسىز نېمەتلىرىگە قانداق رەھمەت ئېيتىدىغانلىقىمىزنى تەلىم بەردى. بارلىق مەدھىيەلەر پەقەت ئۇنىڭغا خاستۇر، چۈنكى ئۇ پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى، ئالەملەرنىڭ ۋە بارلىق مەۋجۇداتنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر. ئاللاھ ئۇلارنى ياراتتى ۋە تەربىيەت قىلدى، بارلىق ئىشلىرىغا دائىمىي رەھمەت ئىگىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەھمىيەت بەردى، بەندىلەر ئوتتۇرىسىدا مۇتلەق ئادالەتنى بەرپا قىلىپ، ئىتائەت قىلغان كىشىگە ساۋابىنى، گەدەنكەشلىك قىلغان كىشىگە جازاسىنى بېرىش ئۈچۈن، جازا ۋە ھېساب كۈنىنى بېكىتتى. بۇ سۈپەتلەر بولسا بىز ئىبادەت ۋە دۇئالىرىمىزنى يەككە-يېگانە ئاللاھقا خالىس قىلىشىمىزنى، ئۇنىڭ ئەمرىگە تولۇق بويسۇنۇشىمىز، ئۇنىڭ غەيرىسىدىن ياردەم تەلەپ قىلماسلىقىمىز، ئۇنىڭدىن باشقىغا

تەۋەككۇل قىلماسلىقىمىز، ئېتىقاد ۋە ئىبادەتلىرىمىزنى بارلىق تەزىم ۋە رەھمەتكە ھەقلىق بولغان، مەنپەئەت ۋە زىياننى ئىدارە قىلغۇچى يەككە-يېگانە ئاللاھقىلا قىلىشىمىزنى تەقەززا قىلىدۇ.

گاھىدا ئىنسان نەپسىدىن شەيتانىي غەرەز غالىب كېلىپ، ئەقىل ۋە قەلبىنى ھەقتىن يىراقلاشتۇرىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئىنساننى شەيتانىي ھەۋەس ۋە ئازغۇنلۇقلارنىڭ دامىغا چۈشۈپ كېتىشتىن ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم ساقلاپ قالالمايدىغانلىقى ئۈچۈن، جانابىي ھەق بىزلەرگە ھىدايەتنى ۋە تەۋپىقنى قانداق تەلەپ قىلىشىمىزنى، تاكى ھەق ۋە ئادالەت پىرىنسىپىدا مۇستەھكەم تۇرغانغا قەدەر، توغرا ۋە نىجاتلىق يولىنى لازىم تۇتۇشىمىز كېرەكلىكىنى، بۇ يول بولسا ئەزەلدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرگە، راستچىللار ۋە سالىھ كىشىلەرگە نېمەت ۋە ئېھسان قىلىپ بەرگەن ئىسلام يولىدىن ئىبارەت. بۇ ئۆز نەپسىنى سورىغان ۋە قانداق بولۇشى لازىملىقىنى بىلگەن، ئاللاھقا ئىتائەت قىلغۇچى ۋە ئەقلىنى ئىشقا سالغۇچى بەندىنىڭ شەنىدۇر. ئىسلامنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، تەكەببۇرلۇق قىلىپ شەرىئەتتىن يۈز ئۆرۈگەن ياكى شەيتانىي ھەۋەسكە بېرىلگەن، جاھىللىق ۋە ئازغۇنلۇق يولىغا ئەگەشكەن كاپىر، مۇناپىق ۋە ئازغۇنلارنىڭ بۇ نېمەتتىن ھېچ نېسىۋىسى يوقتۇر. ئىلاھىي غەزەپكە ھەقلىق بولغان، توغرا يولدىن ئېزىپ ئىسلامىي ئەقىدە ۋە ھىدايەت يولىدىن يىراقلاشقانلار نەقەدەر كۆپ-ھە!

پەرۋەردىگارىم، ھىدايەت يولىدا مۇستەھكەم تۇرۇشنى بىزگە نېسىپ قىلغىن! بىزنىڭ ھەمدۇسانا ۋە دۇئالىرىمىزنى ھەرۋاقىت قوبۇل قىلغىن! بىزلەرنى شەيتانىي ھاۋايى-ھەۋەس ۋە ئازغۇنلۇقتىن ساقلىغىن!

يۇقىرىدىكى سۆزلەرگە ئاساسلانغاندا، ئىنسانلارنىڭ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ: بىرىنچىسى ھىدايەت تاپقانلار، يەنە بىرى زالالەتتە قالغانلار. ئاللاھ تائالا ئىنساننىڭ بەخت-سائادەتكە ئېرىشىشى ئۈچۈن، بەش تۈرلۈك ھىدايەت يولىنى مەرھەمەت قىلدى. ئۇلار تۆۋەندىكىدىن ئىبارەت:

1. تەبىئىي ئىلھام ھىدايىتى پەرزەنت تۇغۇلغاندىن تارتىپلا يېمەك-ئىچمەككە بولغان ئېھتىياجىنى ھېس قىلىدۇ ۋە بۇ تۇيغۇسىنى ئاتا-ئانا ئۇنىڭدىن غاپىل قالغان تەقدىردىمۇ يىغلاپ ياكى پەرياد قىلىپ ئىپادىلەيدۇ.

2. ھېس-تۇيغۇ ھىدايىتى: بۇ تۈر ئالدىنقى ھىدايەتنى تاكامۇللاشتۇرىدۇ. ئىنسان ۋە ھايۋان يۇقىرىقى ئىككى تۈرلۈك ھىدايەتتە ئوخشاشتۇر. بەلكى دەسلەپتە بۇ ئىككى تۈرلۈك ھىدايەت ئىنسانغا قارىغاندا ھايۋاندا مۇكەممەلرەك. چۈنكى ھايۋاندا بۇ تۈرلۈك ئىلھام تۇغۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا تولۇق شەكىللەنسە، ئىنساندا تەدرىجىي ھالدا مۇكەممەللىشىدۇ.

3. ئەقلىي ھىدايەت: بۇ تۈر ئالدىنقى ئىككى ھىدايەتتىن تېخىمۇ ئۈستۈن. ئىنسان تەبىئىتى باشقا ئىنسانلار بىلەن بىرلىكتە ياشاشنى تەقەززا قىلىدۇ. كىشىلىك تۇرمۇشتا ئىجتىمائىي ھايات ئۈچۈن تاشقى تۈيغۇلار يېتەرلىك ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان ھاياتىدا ھېسسىي ئەزالارنىڭ خاتالىقلىرىنى تۈزىتىپ، شەيتانىي ھەۋەسىنىڭ ئازدۇرۇشىدىن، خاتالىق ۋە زالالەتتىن ساقلىنىشىدا تۈرتكىلىك رول ئوينايدىغان ساغلام بىر ئەقىلگە ئىگە بولۇشى زۆرۈر.

4. دىنىي ھىدايەت: بۇ تۈردىكى ھىدايەت بولسا ئازمايدىغان ۋە خاتالاشمايدىغان مەنبەدۇر. ئەقىل گاھىدا خاتالىشىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان خاتالاشقاندا توغرا يولغا باشلايدىغان، شەيتانىي ھەۋايى-ھەۋەسنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدىغان كۈچلۈك ۋە كەسكىن يېتەكچىگە ئېھتىياجلىق. بۇ نۇقتىدا دىنىي ھىدايەت، خاتالىق ئۆتكۈزۈشتىن بۇرۇن ياكى كېيىن بولسۇن، ئىنسانىيەتنى ساغلام پرىنسىپقا يېتەكلەشتە يېتەرلىكتۇر.

بۇ ھىدايەت بولسا ئىنسان ھەرۋاقىت ياخشىلىقنىڭ ئاچقۇچلىرىنى ئېلىشتا قوللىنىدىغان، يامانلىقتىن ساقلىنىشتا تايىنىدىغان، ئىنساننىڭ ھالاكەتتىن قۇتۇلۇپ نىجاتلىققا ئېرىشىشىگە، پەرۋەردىگارى ئاللاھنىڭ يۈكسەك ئىلاھىي ھاكىمىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدىكى چەك-چېگرالارنى بىلدۈرۈشكە كېپىللىك قىلىدىغان ئىشەنچلىك مۇھاپىزەتچىدۇر. ئىنسان ئۆزىنى ئەڭ گۈزەل شەكىلدە ياراتقان، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھېسابسىز نېمەتلەرنى ئاتا قىلغان، ئۇلۇغ ھاكىمىيەت ئىگىسىگە قەتئىي ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى ھەرۋاقىت ھېس قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھىدايەت يولى بەخت - سائادەتنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشى ئۈچۈن ئىنسان ئەڭ كۆپ موھتاج بولغان ھەقىقەتتۇر.

قۇرئان كەرىمدە بۇ خىل ھىدايەتلەرگە كۆپلىگەن ئايەتلەردە ئىشارەت قىلىنىدۇ: ﴿وَهَدَيۡنَٰهُ ٱلنَّجۡدَيۡنِ﴾ «بىز ئۇنىڭغا ياخشى يول بىلەن يامان يولنى كۆرسەتمىدۇقمۇ؟»[1] يەنى بىز ئۇنىڭغا ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ، بەخت-سائادەت ۋە بەختسىزلىكنىڭ يوللىرىنى كۆرسەتتۇق.

يەنە بىر ئايەتتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَمَّا ثَمُودُ فَهَدَيۡنَٰهُمۡ فَٱسۡتَحَبُّواْ ٱلۡعَمَىٰ عَلَى ٱلۡهُدَىٰ﴾ «سەمۇدقا بولسا توغرا يولنى كۆرسەتتۇق، ئۇلار ھىدايەتتىن كورلۇق (گۇمراھلىق)نى ئارتۇق بىلدى»[2]. يەنى بىز ئۇلارغا ياخشىلىق ۋە يامانلىق يولىنى كۆرسەتكەن بولساقمۇ، ئۇلار يامانلىق يولىنى تاللىدى.

5. ياخشىلىق ۋە نىجاتلىق يولىدا مېڭىش ئۈچۈن ئىلاھىي ياردەم ۋە تەۋپىق ھىدايىتى: بۇ «دىنىي ھىدايەت»تىنمۇ گۈزەل ۋە خاسلىقتا

[1] سۈرە بەلەد، 10 ـ ئايەت.
[2] سۈرە فۇسسىلەت، 17 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىگە بىر ھىدايەتتۇر. ئاللاھ تائالا بىزنى داۋاملىق بۇ تۆردىكى ھىدايەتنى تىلەشكە بۇيرۇپ، «بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن» دېگەن ئايەتنى تىلاۋەت قىلىش نەتىجىسىدە ھەرۋاقىت تەلەپ قىلىشىمىزنى بۇيرۇغان بىر ھىدايەتتۇر. يەنى بىزنى توغرا يولغا شۇنداق باشلىغىنكى، بۇنىڭ بىلەن بىللە سېنىڭ تەرىپىڭدىن بىزنى ھەقتىن ئېزىپ كېتىش ۋە خاتالىشىشتىن ساقلايدىغان غەيبىي بىر ياردەمنى بىزگە ھەمراھ قىلىپ بەرگىن. بۇ تۆردىكى ھىدايەت ئاللاھ تائالانىڭ قولىدا، مەخلۇقاتلاردىن ھېچبىر كىشىگە بۇ سالاھىيەت بېرىلمىگەن. ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭمۇ باشقىلارنى ھىدايەت قىلىشقا قادىر ئەمەسلىكىنى بايان قىلىپ، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّكَ لَا تَهْدِي مَنْ أَحْبَبْتَ وَلَٰكِنَّ ٱللَّهَ يَهْدِي مَن يَشَآءُ﴾ «شۈبھىسىزكى، سەن خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلالمايسەن، لېكىن ئاللاھ ئۆزى خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ»[3].

يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَّيْسَ عَلَيْكَ هُدَىٰهُمْ وَلَٰكِنَّ ٱللَّهَ يَهْدِي مَن يَشَآءُ﴾ «ئى پەيغەمبەر! ئۇلارنى ھىدايەت قىلىش سېنىڭ مەسئۇلىيىتىڭ ئەمەس (ساڭا تاپشۇرۇلغان ۋەزىپە پەقەت كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ ۋەھيىسىنى يەتكۈزۈشتۇر). لېكىن ئاللاھ خالىغان بەندىسىنى ھىدايەت قىلىدۇ»[4].

[3] سۈرە قەسەس، 56 ـ ئايەت.
[4] سۈرە بەقەرە، 272 ـ ئايەت.

ئاللاھ تائالا بۇ خىل ھىدايەتنىڭ پەقەت ئۆزىگىلا خاس ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿أُولَٰئِكَ الَّذِينَ هَدَى اللَّهُ ۖ فَبِهُدَاهُمُ اقْتَدِهْ﴾ «ئەنە شۇلار (يەنى مەزكۇر پەيغەمبەرلەر) ئاللاھ ھىدايەت قىلغان كىشىلەردۇر، ئۇلارنىڭ يولىغا ئەگەشكىن»[5].

ئەمما ياخشىلىق ۋە ھەقىقەتكە يېتەكلەش مەنىسىگە دالالەت قىلىدىغان ھىدايەتكە كەلسەك، بۇنىڭ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە تەئەللۇق قىلىنغانلىقى توغرىسىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِنَّكَ لَتَهْدِي إِلَىٰ صِرَاطٍ مُّسْتَقِيمٍ﴾ «شەك-شۈبھىسىزكى سەن توغرا يولغا باشلايسەن»[6].

خۇلاسە: ھىدايەت قۇرئان كەرىمدە ئىككى تۈرلۈك

1. ئومۇمىي ھىدايەت: بۇ خىل ھىدايەتتىن بەندىنىڭ ھەر ئىككى دۇنيالىق مەنپەئەتلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، يەنى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تۆت خىل ھىدايەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2. خاس ھىدايەت: «ياخشىلىق ۋە نىجاتلىق يولىدا مېڭىش ئۈچۈن ئىلاھىي ياردەم ۋە تەۋپىق ھىدايىتى»دىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئاللاھ ئۆزىگە خاسلاشتۇرغان بەشىنچى تۈردىكى ھىدايەت تۈرىدۇر.

زالالەت تۆۋەندىكىدەك ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

[5] سۈرە ئەنئام، 90 ـ ئايەت.
[6] سۈرە شۇرا، 52 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

1. بۇنىڭ سەۋەبى ھەقىقەتتىن يىراقلاشقاندىن ئىبارەت. مىسالغا ئالساق: سىز بىر نەرسىنى يوقىتىپ قويغاندا، ماۋۇ نەرسىنى يوقىتىپ قويدۇم ياكى ئۇ نەرسە ئېزىپ قالدى، دەيسىز. بۇ ئىككىلى تۈردىكى ئازغۇنلۇقنىڭ نەتىجىسى غاپىللىقتىن شەكىللىنىدۇ.

2. زالالەت ئازغۇنلۇققا سەۋەب بولىدۇ. بۇ بولسا ئىنسانغا باتىل ۋە زالالەت يوللارنىڭ چىرايلىق كۆرسىتىلىشى نەتىجىسىدە بارلىققا كېلىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانىنى زالالەتتە قويۇشى بولسا تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ: 1) ئۇنىڭغا ئازغۇن دەپ ھۆكۈم بېرىش. 2) ئۇنىڭغا زالالەتتە قېلىش ئىمكانىيىتىنى بېرىش.

بىرىنچىسىنىڭ سەۋەبى ئازغۇنلۇقتۇر (يەنى ئىنساننىڭ ئېزىپ كېتىشىدۇر). بۇنىڭغا ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ھەققىدە دۇنيادىلا ھۆكۈم بېرىدۇ. نەتىجىدە جەننەت يولىدىن يىراقلىشىدۇ، جەھەننەم يولىنى تۇتىدۇ. ھەق يولدىن ئازغۇچىنىڭ جەننەت يولىدىن يىراقلاشتۇرۇلۇپ، دوزاخ يولىغا يۈزلەندۈرۈلۈشى بولسا ئۇ كىشىنىڭ غاپىللىقى ۋە ئۆز ئىختىيارلىقى سەۋەبىدىن بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئادالەت ۋە ھەقىقەتنى ياقلىغان ھۆكۈمدۇر.

ئىككىنچىسىنىڭ سەۋەبى ئىنساننىڭ تاللىشىدۇر. ئىنسان زالالەت يولىنى تاللىغان ئىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇنى غاپىللىقتا قويىدۇ-دە، ئىتائەتسىزلىك ۋە گەدەنكەشلىككە پۇرسەت بېرىش بىلەن بىرگە كۆپۈر ۋە پىتنە-پاساتتا داۋام قىلىش ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ بېرىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ زالالەت ۋە ئازغۇنلۇقنى ئىختىيار قىلغان كاپىر ۋە پاسىقلارنى ئازدۇرىدىغانلىقى، ئەمما مۆئمىننى ئازدۇرمايدىغانلىقىنى بايان قىلدى. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا كَانَ اللَّهُ لِيُضِلَّ قَوْمًا بَعْدَ إِذْ هَدَاهُمْ حَتَّىٰ يُبَيِّنَ لَهُم مَّا يَتَّقُونَ﴾ «ئاللاھ بىر قەۋمنى ھىدايەت قىلغاندىن كېيىن، ئۇلار ساقلىنىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى بايان قىلماي تۇرۇپ، ئۇلارنى گۇمراھ قىلمايدۇ (يەنى گۇمراھلىققا ھۆكۈم قىلمايدۇ)»[7].

يەنە بىر ئايەتتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿...فَلَن يُضِلَّ أَعْمَالَهُمْ، سَيَهْدِيهِمْ وَيُصْلِحُ بَالَهُمْ﴾ «...ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى ئاللاھ بىكار قىلىۋەتمەيدۇ. ئاللاھ ئۇلارنى ھىدايەت قىلىدۇ ۋە ھالىنى ياخشىلايدۇ»[8].

كاپىر ۋە پاسىقلار ھەققىدە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالَّذِينَ كَفَرُوا فَتَعْسًا لَّهُمْ وَأَضَلَّ أَعْمَالَهُمْ﴾ «كاپىرلارنى ئاللاھ ھالاك قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ (ياخشى) ئەمەللىرىنى بىكار قىلىدۇ»[9].

يەنە بىر ئايەتتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا يُضِلُّ بِهِ إِلَّا الْفَاسِقِينَ﴾ «شۇ ئارقىلىق پەقەت پاسىقلارنىلا ئازدۇرىدۇ»[10].

[7] سۈرە تەۋبە، 115-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[8] سۈرە مۇھەممەد، 4-5-ئايەتلەر.
[9] سۈرە مۇھەممەد، 8-ئايەت.
[10] سۈرە بەقەرە، 26-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

يەنە بىر ئايەتتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿كَذَٰلِكَ يُضِلُّ اللَّهُ الْكَافِرِينَ﴾ «ئاللاھ كاپىرلارنى مۇشۇنداق گۇمراھ قىلىدۇ»[11].

يەنە بىر ئايەتتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَيُضِلُّ اللَّهُ الظَّالِمِينَ﴾ «ئاللاھ زالىملارنى گۇمراھ قىلىدۇ»[12].

شۇنىڭدەك، ئىنسان قەلبىنىڭ ھەقتىن باتىلغا، باتىلدىن ھەققە ئالماشتۇرۇلۇشى، ئىنسان قەلبىگە مۆھۈر بېسىلىشى، ئىنساندا مەنىۋى قەلب كېسەللىكىنىڭ ئېغىرلىشىشى قاتارلىقلار مەزكۇر بەندىنىڭ زالالەت يولىنى تاللىغانلىقى سەۋەبلىك، جانابىي ئاللاھ ھىدايەت نۇرىنىڭ ئۇنىڭ قەلبىگە كىرىشىنى چەكلىشى، ئۇنى ئازغۇنلۇقتا تاشلاپ قويۇشى ئۇ بەندە ئۈچۈن ئاللاھنىڭ مۇشۇ دۇنيادىكى جازاسىدۇر.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَنُقَلِّبُ أَفْئِدَتَهُمْ وَأَبْصَارَهُمْ﴾ «ئۇلارنىڭ دىللىرىنى، كۆزلىرىنى ھەقنى چۈشىنىش ۋە كۆرۈشتىن بۇرىۋېتىمىز»[13].

يەنە بىر ئايەتتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿خَتَمَ اللَّهُ عَلَىٰ قُلُوبِهِمْ﴾ «ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى پېچەتلىۋەتكەن (يەنى ئىماننىڭ نۇرى كىرمەيدۇ)»[14].

يەنە بىر ئايەتتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فِي قُلُوبِهِم مَّرَضٌ فَزَادَهُمُ اللَّهُ مَرَضًا﴾ «ئۇلارنىڭ دىللىرىدا كېسەل (يەنى مۇناپىقلىق ۋە شەكلىنىش) بار، ئاللاھ ئۇلارنىڭ كېسىلىنى كۈچەيتىۋەتتى»[15].

## ھاياتىي قانۇن ۋە ھۆكۈملەر

قۇرئان كەرىمدە مەنىسىز ياكى مەنپەئەتسىز، ھېكمەتسىز ياكى ھۆكۈم بىلدۈرمەيدىغان بىرمۇ ئايەت كەرىمە يوق. قۇرئان كەرىم ئاللاھنىڭ ھەق ئىلاھ ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدىغان، ئۇنىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرۈش مۇمكىن بولمايدىغان كىتابتۇر.

قۇرئان كەرىم ئىنسانىيەت ھاياتىنىڭ يۈكسەك دەستۇرىدۇر. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، ئاللاھ تائالا قۇرئان ئايەتلىرىنى ئىنسان ھاياتىغا زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان دىن، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ھاياتنى مەنپەئەتكە باغلاشنى مەقسەت قىلىدۇ. نەتىجىدە ئايەتلەرنىڭ مەقسەتلىرىدىن سۈزۈپ ئېلىنغان ھۆكۈملەر ئەقىدە ۋە ئىبادەتكە ياكى ئەخلاق ۋە ھاياتقا، شەخس ۋە ئومۇمنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشىدىكى ئىجتىمائىي ئالاقىسى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغانلىقى، شۇنداقلا ھاياتىي قانۇن-تۈزۈملەرگە ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ.

سۈرە فاتىھەنىڭ مەزمۇنىدىكى ھۆكۈم ۋە ئۇقۇملار ئاللاھ بىلەن ئىنساننىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىش بىلەن بىرگە، ئىنسانغا ئۆلچەملىك ئىبادەت

---

[11] سۈرە غافىر، 74ـ ئايەت.

[12] سۈرە ئىبراھىم، 27ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[13] سۈرە ئەنئام، 110ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[14] سۈرە بەقەرە، 7- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[15] سۈرە بەقەرە، 10ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قىلىشىنىڭ يولىنى كۆرسىتىدۇ ۋە ھاياتلىقتىكى ياشاش مېتودىنىڭ خەرىتىسىنى سىزىپ بېرىش بىلەن بىرگە، زالالەت ۋە ئازغۇنلۇقنىڭ قايسى تۈرى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنى قوبۇل قىلمايدىغان، ساپلىق ۋە مۇكەممەللىكتە تاكامۇللاشتۇرۇلغان، ئەڭ كۈچلۈك ۋە ئادالەتلىك ھەق يولغا ئەگىشىشكە بۇيرۇيدۇ.

سۈرە فاتىھەدىكى بىسمىللاھنىڭ مەنىسى: قۇرئان كەرىمدە تەكىتلەنگەن بارلىق ھۆكۈم ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەردە ھېچكىمنىڭ ھەسسىسى يوق، بەلكى بارلىق ھۆكۈملەر جانابىي ئاللاھقا خاستۇر.

1. ئاللاھقا ھەمدى ئېيتىشنىڭ شەكلى: سۈرە فاتىھە بولسا ناماز ۋە باشقا مۇناسىۋەتلەردە ئوقۇشىمىزنى ئاللاھ بىزگە تەلىم بەرگەن، بەندە بىلەن پەرۋەردىگار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى باغلاپ تۇرىدىغان دۇئادۇر. چۈنكى بۇ سۈرىنىڭ «بارلىق ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر» دېگەن ئايەت بىلەن باشلىنىشىدىنلا، ئاللاھ تائالا بىزنى ھەمدۇسانا ئېيتىشنى ئەمەلىيىتىمىز بىلەن رىئاللىقتا ئايلاندۇرۇشىمىزنى بۇيرۇغانلىقى، ھەمدۇسانانى قانداق ئۇسۇل بىلەن ئېيتىدىغانلىقىمىز ۋە ئۇ زاتتىن ھاجەتلىرىمىزنى قانداق سورايدىغانلىقىمىز قاتارلىقلارنى تەلىم بېرىدۇ. دۇئانى ئاللاھقا ھەمدۇ-سانا ئېيتىش بىلەن باشلاش بولسا، دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشىنىڭ سەۋەبلىرىدىن ۋە ئەدەپ-قائىدىلىرىدىن ئىكەنلىكى مەلۇمدۇر.

2. نامازدا فاتىھە سۈرىسىنىڭ ئوقۇلۇشى: نامازدا فاتىھە سۈرىسىنىڭ ئوقۇلۇشىنىڭ ۋاجىبلىقى توغرىسىدا ئۆلىمالار تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل كۆزقاراشتا:

بىرىنچى كۆزقاراش: ھەنەفىي مەزھىپى ئۆلىمالىرىنىڭ كۆزقارىشى بولۇپ، نامازدا سۈرە فاتىھەنى ئوقۇش ئىمامدىن غەيرىگە ۋاجىب ئەمەس، ئەمما يالغۇز ناماز ئوقۇغان كىشى ئۈچۈن قۇرئاندىن قايسى ئايەتنى ئوقۇسا بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەبۇ ھەنىفە رەھىمەھۇللاھ «نامازدا ئوقۇلىدىغان ئايەت مىقدارىنى ئاز دېگەندە ئالتە ھەرپ بولۇشى كېرەك» دەپ قارايدۇ. مەسىلەن: ﴿ثُمَّ نَظَرَ﴾ «ئاندىن ئۇ قارىدى»[16].

ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنىڭ شاگىرتلىرىدىن ئەبۇ يۈسۈف ۋە مۇھەممەد قاتارلىقلار «نامازدا قىرائەت قىلىنىدىغان ئايەتنىڭ مىقدارى ئۈچ قىسقا ئايەت ياكى بىر ئۇزۇن ئايەتتىن ئىبارەت بولۇشى لازىم» دەپ قارايدۇ. مەزكۇر قاراشلارنى قۇرئان-سۈننەت ۋە ئەقلىي دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلايدۇ.

بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدىن دەلىل: ئاللاھ تائالا مۇنداق دېيدۇ: ﴿فَاقْرَءُوا مَا تَيَسَّرَ مِنَ الْقُرْآنِ﴾ «قۇرئاندىن سىلەرگە قولاي بولغاننى ئوقۇڭلار»[17]. بۇ ئايەتتە ئاللاھ بەندىنى نامازدا قۇرئاندىن قايسى

[16] سۈرە مۇددەسسىر، 21-ئايەت.
[17] سۈرە مۇززەممىل، 20-ئايەت.

ئايەتنى ئوقۇسا بولىدىغانلىقىغا بۇيرۇيدۇ.

سۈننەتتىن دەلىل: نامىزىنى توغرا، دۇرۇس ئوقۇمىغان كىشى توغرىسىدا ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىس شەرىپتە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ناماز ئوقۇماقچى بولساڭ ئاۋۋال كامىل تاھارەت ئال، ئاندىن قىبلىگە يۈز كەلتۈر، تەكبىر ئېيت، ئاندىن كېيىن قۇرئان ئايەتلىرىدىن ئۆزۈڭ ياد بىلىدىغاننى ئوقۇ»[18].

ئەمما ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان: «سۈرە فاتىھەنى ئوقۇمىغان كىشىنىڭ نامىزى ناماز ئەمەس» دېگەن ھەدىسنىڭ مەزمۇنى بولسا فاتىھە ئوقۇغاننىڭ پەزىلىتىگە ئىشارەتتۇر، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. يەنى نامازنىڭ باتىل ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ.

ئەقلىي دەلىل: ئاھاد دەرىجىسىدىكى ھەدىسكە ئەمەل قىلىشنى قۇرئان كەرىمدە كەسكىن دەلىل بىلەن پەرزلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن ھۆكۈمنىڭ ئۈستىگە قويۇش جائىز ئەمەس. لېكىن بۇ ئاھاد دەرىجىسىدىكى ھەدىسكە ئەمەل قىلىش ئۇنىڭ پەرزلىكىنى كۆرسەتمەستىن، بەلكى ۋاجىبلىقىنى بىلدۈرىدۇ. نامازدا سۈرە فاتىھەنى ئوقۇش پەرز ئەمەس، ۋاجىب، يەنى فاتىھەنى ئوقۇمىسىمۇ بولىدۇ،

[18] ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان مۇتەۋاتىر ھەدىس.

ئەمما ناماز مەكرۇھلۇق بىلەن ئادا تاپىدۇ، دەپ قارايدۇ.

ھەنەفىي مەزھىپى ئۆلىمالىرى «ئايەت مەخپىي ياكى ئۈنلۈك تىلاۋەت قىلىنىدىغان نامازلاردا، يەنى نامازنىڭ قايسى تۈرى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىمامغا ئىقتىدا قىلغان كىشى مۇتلەق قۇرئان ئوقۇمىسىمۇ بولىدۇ» دېگەن كۆزقاراشنى قۇرئان-سۈننەت ۋە قىياستىن دەلىل كەلتۈرىدۇ.

قۇرئاندىن دەلىل: ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِذَا قُرِئَ الْقُرْآنُ فَاسْتَمِعُوا لَهُ وَأَنصِتُوا لَعَلَّكُمْ تُرْحَمُونَ﴾ «ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، قۇرئان ئوقۇلغان چاغدا، ئۇنى دىققەت بىلەن ئاڭلاڭلار ۋە جىم تۇرۇڭلار (يەنى سۆز قىلماڭلار)»[19].

يۇقىرىقى ئايەت قۇرئان كەرىم تىلاۋەت قىلىنغاندا دىققەت بىلەن جىم تۇرۇپ تىڭشاشقا بۇيرۇيدۇ.

تىڭشاش جەھرىي (ئۈنلۈك ئوقۇلغان) نامازغا خاستۇر. تىلاۋەت قىلىنغاندا جىم تۇرۇش بولسا مەخپىي ۋە جەھرىي نامازنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

سۈننەتتىن دەلىل: جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ئىمامغا ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇسا، ئىمامنىڭ قىرائىتى ئۇ كىشىنىڭ قىرائىتى ھېسابلىنىدۇ»[20]. بۇ ھەدىسمۇ مەخپىي ۋە جەھرىي

[19] سۈرە ئەئراف، 204 ـ ئايەت.

[20] بۇ ھەدىسنى ئىمام قۇرتۇبىي زەئىپ دەپ باھا بەرگەن.

نامازنى ئۈز ئىچىگە ئالىدۇ.

قىياستىن دەلىل: ئەگەر ئىمامغا ئىقتىدا قىلغان كىشى ئۈچۈن سۈرە فاتىھە ئوقۇش ۋاجىپ بولغان بولسا، باشقا ئەركانلارغا ئوخشاش نامازغا كېيىن يېتىشكەن كىشى فاتىھە ئوقۇشتىن ئەپۇ قىلىنمىغان بولاتتى.

نامازنى ئىمام بىلەن بىللە باشلىغان كىشى بىلەن كېيىن يېتىشكەن كىشىنىڭ قىرائىتىنىڭ نامازدىكى ھۆكمىگە قىياس قىلغاندا، ئىمامنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ قۇرئان ئوقۇش جائىز ئەمەس.

ئىككىنچى كۆزقاراش: مالىكى شافىئىي ۋە ھەنبەلىي مەزھىپى ئۆلىمالىرىنىڭ قاراشلىرى بولۇپ، ئىمام بولغۇچى ياكى يالغۇز ناماز ئادا قىلغۇچىنىڭ نامازدا سۈرە فاتىھەنى ئوقۇشنىڭ پەرزلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى سۈرە فاتىھەنى ئوقۇمايدىكەن، ئۇنىڭ نامىزى ناماز ئەمەس»[21].

يۇقىرىقى ھەدىستىكى ئىنكار لەفزى ماھىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، نامازدا سۈرە فاتىھە ئوقۇلمىسا نامازنىڭ ئادا تاپمايدىغانلىقى توغرىسىدا ئومۇمىي چۈشەنچە بېرىدىغان بولۇپ، «سۈرە فاتىھە ئوقۇمىسا ناماز ئادا بولمايدۇ» دېيىش بولسا ماھىيەتتە ئۇنىڭسىز نامازنىڭ ئادا بولمايدىغانلىقىغا يېقىنراقتۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «سۈرە فاتىھە ئوقۇلمىغان ناماز دۇرۇس ئەمەس»[22].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ قانداق ناماز ئوقۇغانلىقىمنى كۆرگىنىڭلاردەك، سىلەرمۇ شۇنداق ناماز ئوقۇڭلار»[23].

قۇرتۇبىي مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ھەقتىكى ئەڭ ساغلام كۆزقاراش ئىمام شافىئىي، ئەھمەد ۋە مالىكى قاتارلىقلارنىڭ كۆزقارىشى بولۇپ، ئومۇمىي جەھەتتىن ھەركىشى ئۈچۈن ھەر رەكئەتتە فاتىھە ئوقۇش كېرەك، دېگەن قاراشتۇر».

شافىئىي مەزھىپىنىڭ قارىشىدا: نامازدا سۈرە فاتىھەنى ھەربىر رەكئەتتە ئوقۇش، پەرز ياكى نەپلە، مەخپىي ياكى جەھرىي ئوقۇلىدىغان ناماز بولسۇن، ئىمام بولغۇچى، جامائەت بىلەن ياكى يالغۇز ناماز ئوقۇغۇچى كىشى ئۈچۈن بولسۇن، ئوخشاشلا فاتىھەنىڭ ئوقۇلۇشى مۇئەييەنلەشتۈرۈلىدۇ.

بۇنىڭ دەلىلى: «كىمكى نامازدا سۈرە فاتىھەنى ئوقۇمايدىكەن نامىزى ناماز ئەمەس»[24].

يەنە بىر ھەدىستە: «بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بامدات نامىزىغا ئىمام بولۇش جەريانىدا، تىلاۋەت قىلىش بىرئاز ئېغىر كەلدى. رەسۇلۇللاھ نامازنى تاماملىغاندىن كېيىن: مەن سىلەرنىڭ ئىمامغا

---

[21] ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[22] ئىبنى خۇزەيمە ۋە ئىبنى ھىببان رىۋايىتى.
[23] ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[24] ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ئەگىشىپ قۇرئان ئوقۇۋاتقانلىقىڭلارنى كۆرۈۋاتىمەن؟ دېۋىدى، ئۇلار: ئى رەسۇلۇللاھ! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىز شۇنداق قىلدۇق، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: سۈرە فاتىھەدىن باشقىنى ئىمامغا ئەگىشىپ ئوقۇماڭلار، چۈنكى كىمكى نامازدا سۈرە فاتىھەنى ئوقۇمايدىكەن، نامىزى ناماز ئەمەس»[25].

يۇقىرىقى ھەدىس بولسا ئىمامغا ئىقتىدا قىلغان كىشىنىڭ قىرائىتى توغرىسىدا مەخسۇس بايان قىلىنغان ئېنىق دەلىلدۇر. نامازدا سۈرە فاتىھەنىڭ ئوقۇلۇشى قۇرئان كەرىمنى جىم تۇرۇپ ئاڭلاش ئەمرىنى بەرگەن قۇرئان كەرىم دەلىلىدىن مۇستەسنا.

مالىكىي ۋە ھەنبەلىي مەزھىپىنىڭ كۆزقارىشىدا ئىمامغا ئىقتىدا قىلغان كىشى ئايەت ئۈنلۈك تىلاۋەت قىلىنىدىغان نامازلاردا سۈرە فاتىھەنى ئوقۇمايدۇ، ئەمما ئايەت ئۈنلۈك تىلاۋەت قىلىنمايدىغان نامازلاردا فاتىھەنى ئوقۇشى مۇستەھەبتۇر. چۈنكى ئايەتتىكى قۇرئان تىلاۋەت قىلىنغاندا سۈكۈتتە تۇرۇپ ئاڭلاش ئەمرى بولسا، ئايەت ئاۋازلىق تىلاۋەت قىلىنىدىغان نامازلارغا خاستۇر. بۇنىڭ دەلىلى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىرائەت ئۈنلۈك تىلاۋەت قىلىنغان بىر نامازنى تاماملىغاندىن كېيىن: «سىلەردىن بىرەر كىشى ئايەت ئوقۇدىمۇ؟» دەپ سورىدى. بىر كىشى: «ھەئە، ئى رەسۇلۇللاھ!» دېدى. پەيغەمبەر

[25] ئەبۇ داۋۇت، تىرمىزى، ئەھمەد، ئىبنى ھىببان رىۋايىتى.

ئەلەيھىسسالام: «مەن نامازدا قۇرئان ئوقۇغىنىمدا، جىم تۇرۇلسۇن» دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن ساھابە كىراملار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە نامازغا تۇرغاندا، تىلاۋەت ئۈنلۈك ئوقۇلىدىغان نامازلاردا رەسۇلۇللاھقا ئەگىشىپ تىلاۋەت قىلىشتىن چەكلەندى[26].

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھەدىس ئىمامغا ئىقتىدا قىلغان كىشىنىڭ، ئايەت ئۈنلۈك تىلاۋەت قىلىنىدىغان نامازلاردا قۇرئان ئوقۇشىنىڭ مەكرۇھ ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىمەكتە. ئەمما تىلاۋەت ئىچىدە ئوقۇلىدىغان نامازدا ئىمامغا ئىقتىدا قىلغۇچىنىڭ قۇرئان ئوقۇشىنىڭ مۇستەھەبلىكى توغرىسىدا ئۇلارنىڭ دەلىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مەن قىرائەتنى مەخپىي ئوقۇغاندا، سىلەر قۇرئان ئوقۇڭلار» دېگەن ھەدىسىدۇر[27].

سۈرە فاتىھەنىڭ مەنىلىرىنى ئېسىگە ئېلىش

ناماز ئوقۇغۇچى نامىزى ئەسناسىدا ئاللاھنىڭ پۈتۈن نەرسىلەردىن قۇدرەتلىك، كۈچلۈك ۋە بۈيۈكلۈكىنى، بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر پەقەت ئاللاھ تائالاغىلا خاس ئىكەنلىكىنى، پۈتۈن ئالەملەرنى ياراتقۇچى ۋە بارلىق ئىشلارنى ئىدارە قىلغۇچى پەرۋەردىگارغا ئىبادەت قىلىۋاتقانلىقىنى، قىيامەت كۈنى بارلىق ئىشلارنى ئۆز رەھمىتى

[26] ئەبۇ داۋۇت، تىرمىزىي ۋە نەسائىي رىۋايىتى.
[27] دارۇل قۇتنى ۋە تىرمىزىي رىۋايىتى.

ۋە چەكسىز كامالى قۇدرىتى بىلەن بىرتەرەپ قىلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئىبادەتكە ھەقلىق بولغان مەبۇد بەرھەق ئىكەنلىكىنى، ئىبادەت ۋە ئۇنىڭدىن باشقا بارلىق ئىشلاردا يەككە-يېگانە ئاللاھتىن ياردەم سوراشنىڭ مۇھىملىقىنى ھېس قىلغان ھالەتتە ناماز ئادا قىلسا، ئاللاھ تائالا مەزكۇر بەندىنى ھەقىقەت ۋە ياخشىلىق يوللىرىنى بىلىپ ئەمەل قىلىشقا يېتەكلەيدۇ ۋە دۇنيا-ئاخىرەتتە مۇۋەپپەقىيەت ئاتا قىلىدۇ.

مۇئمىن بارلىق ھاجەتلىرىنى ئاللاھتىنلا سوراشتا ئاللاھ تائالا ئىماندا مۇستەھكەم تۇرۇش بىلەن شەرەپلىك قىلغان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا مۇيەسسەر قىلغان سالىھلار ۋە شېھىتلەر، راستچىللار ۋە پەيغەمبەرلەر ئەڭ گۈزەل ئۆرنەك بولىدۇ.

جاھىلىيەت دەۋرىدىكى كىشىلەرگە ئوخشاش، يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرىكى دەۋردە ياشىغانلار بولسا - كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ كۆزقارىشىدا - شەرىئەت پىرىنسىپلىرىغا مۇكەللەف ئەمەس، ئۇلار ئاخىرەتتە جازاغا تارتىلمايدۇ، دەپ قارىلىدۇ. ئۇلارنىڭ دەلىلى: ﴿وَمَا كُنَّا مُعَذِّبِينَ حَتَّىٰ نَبْعَثَ رَسُولًا﴾ «پەيغەمبەر ئەۋەتمەي تۇرۇپ، ھېچ ئادەمنى جازالىغىنىمىز يوق»[28] (سۈرە ئىسرا، 15-ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

يەنە بىر تۈركۈم ئالىملار: «يۇقىرىقىدەك ئەھۋال ئاستىدا، مەزكۇر كىشىلەر ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەسلىككە مۇكەللەفتۇر، ئاخىرەتتە ئۆز قىلمىشلىرى ئۈچۈن جازاغا تارتىلىدۇ. چۈنكى ئىنسانغا شەرئىي مەسئۇلىيەت يۈكلىنىش ئۈچۈن ئەقلىنىڭ ئۆزىلا كۇپايە قىلىنىدۇ. قاچانكى ئەقىل بېرىلگەنىكەن، ئاسمان-زېمىندىكى مەخلۇقلارنىڭ يارىتىلىشىنى، كائىناتنى ياراتقۇچى زاتنىڭ كامالى قۇدرىتىنى تەپەككۇر قىلىشى ۋە ئويلىنىشى، ياراتقۇچىغا قىلىنىدىغان ئىبادەت ۋە ئۇلۇغلاشتا، تەۋھىدكە يېتەكلىنىش ئۈچۈن ئەقلىنىڭ يېتىشىچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ۋاجىب بولىدۇ. نەتىجىدە مەزكۇر ئىشلار ئارقىلىق ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ساقلىنىشى مۇمكىن» دەپ قارايدۇ.

## نامازدا قۇرئاننى ئەرەبچىدىن باشقا تىلدا تىلاۋەت قىلىش

فىقھشۇناس ئالىملار قۇرئان كەرىمنى ئەرەبچىدىن باشقا تىلدا تىلاۋەت قىلىشنىڭ (قۇرئان كەرىمنى توغرا ئوقۇش ياكى ئوقۇيالماسلىقىدىن قەتئىينەزەر) قۇرئان ئايەتلىرىدىن بىرەر سۆزلۈكنى ئوخشاش مەنىدىكى ئەرەبچە سۆزلۈككە ئالماشتۇرۇپ ئوقۇشنىڭمۇ جائىز ئەمەسلىكىدە بىرلىككە كەلگەن. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّآ أَنزَلۡنَٰهُ قُرۡءَٰنًا عَرَبِيّا﴾ : «قۇرئاننى ئەرەبچە نازىل قىلدۇق»[29].

يەنە بىر ئايەتتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿بِلِسَانٍ عَرَبِيّ مُّبِين﴾ «قۇرئان

[28] سۈرە ئىسرا، 15-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[29] سۈرە يۇسۇپ، 2-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇچۇق ئەرەبچە تىل بىلەن نازىل بولدى».[30]

قۇرئان كەرىم لەفزى ۋە مەنىسى بىلەن مۆجىزىدۇر. قۇرئان كەرىمنىڭ تەپسىرى ئىنسانلار تەرىپىدىن بىرەر سۈرە ياكى ئايەتنىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرەلمەسلىكىدەك مۆجىزىلىك خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ئەمەستۇر.

قۇرتۇبىي ئەرەبچە ئوقۇشتىن ئاجىز كەلگەن كىشى نامازدا تىلاۋەتنىڭ ئورنىغا مۇمكىن قەدەر تەكبىر، تەھلىل، تەھمىد، تەسبىھ، تەمجىد ياكى «لا ھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھ» دېسە بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

كاسانىي سۈرە فاتىھەنى ئەرەبچە ئوقۇيالمايدىغان كىشى فاتىھەنى باشقا تىل بىلەن ئوقۇسا بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

ناماز ئوقۇغۇچى كىشىنىڭ «ئامىن» دېيىشى

يالغۇز ناماز ئوقۇغان كىشىنىڭ فاتىھەدىن كېيىن «ئامىن» دېيىشىدە ئىختىلاپ يوق. ئەمما ئەبۇ ھەنىفە ئىمام بولغان كىشى «ئامىن»نى مەخپىي دەيدۇ، دەپ قارايدۇ. ئىمام مالىك سۈرە فاتىھەنىڭ دۇئا ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، «ئامىن»نى ئىچىدە دېيىشنى كۈچلەندۈرىدۇ. بۇ ھەقتە ئىمام مالىك مۇنداق دېگەن: جامائەت بىلەن بىرگە ناماز قىلغۇچى «ئامىن»نى ئۈنلۈك دېمەستىن بەلكى ئىمامغا ئەگىشىپلا «ئامىن» نى دەيدۇ.

شافىئىي ۋە ھەنبەلىي مەزھىپى ئۆلىمالىرىنىڭ قارىشىدا تىلاۋەت ئۈنلۈك قىلىنىدىغان نامازلاردا ئىمام «ئامىن»نى ئۈنلۈك دەيدۇ.

ئىبنى ئەرەبىي ۋە قۇرتۇبىي ئەڭ توغرىسى «ئامىن»نى ئۈنلۈك دېيىش، دەيدۇ.

ئىبنى شىھاب ئەززۇھرىي مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم فاتىھەدىن كېيىن «ئامىن» دەيتتى.[31]

بۇخارىيدا: «مەسجىد فاتىھەدىن كېيىن كىشىلەرنىڭ ‹ئامىن› دېگەن ئاۋازى بىلەن تولۇپ كېتەتتى» دېيىلىدۇ.

ھەنەفىي ۋە مالىكىي مەزھەپ كۆزقارىشىدا ئىمامغا ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇغۇچى «ئامىن»نى مەخپىي دەيدۇ. شافىئىي ۋە ھەنبەلىي مەزھىپىنىڭ كۆزقارىشىدا ئىمامغا ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇغۇچى تىلاۋەت ئۈنلۈك قىلىنغان نامازدا «ئامىن»نى ئۈنلۈك، تىلاۋەت ئىچىدە ئوقۇلىدىغان نامازدا «ئامىن»نى ئىچىدە دەيدۇ.

ۋەسەللەللاھۇمە ئەلا سەييىدىنا مۇھەممەدىن ۋەئەلا ئالىھى ۋەسەھبىھى ئەجمەئىن.

*تەرجىمە قىلغۇچى: نىزامىددىن تەمكىنىي*

[30] سۈرە شۇئەرا، 195 ـ ئايەت.

[31] بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.



# ئىلخان ھاجىم

دوكتور ئالىمجان بۇغدا

## (ئىلىم ۋە ئۆلىمانىڭ خىزمىتىدە ئۆتكەن بىر ئۆمۈر)

ئىلخان ھاجىم 1942-يىلى قاغىلىق ناھىيە تۆگچى يېزىسىدا ئىمىن ئاخۇن ئىسلام ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. باشلانغۇچ مەكتەپنى تۆگچى يېزىسىدا، ئوتتۇرا مەكتەپنى ناھىيەلىك 1-ئوتتۇرىدا ئوقۇغان. باشلانغۇچ دىنىي تەلىم-تەربىيەسىنى دادىسى ئىمىن ئاخۇنۇمدىن ئالغان. 1960-يىلى ئۈرۈمچى سانائەت-قاتناش بىناكارلىق تېخنىكوم مەكتىپىگە بېرىپ ئىككى يىل ئوقۇغان. 1962-يىلى قاغىلىققا قايتىپ كېلىپ، تۆگچى يېزىسىنىڭ 2-كەنتىدە بوغالتىرلىق قىلغان. 1963-يىلى 12-ئايدا ئاتالمىش «سوتسىيالىستىك تەربىيە» ھەرىكىتى باشلانغاندا، شۇ ھەرىكەتكە قاتناشقان. 1964-يىلى 9-ئايدا ناھىيەلىك سودا ئىدارە تارمىقىدىكى يېمەك-ئىچمەك مۇلازىمەت شىركىتىگە كادىرلىق ۋەزىپىسىگە قويۇلغان، يەنە شۇ يىلى 9-ئايدا قەشقەر توققۇزاق ناھىيە مۇش يېزىسىغا «سوتسىيالىستىك تەربىيە» ھەرىكىتىگە قاتنىشىشقا بارغان، ئاندىن يېڭىشەھەر ناھىيەسى ياپچان يېزىسىغا بارغان. 1966-يىلى 1-ئايدا قاغىلىققا قايتىپ كېلىپ، قاغىلىق ناھىيە يېمەك-ئىچمەك مۇلازىمەت شىركىتىدە كادىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1972-يىلى قاغىلىق ناھىيەسىدىكى دىنىي زات ھەبىبۇللاھ خان مەخسۇم ھاجىمنىڭ قىزى زەينەپ خېنىم بىلەن توي قىلغان. 15 بالىسى بار.

ئىلخان ھاجىم قاغىلىق ناھىيەسىدە مەتتوختى قارىھاجىم (1940-2004)، ئىبراھىمجان ۋاھاب ۋە ئابدۇراخمان ئابلىز قاتارلىق ساۋاقداشلىرى بىلەن بىرلىكتە 1970-يىللاردا قاغىلىقتىكى داڭلىق ئالىم ياسىن ئاخۇن داموللامدا (1978-؟) ئوقۇۋاتقان ئالىمجان قارىھاجىم، ئابدۇرىشىت ئاخۇن خەلپىتىم، ئاتاۋۇللاھ قارى داموللام، ئابلا جامال، ئۆمەرخان مەخسۇم، ئابلىز ئاخۇن خەلپىتىم ۋە ئىبلى قارىم قاتارلىقلاردىن دىنىي تەلىم-تەربىيە ئالغان ھەم شۇلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ، مىللىي، دىنىي

ئاقارتىش ۋە ئويغىنىش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللانغان.

ئېلىخان ھاجىم ياسىن ئاخۇن داموللامنىڭ ئالاھىدە تەشەببۇسى بىلەن ئىسلامدىكى مىراس ئىلمىگە ئالاھىدە قىزىقىپ، ياسىن ئاخۇن داموللامدا «سىراجىي» ناملىق مىراس ئىلمىي كىتابىنى دەرس قىلىپ ئوقۇغان. ئېلىخان ھاجىم تاكى چەت ئەلگە چىققۇچە، قاغىلىق ناھىيەسىدىكى مىراس ئايرىيدىغان ئىشلاردا ھەممەيلەن ئالاھىدە ھۆرمەت قىلىدىغان ۋە مىراسنى ئىسلام شەرىئىتىگە كۆرە لىللا ئايرىپ قويىدىغان مەشھۇر شەخسكە ئايلانغان. قاغىلىقتىكى داڭلىق ئالىملارمۇ مىراس مەسىلىلىرىنى ئېلىخان ھاجىمغا بۇيرۇپ قوياتتى.

1974-يىلى خوتەندىكى مەشھۇر ئۆلىمالاردىن ئابدۇلئەھەددخان مەخسۇم ھاجىم كېرىيە ناھىيەسىدىكى تۈرمىدە 12 يىللىق جازا مۇددىتى توشقاندىن كېيىنمۇ قويۇپ بېرىلمەي، «يېڭى ھايات تۈرمىسى» دېيىلىدىغان جايغا يۆتكەپ ئاپىرىلىپ، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىۋاتقاندا خوتەن شەھىرىگە قېچىپ كەلگەن. ئابدۇلئەھەددخان مەخسۇم ھاجىم خوتەن شەھىرىدە خىتاي ھۆكۈمىتىدىن قېچىپ، مەخپىي تۇرۇۋاتقان بولغاچقا، ئېلىخان ھاجىم بىرلىكتە پائالىيەت قىلىۋاتقان ھەرىكەت ئەزالىرى ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق، ئابدۇلئەھەددخان مەخسۇم ھاجىمنى قاغىلىققا ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئېلىخان ھاجىمنى ئەۋەتكەن. ئېلىخان ھاجىم 1974-يىلى 5-ئايدا خوتەنگە بېرىپ، ئابدۇلئەھەددخان مەخسۇم ھاجىمنى ھاك توشۇيدىغان بىر ماشىنىدا ئېلىپ كەلگەن.

ھەرىكەت ئەزالىرى ئابدۇلئەھەددخان مەخسۇم ھاجىمنى قاغىلىق ناھىيەسىگە ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن، ئېلىخان ھاجىمنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرغان. ئابدۇلئەھەددخان مەخسۇم ھاجىم شۇ ئۆيدە تۇرۇش جەريانىدا مەشھۇر تاتار ئۆلىماسى ئەھمەد فەرىدنىڭ «ئەنۋارۇل قۇدسىيە» ناملىق كىتابىنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئۆرۈپ، ئېلىخان ھاجىم ۋە ئابلا جامال قاتارلىقلارنىڭ ياردىمىدە شاپىگراف ماشىنىسىدا بېسىپ تارقاتقان. يەنە شۇ جەرياندا ئاشۇ ئۆيدە تۇرۇپ دىنىي تالىپلارنى تەربىيەلىگەن ۋە زىرىق قارىھاجىمنىڭ تەپسىرىنىڭ ئەممە پارىسىدىن بىرنەچچە سۈرىنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇرچىسىغا ئۆرۈگەن.

ئابدۇلئەھەددخان مەخسۇم ھاجىم 1975-يىلىنىڭ بېشىدا بەشئېرىق يېزىسىغا يۆتكىلىپ چىقىپ، شۇ يېزىدىكى ئۆمەر سادىق ھاجىمنىڭ ئۆيىدە مەخپىي دىنىي تەلىم-تەربىيە بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ مەزگىلدە ئېلىخان ھاجىمنىڭ تۆگىچى

يېزىسىدىكى ئۆيىدە ئابلىز ئاخۇن خەلپىتىم تالىپ تەربىيەلىگەن. ئابدۇرراززاق قارىھاجىم قاغىلىق بازار ئىچىدە تالىپ تەربىيەلىگەن. يەنە بۇ جەرياندا ئىبلىخان ھاجىمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرىكەت ئەزالىرى مىللىي ۋە دىنىي ئاقارتىش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىش ئارقىلىق، خەلقنى ئويغىتىش توغرىسىدا جىددىي مەسلىھەتلەردە بولغان.

1975-يىلى قاغىلىق ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئىدرىس توختىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بەشئېرىق يېزىسىدا ئابدۇلئەھەدخان مەخسۇم ھاجىم تالىپ تەربىيەلەۋاتقان ئۆمەر سادىق ھاجىمنىڭ ئۆيىنى، تۆگىچى يېزىسىدا ئابلىز ئاخۇن خەلپىتىم تالىپ تەربىيەلەۋاتقان ئىبلىخان ھاجىمنىڭ ئۆيىنى ۋە ئابدۇرراززاق قارىھاجىم تالىپ تەربىيەلەۋاتقان ئۆيلەرنى مەزكۇر جايلارنىڭ يەرلىك ساقچى دائىرىلىرى ئاختۇرۇشقا باشلىغان ۋە بۇ جەرياندا تۆگىچى يېزىسىنىڭ ساقچى دائىرىلىرى ئىبلىخان ھاجىمنىڭ قاغىلىق بازىرىدىكى ئۆيىنى ئاختۇرۇپ، «مىشكاتۇل مەسابىھ» ناملىق ھەدىس كىتابىنىڭ قېتىدىن جىھاد توغرىسىدا بىر ھەدىس يېزىلغان بىر پارچە قەغەزنى تېپىۋالغان ۋە ئىبلىخان ھاجىمنى سوراق قىلىش ئارقىلىق مەزكۇر خەتنى ئىبلىخان ھاجىمنىڭ يازغانلىقىنى ئۇققان. ئاندىن «باللىرىنى دىندا ئوقۇتقان ۋە مەزكۇر خەتنى يازغان» دېگەن باھانە بىلەن سودا ئىدارىسى ئىچىدە 400-500 ئىشچى-خىزمەتچىنىڭ ئالدىدا بىر كۈن كۈرەش قىلغاندىن كېيىن، ئۈچ ئاي جەرياندا نازارەت ئاستىدا تۇتقان. مۇشۇ باھانە بىلەن رەسمىي كادىرلىقتىن ئىشچىلىق دەرىجىسىگە چۈشۈرۈۋېتىلگەن ۋە تاكى پېنسىيەگە چىققۇچە قاغىلىق ناھىيە يېمەك-ئىچمەك مۇلازىمەت شىركىتىدە ئاشخانىدا ئىشلەپ ئۆتكەن.

1978-يىلى 1-ئاي مەزگىلىدە ئەھمەد فەرىدنىڭ «ئەنۋارۇل قۇدسىيە» ناملىق كىتابىنى ئىبلىخان ھاجىمنىڭ كۆچۈرگەنلىكىنى پاش قىلىپ قويۇپ، ساقچىلار ئىبلىخان ھاجىمنى بىر ھەپتە جەرياندا ھەركۈنى ئەتىگەن ناھىيەلىك ساقچى ئىدارىسىگە ئاپىرىپ سوراق قىلغان. سوراق جەرياندا «ئابدۇلئەھەدخان مەخسۇمنى تونۇمسەن، قاغىلىققا سەن ئېلىپ كەلدىڭمۇ؟» دەپ ناھايىتى قاتتىق قىيىن-قىستاققا ئالغان ۋە سوراق مەيدانىغا ئابلا جامالنى ئېلىپ چىقىپ سوراق قىلغان ۋە ئابلا جامال يۇقىرىدىكى كىتابنى ئىبلىخان ھاجىمنىڭ ئۆيىدە ئابدۇلئەھەدخان مەخسۇم ھاجىم بىلەن بىللە بېسىپ تارقاتقانلىقىنى ئىقرار قىلغان. لېكىن ئىبلىخان ھاجىم بۇ

ئىشنى قىلغانلىقىنى تەن ئالغىلى ئۇنىمىغان. شۇنىڭ بىلەن ساقچىلار كەچ كىرگەندە ئېلىخان ھاجىمنى سودا ئىدارىسىدىكىلەرگە كېچىسى ساقلىشى ئۈچۈن ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. ئېلىخان ھاجىم شۇ كېچىسى قېچىپ كېتىپ، شۇنىڭدىن تارتىپ قاغىلىق ۋە خوتەن قاتارلىق جايلاردا 20 ئاي قېچىپ يۈرگەن.

1979-يىلىغا كەلگەندە سىياسىي ۋەزىيەت بىر قەدەر نورماللىشىپ، مەزكۇر ئىش جىنايەت دەپ بېكىتىلمەيلا ئابلا جامال تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەن. شۇنىڭ بىلەن ئېلىخان ھاجىم ئۆزىنى ئاشكارا قىلىپ، قاغىلىققا قايتىپ كەلگەن ۋە يېمەك-ئىچمەك مۇلازىمەت شىركىتىدىكى خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن.

بۇ مەزگىلدە ئابدۇلھەكىم مەخسۇم ھاجىم 20 يىللىق تۈرمە ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، قاغىلىق ناھىيەسىدە چوڭلارغا دەرس ئۆگىتىۋاتاتتى. ئېلىخان ھاجىم ۋە باشقا ھەرىكەت ئەزالىرى ئابدۇلھەكىم مەخسۇم ھاجىمنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، مەخسۇم ھاجىمنىڭ قاغىلىقتىكى دىنىي ۋە مىللىي ئاقارتىش ئىشلىرىغا پائال قاتناشقان.

1979-يىلى مەسچىتلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش دولقۇنى كۆتۈرۈلۈپ، ئېلىخان ھاجىم قاتارلىق بىر تۈركۈم ھەرىكەت ئەزالىرى مۇشۇ پۇرسەتتە تېزدىن ھەرىكەتكە ئۆتۈپ، پۈتۈن قاغىلىق ناھىيەسىدىكى چېقىۋېتىلگەن ياكى تاقىۋېتىلگەن مەسچىتلەرنى قايتىدىن سېلىش ياكى رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش پائالىيىتىنى باشلىغان. مۇشۇ جەرياندا قاغىلىق ناھىيە ئىچى ۋە باشقا بىرقانچە يېزىلاردىكى 50-40 ئەتراپىدا مەسچىتلەر سېلىنغان ياكى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. جۈملىدىن قاغىلىق چوڭ جامەسى، تۆگىچى كوچىسىدىكى چوڭ جامە، قاغىلىق بېكەت ئالدى جامەسى، خوتەن يولى بويىدىكى ئېگىز مۇنارلىق جامە، ئابدۇلھەكىم مەخسۇم ھاجىم مەھەللىسىدىكى جامە ۋە ئاق مەسچىت قاتارلىق جامەلەر شۇ قېتىملىق مەسچىت سېلىش دولقۇنىدا سېلىنغان ياكى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن جامەلەردۇر.

يەنە 1979-يىلى تۆگىچى كوچىسىدا ئولتۇراقلاشقان راشىدىن مۇپتى ھاجىمنىڭ ئوغلى ئاتاۋۇللاھخان مەخسۇم ھاجىم، ھەبىبۇللاھخان مەخسۇم ھاجىم، ئابدۇراھمان ئابلىز، داۋۇت ھاجىم قاتارلىق يۇرت چوڭلىرى بۇ مەھەللىدىكى بۇزۇۋېتىلگەن مەسچىتنىڭ ئورنىغا باشقا بىر مەسچىت سېلىش ئۈچۈن ناھىيەلىك ھۆكۈمەتكە ئەرز سۇنغان. ناھىيەلىك ھۆكۈمەت مەزكۇر ئەرزنى ئىككى قېتىم رەت قىلغان بولسىمۇ، قاغىلىق ناھىيەسىدە خەلق ئىچىدە «مەسچىتنىڭ ئورنىغا

مەسچىت سىلىش» پىكرى ئەۋج ئېلىپ كەتكەن. ئاخىر ناھىيەلىك ھۆكۈمەت «مەسچىتنىڭ ئورنىغا مەسچىت سىلىش»قا رۇخسەت قىلغان، ئەمما ئىدرىس توختىنى مەزكۇر مەسچىتنىڭ ئورنىغا سېلىۋالغان ئۆيىدىن كۆچۈرۈپ بېرىشكە كۆچمىگەن. ئىدرىس توختى بۇنى ماڭا ھۆكۈمەت بەردى، دەپ ئۆيىدىن كۆچكىلى ئۇنىمىغان. بۇنىڭغا غەزەپلەنگەن خەلق ئىدرىس توختىنىڭ ئۆي سەرەمجانلىرىنى تالاغا ئاچىقىۋېتىپ، يىقىتىۋېتىلگەن مەسچىتنىڭ ئورنىغا قايتىدىن مەسچىت سالغان. ئىدرىس توختى بۇنىڭغا قاتتىق غەزەپلىنىپ: «بۇ مەسچىتتە ناماز ئوقۇشۇپ باققىنىڭنى بىر كۆرۈپ باقاي» دېگەن. خەلق سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، مەسچىتنى قول-قولچە پۈتتۈرۈشكە تىرىشقان. مەسچىتنىڭ تۈنەكخانا قىسمى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە پۈتۈپ، جامائەت ناماز ئوقۇشقا باشلىغان. مەسچىتنىڭ ئىماملىقىنى ئاتاۋۇللاھخان مەخسۇم ھاجىم قىلغان. مەسچىتنىڭ پېشايۋان قىسمىغا ئىشلەۋاتقان مەزگىلدە، يەنى 1981-يىلى 1-ئاينىڭ 13-كۈنى سەيشەنبە كېچىدە قاغىلىق ناھىيە تۆگىچى كوچىسىدىكى يېڭى سېلىنىپ تېخى تولۇق پۈتمىگەن مەسچىتكە ئوت كەتكەن. بۇ ئوت كېتىشنىڭ سەۋەبى مۇنداق: مەسچىتنىڭ ئورنىدا بۇرۇندىن تارتىپ بىر مەسچىت بار بولۇپ، ئاتالمىش «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلدە خىتاي دائىرىلىرى ئۇشبۇ مەسچىتنى چېقىۋەتكەن. بازارلىق ھۆكۈمەت مەزكۇر مەسچىتنىڭ ئورنىنى ساقچى ئىدارىسىدا ئىشلەيدىغان ئىدرىس توختىغا ئۆي سېلىشقا بەرگەنىدى. بۇ مەسچىتكە ئوت قويۇۋېتىش ۋەقەسىنىڭ سەۋەبى مانا مۇشۇ.

بۇ كېچە راشىدىن مۇپتى ھاجىمنىڭ ئوغلى ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇم تۈرمىدىن چىقىپ قاغىلىققا كەلگەن كېچە ئىدى. بۇ مەزگىلدە ئابدۇلھەكىم مەخسۇم ھاجىم سەھەردە بامدات نامىزىدىن ئىلگىرى بىر تۈركۈم تالىپلارغا «قازى بەيزاۋى»دىن تەپسىر دەرسى ئوقۇتۇۋاتقان بولۇپ، دەرس ئەسناسىدا مەسچىتكە ئوت كەتكەنلىك ۋەقەسى مۇزاكىرە قىلىنغان. خىتاي بۇ ۋەقەنى راشىدىن مۇپتىھاجىمنىڭ ئائىلىسىگە دۆڭگەشكە ئورۇن ھازىرلىغان بولسىمۇ، ئېلىخان ھاجىم باشچىلىق ھەرىكەت ئەزالىرى قاغىلىق ناھىيەسىدىكى ئەھلى ئىلىم، ۋەتەنپەرۋەر ۋە مىللەتپەرۋەر زاتلار دەرھال ھەرىكەتكە ئۆتۈپ، خەلقنى تەشكىللەپ، ئوت كەتكەن مەسچىتنىڭ كۆيۈك تۈۋرۈك-ۋاسىلىرىنى كۆتۈرۈپ، جىنايەتچىنى تۇتۇپ جازالاپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ نامايىش قىلغان. شۇڭا ھۆكۈمەت بۇ نامايىشنى «كۆسەي ئىنقىلابى» دەپ ئاتىغان.

بۇ نامايىش ناھايىتى كەڭ كۆلەملىك، پىلانلىق بولغان. ھەتتا گۇما، خوتەن ۋە يەركەندىنمۇ نامايىشقا قېتىلغانلار بولغان. نامايىشتا «مەسچىتكە ئوت قويۇپ بەرگەن جىنايەتچىنى تۇتۇپ جازالاپ بېرىش، ئىدرىس توختىنى جازالاپ بېرىش» دېگەندەك شوئارلار توۋلانغان. نامايىش قىلغۇچىلار قاغىلىق ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە باستۇرۇپ كىرگەن. بۇ ۋەقە خىتاينىڭ مەركىزي ھۆكۈمىتىگىچە يېتىپ بېرىپ، خىتاي كوممۇنىستلىرى «ئۇيغۇرلار مۇستەقىللىق ھەرىكىتىگە ئاتلىنىپتۇ» دەپ ئويلاپ، ناھايىتى ئەنسىرەپ كەتكەن. ھەتتا خىتاي دائىرىلىرى بارلىق نامايىشچىلارنى تامامەن قىرىۋېتىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرگەن.

خىتايلار بۇ ۋەقەدە ئابدۇلھەكىم مەخسۇم ھاجىمنىڭ قولى بار، ئابدۇلھەكىم مەخسۇم ھاجىم ئىنقىلابچى دوستى ئابدۇلھەمىد راشىدىنىڭ قاغىلىققا كەلگەنلىكىنى باھانە قىلىپ، خەلقنى خىتايغا قارشى كۈشكۈرتتى، دېگەن باھانە بىلەن ئابدۇلھەكىم مەخسۇم ھاجىم بىلەن ئابدۇلھەمىدخان مەخسۇمنى تۇتماقچى بولغان. خىتاينىڭ بۇ سۇيىقەستىدىن خەۋەر تاپقان ئابدۇلھەكىم مەخسۇم ھاجىم 16-چېسلا جۈمە نامىزىدا قاغىلىق چوڭ جامەدە خەلققە «قالايمىقانچىلىق چىقارماسلىق، ھۆكۈمەتنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا قاراش» توغرىسىدا ۋەز ئېيتقان. بۇ ئەسنادا قاغىلىقتىكى چوڭ ئەھلى ئىلىملەردىن ئابدۇكېرىم قارىھاجىم (1934-1998) يەردىكى جايناماز قىلىنغان رەختنى قولىغا ئېلىپ، ئوتتۇرىدىن تۆشۈك ئېچىپ، بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ بويىنىغا كىيىپ: «بۇ مېنىڭ كېپىنىم! جىنايەتچىنى تۇتۇپ جازالاپ بەرمىگۈچە توختىمايمىز» دەپ شوئار توۋلاپ جامەدىن چىققان.1

[1] ئابدۇكېرىم قارىھاجىم، 1934 - يىلى پوسكام ناھىيەسىدە تۇغۇلغان. دىنىي تەلىم - تەربىيەسىنى ئائىلىسى ۋە پوسكام ناھىيەسىدە ئالغان. پوسكام، قاغىلىق، قەشقەر ۋە ئۈرۈمچىدە مەخپىي يەككە تىجارەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان. 1968 - يىلى قاغىلىقلىق ئاينۇراخانھاجىم بىلەن ئۈرۈمچىدە توي قىلىپ، قاغىلىققا يەرلىشىپ قالغان. قاغىلىقتا ياسىن ئاخۇن داموللام قاتارلىق ئالىملاردىن دەرس ئالغان. بۇ مەزگىلدە مەخپىي كىچىك بالىلارنىڭ دىنىي ساۋاتىنى چىقىرىش بىلەن مەشغۇل بولغان. 1981 - يىلى «مەسچىت ۋەقەسى»دە ئۈچ يىل كېسىلىپ، 1984 - يىلى تۈرمىدىن چىققان. تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىنمۇ بىر تەرەپتىن بورداقچىلىق قىلغاچ، قاغىلىق ياۋاغ رايونىدىكى ئۆيىدە كىچىك بالىلارنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىش بىلەن مەشغۇل بولغان. 1993 - يىلى «مەخپىي بالا ئوقۇتقانلىق جىنايىتى» بىلەن بىر يىل تۈرمىدە ياتقان. تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن 1994 - يىلى پاكىستانغا چىقىپ، ئىككى ئاي «تەبلىغ جامائەت»نىڭ ئىچىدە تۇرغان. 1994 - يىلى سەئۇدى ئەرەبىستانغا بېرىپ ھەج پەرزىنى تاماملاپ، 1995 - يىلى 8 - ئايدا تۈركىيەگە قايتىپ كەلگەن. تۈركىيەگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مۇجاھىد باراتھاجىم بىلەن بىرگە شەرقىي تۈركىستاننىڭ دەۋاسىغا ئاكتىپ قاتناشقان. بولۇپمۇ 1996 - يىل «غۇلجا قەتلىئامى» ۋەقەسىدە باراتھاجىم بىلەن نامايىشتا ئاكتىپ رول ئېلىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇمنىڭ تۈركىيەدە تونۇلۇشىدا ئالاھىدە تۆھپە قوشقان. 1998 - يىلى سەئۇدى ئەرەبىستانغا ھەجگە بېرىپ، ئافغانىستاندا ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن جىھادقا تەييارلىنىۋاتقانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ، ھەجدىن قايتىپ پاكىستانغا، ئۇ يەردىن ئافغانىستانغا بارغان. 1998 - يىلى 8 - ئاينىڭ 18 -

خەلقنىڭ كۆپىنچىسى ئابدۇكېرىم قارىھاجىمغا ئەگىشىپ، جامەدىن چىقىپ نامايىشنى داۋاملاشتۇرغان. بۇ نامايىش بىر ھەپتە داۋاملاشقان. خىتاي ھۆكۈمىتى نامايىشنى ناھايىتى قاتتىق باستۇرۇپ، نامايىشتا 15-20 ئەتراپىدا كىشىنى قولغا ئالغان. نامايىشقا باشلامچىلىق قىلغانلاردىن ئۆمەرخان مەخسۇم، ئابدۇكېرىم قارىھاجىم ۋە توخسۇنجان ھاجىم قاتارلىق مۇجاھىدلارغا ئايرىم-ئايرىم ھالدا 6 يىللىقتىن 10 يىللىققىچە قاماق جازاسى بەرگەن. بۇ ۋەقە شەرقىي تۈركىستان مىللىي مۇستەقىللىق تارىخىدا «كۆسەي ئىنقىلابى» ياكى «مەسچىت ۋەقەسى» دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇ ۋەقەنىڭ تىرىك شاھىتلىرىدىن ئابدۇلئەھەد ھاپىز مۇنداق دەيدۇ: «قاغىلىقتا چوڭ جامەدىن باشقا مەسچىتلەر يا يىقىتىۋېتىلگەن، ياكى ھۆكۈمەت ئىش ئورنى ۋە ياكى شەخسلەرنىڭ ئۆيىگە ئايلاندۇرۇلغانىدى. پەقەت چوڭ جامە ئوتتۇرىدىن تۇسۇلۇپ، يېرىمى سىياسىي كېڭەشنىڭ ئامبىرى قىلىنغان، يېرىمى قۇلۇپلاپ قويۇلغان بولۇپ، ناماز ئوقۇشقا رۇخسەت قىلىنمايتتى. 1977-يىللىرىدىن كېيىن كىشىلەر بىردىن-ئىككىدىن چوڭ جامەنىڭ دەرۋازىسىنىڭ سۇنۇپ كەتكەن يوچۇقىدىن كىرىپ، ئانچە-مۇنچە ناماز خۇپتەن ئوقۇيدىغان بولدى. ئاستا-ئاستا جامەنىڭ دەرۋازىسىنىڭ داتلىشىپ كەتكەن قۇلۇپىنى چېقىپ تاشلاپ، شام بىلەن خۇپتەننى ئوقۇيدىغان بولدى. دادام ھاپىز قاراخۇنۇم[2] شۇ چاغدا كۆندۈزى توقۇمىچىلىق كارخانىدا ئىشلەيتتى، ئاخشىمى جامەگە بېرىپ جامائەتكە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇپ بېرەتتى. ھۆكۈمەتتىن قورقۇپ بەش-ئون كىشى جامائەت بولاتتى. ھۆكۈمەت بۇ نامازنى توسمىدى، شۇنىڭ بىلەن جامائەت كۈندىن-كۈنگە كۆپەيدى، كېيىن بەش ۋاقىت نامازنى ئوقۇيدىغان بولدى. ئاندىن جۈمە ئوقۇيدىغان بولدى. بىر نەچچە يىل مۇشۇنداق غەيرى رەسمىي ناماز ئوقۇلۇپ كەلدى. 1978-يىللىرىغا كەلگەندە دادامنى سىياسىي كېڭەشكە چاقىرىپ: «سىلىنى كىم ئىمام قىلدى؟» دەپ سوراققا تارتتى. دادام: «مېنى ھېچكىم ئىمام قىلمىدى، ئۆزۈم ناماز ئوقۇي دەپ كەلگەن، جامائەتنىڭ ئىچىدە قۇرئاننى تۈزۈك ئوقۇيالايدىغان ئادەم

كۈنى ئافغانىستاندىكى ئۇرۇشتا شېھىت بولۇپ كەتكەن.

[2] ھاپىز قاراخۇنۇم 1903-يىلى خوتەننىڭ تېتىر كەنتىدە دىندار ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. دادىسى ئابدۇرۇسۇل ئاخۇنۇم خوتەن شەھىرى قورچاق لەڭگىرىدىكى مەدرىسىدە ئۇستاز ئىكەن. 1908-يىلى خوتەندە چوڭ ۋابا كېسىلى يۈز بېرىپ، نۇرغۇن خەلق شۇ ۋابادا ئۆلۈپ كەتكەن. ھاپىز قاراخۇنۇمنىڭ دادىسى بىلەن ئانىسمۇ شۇ كېسەلدە بىر كۈننىڭ ئىچىدە ۋاپات بولۇپ كەتكەن. ئاتا-ئانىسىدىن كىچىك قالغان ھاپىز قاراخۇنۇم ئوقۇش ئۈچۈن قاغىلىققا كېلىپ، قاغىلىقتا قۇرئاننى يادقا ئېلىپ قارى بولۇپ، خوتەنگە قايتماي قاغىلىقتا قېلىپ قالغان. 1979-يىلىدىن تارتىپ قاغىلىق چوڭ جامەنىڭ رەسمىي ئىمام ۋە خاتىبى بولغان، 1984-يىلى قۇربان ھېيتنىڭ 4-كۈنى ۋاپات بولغان.

يوقكەن، شۇڭا ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇپ كەلدىم» دەپ جاۋاب بەرگەندىن كېيىن، بۇندىن كېيىن سىياسىي كېڭەشنىڭ يىغىنىغا قاتناشمىسىلا بولمايدۇ، دەپ كېڭەشكە ئەزا قىلىنىۋالدى. سىياسىي كېڭەشتىن پات-پات يىغىنغا چاقىراتتى، دادام بېرىپ يىغىندا بىر مۇنچە يامان گەپلەرنى ئاڭلاپ، كېلىپ يەنە جامەگە بېرىپ ئىمام بولاتتى. ئانام: «سىلىنى ئىمام بولدۇڭ دەپ تەنقىدلەپ تۇرسا، يەنە جامەگە بېرىپ ئىمام بولۇپ يۈرەمدىلا؟» دېسە، «مەن بارمىسام ناماز ئوقۇپ بېرىدىغان ئادەم يوق، شۇنىڭ بىلەن جامائەت تارقاپ كەتسە، جامە تاقىلىپ قېلىشى مۇمكىن، شۇڭا بېرىپ جامائەتكە ناماز ئوقۇپ بېرىشىم كېرەك» دەيتتى. كېيىن سىياسىي كېڭەشتىن دادامنى جامەنىڭ بىرىنچى ئىمام ۋە خاتىپى، ئەسەدۇللاھ قارىمنى نائىب ئىمام دەپ رەسمىي تەيىنلىدى.

مۇشۇنداق قىلىپ جۈمە نامازلىرىدا جامائەت جامەگە پاتمايدىغان ھالەت شەكىللەندى. 79-يىلىنىڭ بېشىدا بىر جۈمە كۈنى جامائەت جۈمە نامىزىدىن كېيىن ئاپتاپ سۇنغان بولۇپ، جامەنى ئىككىگە بۆلۈپ تۇرغان تامغا يۆلىنىپ، تامنى ئىتتىرىپ ئۆرۈۋەتتى. جامەنىڭ سىياسىي كېڭەش ئامبار قىلىپ ئىشلەتكەن قىسمى ناھايىتى خاراب بولۇپ كەتكەن بولۇپ، خەلق

ئۇنى ناماز ئوقۇيدىغان ھالەتكە كەلتۈرمەكچى بولدى. داۋۇتخاناھاجىم قاتارلىق يۇرت چوڭلىرى پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، تىجارەتچى، ياغاچچى، تامچى ئۇستىلارنى يىغىپ: «جامەنى رېمونت قىلىشقا قانچىلىك ئىقتىساد كېتىدۇ، پىلان تۈزەيلى» دېگەندە، «بۇنىڭغا پۇل كەتمەيدۇ، ئاللاھ ئۈچۈن ھەممىمىز بىكارغا ئىشلەيمىز» دەپ رېمونت باشلىنىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئەر-ئايال، ياش-قېرى ھەممىمىز ئىشلەشكە باشلىدۇق. قىسقا مۇددەت ئىچىدە چوڭ جامە ناھايىتى چىرايلىق رېمونت قىلىنىپ، تاھارەت ئالىدىغان جاي قوشۇپ ياسالدى.

چوڭ جامە رېمونت قىلىنغاندىن كېيىن قاغىلىق بازار ئىچىدىكى كونا جامەلەر بىر-بىرلەپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈش دولقۇنى باشلاندى. ھۆكۈمەت ئورنى قىلىۋالغان يەرلەر بىكارلاندى، ئۆي قىلىۋالغان مەسچىتلەردە ئولتۇرغانلار كۆچۈپ بەردى. بىر يىلغا قالماي بىر نەچچە مەسچىت بارلىققا كەلدى.

ئەمدى «مەسچىت ۋەقەسى»گە كەلسەك، تۆگىچى كوچىسىدا بىر مەسچىت بولۇپ، ئۇنى ئۆيگە ئايلاندۇرۇپ، ھۆكۈمەت كادىرلىرىدىن ئىدرىس توختى دېگەن ئادەم ئولتۇرۇۋالغانىكەن. يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك بۇ مەسچىتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە رۇخسەت بېرىلگەن بولسىمۇ، ئىدرىس

توختى ئۇنى بىكارلاپ بەرگىلى ئۇنىماي ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، جامائەت ئۇنى مەجبۇر قوپۇرۇۋېتىپ مەسچىتنى قايتىدىن سىلىشقا باشلىدى. بۇ مەسچىت ئورۇن ئالغان مەھەللە تىجارەتچى بايلار ئولتۇراقلاشقان بولغاچقا، بۇ مەسچىت قاغىلىق بويىچە چىرايلىق سېلىنغان ۋە ئىچىگە جايناماز ئۈچۈن زىلچا-گىلەم سېلىنغان ئىدى. باشقا مەسچىتلەردە بورا، كىگىز ۋە رەختتىن جايناماز بار ئىدى. مەسچىت سېلىنىشقا باشلىغاندىن تارتىپ بەش ۋاق ناماز ئوقۇلاتتى. ئاتاۋۇللاھخان مەخسۇم ئىمام بولاتتى، بىز ئۆزىمىزنىڭ مەھەللىسىدىكى مەسچىتنى قويۇپ مەزكۇر مەسچىتكە باراتتۇق. مەسچىت پۈتكىلى ئاز قالغان بىر كېچىدە، سائەت ئۈچتە مەسچىتكە ئوت قويۇۋېتىلگەن. ھەممە ئادەم ئۇخلاۋاتقان ۋاقىت بولغانلىقى ئۈچۈن، خەلق ئويغىنىپ ئەھۋالنى كۆرۈپ بولغۇچە مەسچىت پۈتۈنلەي كۆيۈپ خاراب بولغان. سەھەردە ئويغىنىپ مەسچىتنىڭ كۆيۈۋاتقانلىقىنى كۆرگەنلەر مەھەللىدە بىر-بىرىنى ئويغىتىپ، ئۆيىدىن چېلەكلەر بىلەن سۇ توشۇپ، ئوتنى ئۆچۈرگەن بولسىمۇ، كۆيۈك ۋاسا ۋە تۈۋرۈكلەرنىڭ پارچىسىدىن باشقا ھېچنەرسە نەرسە قالمىغان. ھۆكۈمەت نە ئوت ئۆچۈرۈش ماشىنىسى، نە ئەھۋالنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغىلى ئادەم ئەۋەتمىگەن. شۇنىڭ بىلەن غەزەپكە كەلگەن خەلق ئۆمەرخان مەخسۇمنىڭ باشچىلىقىدا مەسچىتتىن قىلىپ قالغان چالا كۆيگەن ۋاسا ۋە تۈۋرۈكلەرنىڭ پارچىلىرىنى كۆتۈرۈپ ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە باردۇق. ھۆكۈمەتتىن ھېچكىم نىمە بولدى؟ دەپ سورىمىدى، «ھۆكۈمەت مەسچىتكە ئوت قويۇۋەتكەن جىنايەتچىنى تۇتۇپ جازالاپ بەرسۇن!» دېگەن تەلىپىمىزگە جاۋاب بەرمىدى. ھەممىسى ئىشخانىنىڭ ئىشىكىنى ئېتىپ، ئىچىدىن چىقماي ئولتۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بىز كېيىن كوچىغا چىقىپ نامايىشنى باشلىدۇق. قاغىلىقنىڭ ھەممە كوچىلىرىنى ئايلىنىپ نامايىش قىلدۇق. ئىككى كۈن ئۈزلۈكسىز نامايىش قىلدۇق، ئۈچىنچى كۈنى قەشقەردىن ۋالىي كەپتۇ، دەپ ئاڭلاپ، ئەتىگەندە ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە باردۇق. ۋالىي بىر نەچچە كىشى بىلەن ئالدىمىزغا چىقىپ سۆزلەپ، بىزنىڭ تەلىپىمىزگە قىلچە قۇلاق سالماستىن: «بۇنداق قىلساڭلار بولمايدۇ، سىلەر تارقىلىپ كېتىڭلار، ئاراڭلاردىن بىر ئىككى كىشىنى ۋەكىل قىلىپ بېرىڭلار، ئاشۇ ۋەكىللەر بىلەن كۆرۈشىمىز» دېدى. نامايىشچىلار: «بىزنىڭ تەلىپىمىز ئېنىق، ھۆكۈمەت مەسچىتكە ئوت قويۇۋەتكەن جىنايەتچىنى تۇتۇپ جازالاپ بەرسۇن! بۇنىڭ ئۈچۈن ۋەكىل قىلىشقا كېرەك يوق، ھەممىمىز ئۆزىمىزگە ۋەكىل»

دەپ چىڭ تۇردى. شۇنىڭ بىلەن ۋالىي بىزنىڭ تەلىپىمىزگە جاۋاب بەرمەي، ئىشخانىغا كىرىپ كەتتى. بىز سىرتقا چىقىپ نامايىشنى داۋاملاشتۇردۇق. ھۆكۈمەت بۇ ۋەقەنى «كۆسەي ئىنقىلابى» دەپ ئاتىدى.

ئابدۇلھەكىم مەخسۇمھاجىمنى سىياسىي كېڭەشكە چاقىرىپ: «سىلە تۈرمىدە چاغدا بۇ خەلق بۇنداق ئىنقىلابقا جۈرئەت قىلالمايتتى، سىلە كەلگەندىن بېرى خەلق ئىسيانچى بولۇپ قالدى» دەپ، نامايىشنى سىلە چىقارغان، دېمەكچى بولغان. مەخسۇم ھاجىم مېنىڭ بۇ ئىش بىلەن قىلچە ئالاقەم يوق، دەپ تۇرغاندىن كېيىن: «ئۇنداق بولسا سىلە چىقىپ جامەدە نامايىشنى توختىتىش ھەققىدە تەبلىغ قىلسىلا، بولمىسا بۇ ئىش سىلىگە چېتىلىدۇ» دەپ تەھدىت سالغان. شۇنىڭ بىلەن مەخسۇم ھاجىم جۈمە كۈنى تەبلىغ قىلىپ: «بۇنداق قالايمىقانچىلىق بىلەن ھېچقانداق ئىش ھەل بولمايدۇ، سىلەر نامايىشنى توختىتىپ ھۆكۈمەتنىڭ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشىغا قويۇڭلار» دېدى.

يەنە بىر تەرەپتىن ھۆكۈمەت خەلقنى قورقۇتۇش ئۈچۈن جۈمە كېچىسى ئۆمەرخان مەخسۇمنى تۇتۇپ كەتكەنىكەن. بىزمۇ ئابدۇلھەكىم مەخسۇمھاجىمنىڭ تەبلىغى بىلەن جۈمەدىن كېيىن ئۆيگە قايتىپ كەتتۇق. لېكىن نۇرغۇن ئادەم قايتىپ كېتەيمۇ كەتمەيمۇ دەپ تۇرغان ۋاقىتتا ئابدۇلكەرىم قارىم ئوتتۇرىغا چىقىپ كېپەننى كېيىپ: «بۇ مېنىڭ كېپىنىم! جىنايەتچىنى تۇتۇپ جازالاپ بەرمىگىچە توختىمايمىز» دەپ شوئار توۋلاپ جامەدىن چىققان پېتى ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە قاراپ ماڭغان. شۇنىڭ بىلەن دېلىغۇلدا قالغان خەلق ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ناھىيەگە بېرىپتۇ. ناھىيەنىڭ ئەتراپىنى پۈتۈنلەي قوراللىق ئەسكەر قورشىغان ۋە دەرۋازىنى تاقىۋالغان. كۆپچىلىك خەلق ئەسكەرلەرگىمۇ پىسەنت قىلماستىن، دەرۋازىغا بىر ھۇجۇم قىلىشى بىلەن دەرۋازا ئېچىلىپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ھەممە خەلق ناھىيەگە كىرىشكە باشلىغان، ئەسكەرلەر ھېچنەرسە دېمەي قاراپ تۇرغان. كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى كىرىپ بولغاندىن كېيىن ئەسكەرلەر دەرۋازىنى ئېتىپ، خەلقنى باستۇرۇپ تۇتۇپ، قارا ماشىنىغا قوي باسقاندەك بېسىپ ھەممىنى تۈرمىگە سولىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن قاغىلىقنىڭ ئۈستىدە تاڭ ئۈچ پار ئايروپىلان ئايلىنىشقا باشلىدى. بىر ھەپتە ئاسماندا ئايروپىلان، يەردە ئەسكەر شەھەرنى جىمجىتلىققا چۆمگەن مازارلىققا ئايلاندۇرۇۋەتتى. چوڭ-كىچىك ھەممە كوچىنىڭ ئېغىزىغا ئەسكەر قويدى. ھېچكىمنى كوچىدىن چىققىلى قويمايتتى، سىرتتىن كىرگىلى قويمايتتى. مەن بىر قېتىم كوچىدىن چىقسام



گەپ قىلمىغانىدى، قايتىپ كەلسەم كىرگىلى قويماي نەچچە سائەت يالۋۇرۇپ، مەھەللىدىكىلەر مۇشۇ كوچىدا ئولتۇرىدۇ، دەپ گۇۋاھلىق بېرىپ، ئاران كىرگىلى قويغانىدى.

بۇ ئەھۋال ساق بىر ھەپتە داۋام قىلدى. بۇ جەرياندا ھەر كېچە ئۆيلەردىن ئادەم تۇتۇش داۋاملاشتى. ساق بىر ھەپتىدىن كېيىن ئەسكەرلەر كوچىلارنى بوشاتتى، ئايروپىلانمۇ ئۇچماس بولدى. لېكىن بىر ئايغىچە سۈرلۈك ھالەت داۋام قىلدى. 40-30 كۈندىن كېيىن تۇتۇلغانلاردىن پالانى چىقىپتۇ، پۇستانى چىقىپتۇ، دەپ ئاڭلاشقا باشلىدۇق. ئاستا-ئاستا قويۇپ بېرىپ، ئاخىرىدا 20-15 ئادەمنى رەسمىي قولغا ئالدى».

ئىلىخان ھاجىمنىڭ سەپداشلىرى 1990-1983-يىللىرىدا ئۆزئارا پۇل يىغىش قىلىپ، نۇرغۇن بالىلارنى پاكىستانغا ئوقۇشقا ئەۋەتكەن. نۇرغۇن يەرلەردە ئەھلى ئىلىملەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، مەدرىسە ئاچقان ۋە ئۇلارنى ماددىي جەھەتتىن قوللىغان. 1970-يىللاردىن باشلاپ قاغىلىق ناھىيەسىدە مەدرىسە ئېچىپ بالا ئوقۇتقان ئۆلىمالىرىمىزدىن ئابدۇرېشىتاخۇن خەلپىتىم، تەيىب ئاخۇن خەلپىتىم، ئاتاۋۇللاھ قارىم داموللام، ئابلىزاخۇن خەلپىتىم (پوسكام)، ئەكبەرخان قارىم، مەمتىمىنخان قارىم، يەھيا قارىم، ئابدۇرېھىماخۇن خەلپىتىم (پوسكام)، ئابدۇرازاق قارىھاجىم، ئەلى قارىم (جەڭگىلەسكە)، ئابدۇسەمەت خەلپىتىم (بۇكسۇڭىي)، ئابلەت ئېزىز، ئابلا جامال، ئابدۇسەمەت قارىم (تېتىر)، ئابدۇقەييۇم قارىم قاتارلىقلار 1990-يىلىغىچە مەدرىسىنى داۋاملاشتۇرغان. بۇ خىزمەتنى قىلىۋاتقان ئۇستازلارنىڭ

ۋە تالىپلارنىڭ تەمىنات ئىشلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنى ئىبلىخان ھاجىم باشلىق ھەرىكەت ئەزالىرى تەمىنلىگەن. ھەرىكەتنىڭ ئالاقە ئىشلىرىنى قاغىلىقتىكى داڭلىق بايلاردىن ھەرىكەت ئەزاسى مەتتوختى قارىھاجىم ئىلىپ بارغان. مەتتوختى قارىھاجىم خوتەن، يەركەن، پوسكام ۋە قەشقەردىكى داڭلىق ئۆلىمالار بىلەن قويۇق ئالاقە ئورنىتىپ، ئۇستازلارنى يۇرتلار ئارا تەجرىبە ئالماشتۇرۇش ۋە ئوقۇغۇچىلارنى سەۋىيەسىگە ئاساسەن تەخسىش خىزمىتىنى قىلغان.

خىتاي دائىرىلىرى 1990-يىلى ئىبلىخان ھاجىم، ئۆمەرخان مەخسۇم، ئالىمجان قارىم، ئابدۇقادىر ئايۇپ، ئابدۇراخمان ئابلىز قاتارلىق ھەرىكەت ئەزالىرىنى «پۇل توپلاپ خىتايغا قارشى تەشكىلات قۇردى» دېگەن جىنايەت بىلەن قولغا ئېلىپ، ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئۈچ يىللىقتىن قاماق جازاسى بەرگەن.

ئىبلىخان ھاجىم دىنىي كىتابلارنى نەشر قىلىش شارائىتى بولمىغان ۋە خىتايلار قاتتىق چەكلىگەن مەزگىللەردە نۇرغۇن دىنى كىتابلارنى كۆچۈرۈپ تارقاتقان ۋە بەزى مۇھىم ئەسەرلەرنىڭ ساقلىنىپ قېلىشىغا ۋەسىلە بولغان. دىنىي ئالىم ۋە ئىنقىلابچى ئابدۇلھەمىد راشىدىننىڭ 1978-يىلى تۈرمىدە يازغان «مۇسۇلماندارچىلىقنىڭ ئاساسى قائىدىلىرى» ناملىق ئەسىرىنى ۋە باشقا نۇرغۇن ئەسەر ۋە شېئىرلىرىنى كۆچۈرۈپ ساقلاپ قالغان. يەنە ئابلىكىم مەخسۇمھاجىم تەرىپىدىن تەييارلىنىپ، 1986-يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «تەجەللى-مۇجەللى» ناملىق ئەسەرنىڭ يېزىقچىلىقىغا ياردەم قىلغان.

1993-يىلى 6-ئايدا ئابدۇلھەكىم مەخسۇم ھاجىم ۋاپات بولغاندا، ھەسەن مەخسۇم، ئابدۇلقادىر ياپچان ۋە يۈسۈپ قادىرخان قاتارلىق تالىپلىرى ئىبلىخان ھاجىمنىڭ ئۆيىگە يىغىلىپ، ئابدۇلھەكىم مەخسۇم ھاجىمنىڭ جىنازا نامىزىدا ئوقۇش ئۈچۈن تەزىيە نۇتقى تەييارلىغان ۋە خىتاي دائىرىلىرى مۇشۇ سەۋەبلىك ئىبلىخان ھاجىمغا ئۈچ يىللىق قاماق جازاسى بېرىپ، قەشقەر كوناشەھەردىكى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش «مۇش» تۈرمىسىگە قامىغان. 1996-يىلى 4-ئايدا تۈرمىدىن چىقىپ، تاكى 2012-يىلى چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەنگە قەدەر سىياسىي نازارەت ئاستىدا تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان. 2012-يىلى ھەج پەرزىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن، باشقا كىملىك بىلەن پاسپورت ئىشلىتىپ، سەئۇدى ئەرەبىستانغا ھىجرەت قىلغان.ھەج پەرزىنى ئادا قىلغاندىن كېيىن تۈركىيەگە قايتىپ كېلىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە تۈركىيەدە ئىستىقامەت قىلغان.

بۇ جەرياندا تۈركىيەدە دىن ۋە ۋەتەن دەۋاسى قىلىۋاتقان سەپدىشى مەرھۇم ئابدۇلھەكىمخان مەخسۇم، ئابدۇقادىر ياپچان بىلەن زىچ ئالاقىدە بولغان. ئۇلارنىڭ باشچىلىقىدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى نىشان قىلىنغان، دىنىي ۋە مىللىي ئاساستا قۇرۇلغان مائارىپ ھەرىكىتى ۋە ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ خىزمىتىگە ئاكتىپلىق بىلەن ھەمكارلاشقان.

ئىبلىخان ھاجىم مەيلى ۋەتەنىنىڭ ئىچىدە بولسۇن، مەيلى مۇھاجىرەت ھاياتىدا بولسۇن، ئۆمرىنى ئىسلام دىنىنىڭ ئالىي بولۇشى، ۋەتەنىنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە ئۆلىمالارنىڭ خىزمىتى يولىدا ئۆتكۈزگەن. ئىبلىخان ھاجىمنىڭ كىتاب ئوقۇشقا ئالاھىدە ئىشتىياقى بار ئىدى، نورمالدا كىتاب ئوقۇمىغان كۈنلىرى يوق دېيەرلىك ئىدى. ۋەتەن سىرتىدا نەشر قىلىنغان ھەر قانداق يېڭى بىر كىتابنى ئاڭلىغان بولسا، بىر ئامال قىلىپ ئۇ كىتابنى تېپىپ ئوقۇپ چىقاتتى. ئەگەر ئىسلامنىڭ دىنىي ئاساسلىرىغا زىت ۋە مىللىي مۇستەقىللىق چۈشەنچىسىگە زىيان يېرىدىغان يەرلىرى بولسا، يازغۇچى ۋە نەشر قىلغۇچىنى ئىمكان بار ئىزدەپ سوراپ تېپىپ، ئۆزىنىڭ ئۇ ھەقتىكى تەنقىد ۋە پىكرىنى بايان قىلىپ، ئۇنى تۈزىتىشكە تىرىشاتتى.

ئىبلىخان ھاجىم ھايات ۋاقتىدا 60 ئەتراپىدا پەرزەنتى، نەۋرە-چەۋرىسى بار بولۇپ، بۇلارنىڭ 20 دىن كۆپرەكى قارىي بولۇپ چىققان. ئىبلىخان ھاجىم نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرەتتى ۋە پەرزەنتلىرىنىڭمۇ ناماز ئوقۇشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرەتتى. ھەر كۈنى بامدات نامىزىدىن كېيىن بىر پارە قۇرئان ئوقۇشقا ئادەتلەنگەنىدى. پەرزەنتىنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ئىبلىخان ھاجىم ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ئەگەر بامدات نامىزىنى ئۆيىدە ئوقۇغان بولسا، كۈن قىزىرىپ كېتىشكە قالماي، ئۆيدىكى چوڭ-كىچىك ھەممەيلەننى ئويغىتىپ، نامازنى جامائەت بولۇپ بىرگە ئوقۇيدىكەن.

بارلىقىنى ئىسلام دىنىنىڭ ئالىي بولۇشى، ۋەتەنىنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە ئۆلىمالارنىڭ خىزمىتى يولىغا ئاتىغان ئىبلىخان ھاجىم 2024-يىلى 3-ماي جۈمە كۈنى جۈمە نامىزىغا تاھارەت ئېلىپ، نامازغا بارغىلى تەمشىلىۋاتقان چاغدا ۋاپات بولدى. جانابىي ئاللاھتىن مەرھۇمغا مەغپىرەت ۋە مەرھەمەت تىلەيمىز. جانابىي ئاللاھ مەرھۇمنىڭ ماكانىنى جەننەت ۋە مەرتىۋىسىنى ئالىي قىلسۇن.

تۈركىيە-ئىستانبۇل

2023-يىلى 12-ئاينىڭ 12-كۈنى

(2024-يىلى 5-ئاينىڭ 6-كۈنى تۈزىتىلدى)






## قاغىلىق جامەسىنىڭ پاجىئەلىك ئاقىۋىتى

قاغىلىق يېرى كەڭ، بايلىق مول، تۇپرىقى مۇنبەت، ئىلىم-مەرىپەت، ھۈنەر-سەنئەت تەرەققىي قىلغان قەدىمىي يۇرت. قاغىلىق شەھىرىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان چوڭ جامە قەدىمكى تارىخنىڭ تولۇق گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. جامە ئالدىدىكى كەڭرى بازار تارىختىن بېرى قاغىلىقنىڭ سودا ۋە دىنىي مەركىزى بولۇپ كەلگەن قەدىمىي رەستە بولۇپ، بۇ رەستىگە قاغىلىقنىڭ ئۇزاق يىللىق ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىكى ئاجايىپ گۈزەل، يارقىن قايناق مەنزىرىلەر مۇجەسسەملەنگەنىدى. جامە دەرۋازىسىنىڭ ئىككى يېنىدىكى كىتابپۇرۇشلار ھازىرقى ۋە قەدىمكى زامان ئەسەرلىرىنى بېرىلىپ ئوقۇۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە خاس كىيىم-كېچەكلىرى ئوتتۇرا ئەسىر مەدەنىيىتى بىلەن ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ گىرەلىشىپ كەتكەن ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇراتتى.[1]

مانا مۇشۇ گۈزەل مەنزىرە ئىچىدە جۇلالىنىپ تۇرغان قاغىلىق جامەسىنىڭ بارلىققا كېلىشى قاغىلىقنىڭ سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە بازار بولۇپ شەكىللىنىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بۇ جامە 466 يىللىق تارىخقا ئىگە، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى جامە ۋە بازارنىڭ ئورنى ساي ياقىسىدىكى كەنتتە بولۇپ، بۇ يەر

[1] بۇ يازمىدىكى مەلۇماتلار «قاغىلىق تارىخي ماتېرىياللىرى» دېگەن كىتابتىن ئېلىندى.

يەكەن بىلەن خوتەن ئارىلىقىدىكى قونالغۇ بولغان.

سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سۇلتانى ئابدۇرېشىدخان تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئۆز دۆلىتىنىڭ ھەربىي ۋە سىياسىي كۈچىنى مۇستەھكەملەش بىلەن بىرگە، مائارىپ، يېزا ئىگىلىكى، سۇ ئىنشائاتى، قاتناش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. سۇلتان ئابدۇرېشىدخان قاغىلىقتا تۇرۇۋاتقان مەزگىلدە سەمەرقەنتتە ئوقۇپ ئىلىم تەھسىل قىلغان سايراملىق خوجا مۇھەممەت شېرىپ دېگەن مۇتەپەككۇر ئالىم ھىندىستان ئارقىلىق قاغىلىققا كەلگەن. بۇ كىشى ئۆز زامانىسىنىڭ مۇتەپەككۇرلىرىدىن بولۇپ، سۇلتان ئابدۇرېشىدخاننىڭ خىزمەتلىرىگە يېقىندىن مەسلىھەتتە بولغان. قاغىلىق خوتەن بىلەن يەكەن ئارىلىقىدىكى مۇھىم قاتناش تۈگۈنى بولغاچقا، ئۇ كىشى بۇ جايغا مەسچىت ۋە لەڭگەر سېلىشنى تەكلىپ بەرگەن. بۇنى خانلىق توغرا تاپقاندىن كېيىن، ھىجرىيە 943-يىلى (مىلادىيە 1536-يىلى) ھازىرقى جامەنىڭ دەسلەپكى ئۆلى سېلىنغان. مەسچىتنىڭ تاملىرى سېلىنىۋاتقان مەزگىلدە كۈن ئولتۇرۇشتىكى قىبلە تام ئارقىمۇ ئارقا ئۈچ قېتىم ئۆرۈلۈپ كېتىپ، قايتا سالسىمۇ توختىمىغان. كېيىن بۇ تام ئورنىنىڭ بىر يېرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەنلىكى سېزىلىپ، سۇلتان ئابدۇرېشىدخان بىلەن خوجا مۇھەممەت شېرىپ بۇ يەرنى ئېچىشقا بۇيرۇغان، يەر كولىنىپ ئىككى-ئۈچ مېتىر چوڭقۇرلۇققا يەتكەندە يەرنىڭ ئاستىدىن بىر كۈپ ئالتۇن، بىر چويۇن بۇت ۋە بىر كىشىنىڭ جەسىتى چىققان. سۇلتان ئابدۇرېشىدخان شۇ مەيداندىلا ئۇ بىر كۈپ ئالتۇننى مەسچىت قۇرۇلۇشىغا سەرپ قىلىش ئۈچۈن يارلىق يېزىپ، مۆھۈر بېسىپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن مەسچىت قۇرۇلۇشى باشقىدىن پىلانلىنىپ، ئىچكىرى-تاشقىرى مەسچىت ۋە كەڭرى سەينالىق جامەگە ئۆزگەرتىلگەن. يەرنىڭ تېگىدىن چىققان جەسەتنىڭ ھورمۇز شەھىرىدىن كەلگەن موللا خوجا ئەھمىدى دېگەن كىشىنىڭ جەسىتى ئىكەنلىكى ئېنىقلىنىپ، جامەنىڭ جەنۇب يېقىغا مازار ياسىلىپ دەپنە قىلىنغان. چويۇن بۇتتا ئىككى چوڭ داش قازان قۇيدۇرۇلغان، جامەنىڭ ئىچىگە توققۇز ئېغىز ھۇجرا چىقىرىلىپ ياسالغان، بىر كۈپ ئالتۇننىڭ جامە قۇرۇلۇشىدىن ئاشقان قىسمىغا جامەنىڭ ئىككى كىلومېتىر شەرقىدىن ئاتمىش تۆت پاتمان (4650 مو) يەر ئېلىنىپ، جامەنىڭ ۋەخپىسى قىلىنغان. جامە پۈتكەندە خوجا مۇھەممەد شېرىپ بۇزرۇكۋار جامەگە ئۆز قولى بىلەن بېغىشلىما يېزىپ بەرگەن.

جامە پۈتۈپ يەتتە يىلدىن كېيىن (ھىجرىيە 950-يىلى، مىلادىيە 1543-يىلى) سۇلتان ئابدۇرېشىدخان جامە ئالدىنى بازار قىلىشنى قارار قىلىپ، جامە ئەتراپىغا دۇكان ۋە رەستىلەرنى سېلىشنى بۇيرۇغان. قۇرۇلۇش

باشلانغاندا سۇلتان ئابدۇرېشىدخان دائىم دېگۈدەك جامە ئەتراپىدىكى دۇكان قۇرۇلۇشىنى كۆزدىن كۆچۈرۈپ تۇرغان ھەمدە باشقا يەرلەردىن تۆمۈرچى، ناۋاي، موزدۇز، ئاشپەز قاتارلىق ھۈنەرۋەن، كاسىپلارنى پەرمان بىلەن قاغىلىق بازىرىغا يۆتكەپ كېلىپ، دۇكانلارغا ئورۇنلاشتۇرغان. قاغىلىق بازىرىنىڭ دائىرىسى پەيدىنپەي كېڭىيىپ ئاۋاتلىشىشقا باشلىغان. شۇنىڭ بىلەن ھىجرىيە 953-يىلى (مىلادىيە 1546-يىلى) رەسمىي بازار قىلىپ بېكىتىلگەن.

ھىجرىيە 1290-يىلى (مىلادىيە 1883-يىلى) ئۆز دەۋرىنىڭ ئوقۇمۇشلۇق كىشىلىرىدىن قاغىلىق مەھكىمە شەرئىيىنىڭ ئەلىمى مۇتىئۇللاھئەلىماخۇنۇمنىڭ تەشەببۇسى بىلەن قاغىلىق جامەسى بىر قېتىم رېمونت قىلىنىپ، جامەنىڭ شىمالىي تەرىپىگە كەڭرى سەينالىق مەدرىسە چىقىرىلغان. مەدرىسە تالىپلار ئىلىم تەھسىل قىلغاندىن سىرت، جۈمە كۈنلىرى مەھكىمە شەرئىيىنىڭ ئاخۇنۇملىرى دەۋا ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدىغان قازىخانىمۇ بولغان.

1936-يىلىغا كەلگەندە قاغىلىقتا ھاكىم بولۇپ تۇرغان «ھاجى شەنجاڭ» دېگەن تۇڭگان كىشى بۇ جامەنى يەنە بىر قېتىم چوڭ رېمونت قىلدۇرۇپ، جامەنىڭ ئەسلىدىكى شەرققە قارايدىغان دەرۋازىسىنى شىمالغا قارايدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىپ، جامەگە دەھلىز ئارقىلىق كىرىدىغان قىلىنغان. دەرۋازىنىڭ ئىككى يېقىغا 18 مېتىر ئېگىزلىكتە مۇنار چىقىرىپ ياسىتىپ، ئىچكى ھۇجرىلارنى دېرىزىلىك قىلىپ، ئالدىغا پېشايۋان ياساتقان.

1960-يىللىرى كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتى ۋەتىنىمىزدىكى مەسچىتلەرنى تاقاپ، بەزىلىرىنى چېقىپ، بەزىلىرىنى ھۆكۈمەت ئىش ئورنى ياكى شەخسلەرنىڭ ئۆيىگە ئايلاندۇرۇلغانىدى. قاغىلىقتا پەقەت چوڭ جامە قالغان، ئۇنىڭ ئوتتۇرىدىن توسۇپ يېرىمىنى سىياسىي كېڭەش ئىشلەتكەن، يېرىمى قۇلۇپلاپ قويۇلغان بولۇپ، ناماز ئوقۇشقا رۇخسەت قىلىنمايتتى. 1975-يىللىرىدىن كېيىن كىشىلەر بىردىن-ئىككىدىن چوڭ جامەنىڭ دەرۋازىسىنىڭ سۇنۇپ كەتكەن يوچۇقىدىن كىرىپ، ئانچە-مۇنچە ناماز خۇپتەن ئوقۇيدىغان بولدى. ئاستا-ئاستا جامەنىڭ دەرۋازىسىنىڭ داتلىشىپ كەتكەن قۇلۇپىنى چېقىپ تاشلاپ، شام بىلەن خۇپتەننى ئوقۇيدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن كۈندىن-كۈنگە جامائەت كۆپىيىدى، كېيىن بەش ۋاخ ناماز ئوقۇيدىغان بولدى. ئاندىن جۈمە ئوقۇيدىغان بولدى.

مۇشۇنداق قىلىپ جۈمە نامازلىرىدا جامائەت جامەگە پاتمايدىغان ھالەت شەكىللەندى. 79-يىلىنىڭ بېشىدا بىر جۈمە كۈنى جامائەت جۈمە نامىزىدىن كېيىن ئاپتاپ سۇنغان

بولۇپ، جامەنى ئىككىگە بۆلۈپ تۇرغان يامغا يۆلىنىپ، تامنى ئىتتىرىپ ئۆرۈۋەتتى. جامەنىڭ سىياسىي كېڭەش ئىشلەتكەن قىسمى ناھايىتى خاراب بولۇپ كەتكەن بولۇپ، خەلق ئۇنى ناماز ئوقۇيدىغان ھالەتكە كەلتۈرمەكچى بولدى. داۋۇتخان ھاجىم قاتارلىق يۇرت چوڭلىرى پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، تىجارەتچى، ياغاچچى، تامچى ئۇستىلارنى يىغىپ: «جامەنى رېمونت قىلىشقا قانچىلىك ئىقتىساد كېتىدۇ، پىلان تۈزەيلى» دېگەندە، «بۇنىڭغا پۇل كەتمەيدۇ، ئاللاھ ئۈچۈن ھەممىمىز بىكارغا ئىشلەيمىز» دەپ رېمونت باشلىنىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئەر-ئايال، قېرى-ياش ھەممەيلەن كېچە-كۈندۈز ئىشلەشكە باشلىدى. قىسقا مۇددەت ئىچىدە چوڭ جامە ناھايىتى چىرايلىق رېمونت قىلىنىپ، تاھارەت ئالىدىغان جاي قوشۇپ ياسالدى. جامەنىڭ سەيناسى سېمونتلاشتۇرۇلدى.

1986-يىلىغا كەلگەندە، خەلق ئاممىسىنىڭ كۈچلۈك تەلىپى ۋە جامەنى شەھەر قۇرۇلۇش مۇھەندىسىنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلاشتۇرۇپ ياساپ چىقىش ئۈچۈن، مەخسۇس «قاغىلىق جامەسىنى كېڭەيتىپ رېمونت قىلىش ھەيئىتى» تەشكىل قىلىندى. ھەيئەت باشلىقلىقىنى ئاتاقلىق دىنىي ئالىم، ھۆرمەتكە سازاۋەر زات مەرھۇم ئابدۇلھېكىم مەخسۇمھاجىم ئۈستىگە ئالدى. خەلقنىڭ زور كۈچ بىلەن ئىئانە توپلىشى نەتىجىسىدە 373 مىڭ 799 يۈەن نەق پۇل (بۇ ۋىلايەتلىك دىنىي ئىشلار ئىدارىسى ئىلان قىلغان سان) ۋە باشقا ماددىي بۇيۇملار توپلىنىپ، بەش يىل ئىشلەش ئارقىلىق جامە كېڭەيتىلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك رېمونت قىلىنىپ ياسالدى. جامە دەرۋازىسىنىڭ ئالدى كەڭرى مەيدان قىلىنىپ ئاسفالتلاشتۇرۇلۇپ، ئوتتۇرىغا گۈللۈك قىلىندى. مەيداننىڭ شەرق، غەرب تەرەپلىرىگە ئىككى قەۋەتلىك سودا دۇكانلىرى چىقىرىلدى. جامە دەرۋازىسى 24 مېتىر ئېگىزلىكتە مۇنار گۈمبەزلىك قىلىپ ياسالدى، جامە ئىچىدىكى ھۇجرىلار 16 گە كۆپەيتىلىپ، ھۇجرىلارنىڭ ئالدىدىن باشقا شەرقىي شىمالىي تەرەپلەرگىمۇ پىتون لەمپە چىقىرىلىپ، ئەتراپىغا تۆمۈر رېشاتكىلار ئورنىتىلىپ سەينا قىلىندى. جامەنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىكى يان ئىشىكلىرىگە نەقىش گۈللۈك تۆمۈر دەرۋازا ئورنىتىلدى. ئىچكىرى-تاشقىرى مەسچىتلەرنىڭ تورۇسلىرى كىشىنى مەھلىيا قىلغۇدەك دەرىجىدە كۆركەم زىننەتلەندى، ئىشىك، تۈۋرۈكلىرىنىڭ گۈل نەقىشلىرى قايتا سىرلىنىپ، توك ۋە تورۇبا ئورنىتىلىپ، مۇستەھەمپخانا چىقىرىلدى.

جامەنىڭ يېقىندىن قەد كۆتۈرگەن مۇنار ۋە دەرۋازا بىنالىرىغا پىششىق خىشلار بىر-بىرىگە ماھىرلىق بىلەن گىرەلەشتۈرۈپ گۈل چىقىرىلغان، ئۇنىڭدا ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئېگىزلىكى بەش مېتىر كېلىدىغان دەرۋازىنىڭ

ئۈستىگە ئالتۇن رەڭلىك ھەلدە ئۇيغۇر خەتتاتلىقىنىڭ يۇقىرى سەنئىتى بىلەن قۇرئان ئايەتلىرى، ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ئويۇلغان. دەرۋازىدىن كىرگەندىن كېيىن دەھلىز نامايان بولىدۇ. دەھلىزنىڭ ئۇدۇل تېمىغا مېھراب شەكلىدە چىرايلىق گۈل نەقىشلەنگەن تۆمۈر روجەك ئورنىتىلغان. جامە سەيناسىغا كىرمەي تۇرۇپمۇ روجەكتىن جامەنىڭ پۈتۈن مەنزىرىسىنى كۆرگىلى بولىدۇ. دەھلىز ئىچىدە ئىككى كىچىك ئىشىك ۋە ئىككى چوڭ ئەگمە ئىشىك بار. كىچىك ئىشىكتىن ئەگمە پەشتاقلار ئارقىلىق ئۈستىدىكى زال ئۆيگە ۋە ئۈستىدىكى گۈمبەز ئىچىگە چىققىلى بولىدۇ. گۈمبەزنىڭ ھەممە تەرىپىگە ئىككى قۇر دېرىزە ئورنىتىلغان، شۇڭا گۈمبەزنىڭ ئىچى يورۇق ھەم ئازادە. ئىككى ئەگمە ئارقىلىق جامە ئىچىگە كىرگىلى ھەم يۇقىرىغا كۆتۈرۈلگەن پەشتاق ئارقىلىق جامە سەيناسىنىڭ شەرق، شىمال، جەنۇب ياقلىرىغا سوزۇلغان تۆمۈر رىشاتكىلىق سەيناغا چىققىلى بولىدۇ. جامەنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 4762 كىۋادرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 1437 كىۋادرات مېتىر، جامە ئىچىدە 16 ئېغىز ھۇجرا، سىرتىدا 23 دۇكان بار، مەسچىت بىلەن سەينانى ئۇزۇن كەتكەن ئۈچ باسقۇچلۇق گۈللۈك پەشتاق ۋە تۆمۈر رىشاتكا ئايرىپ تۇرىدۇ، سەينانىڭ تېگى سېمونتلاشتۇرۇلغان. مەسچىت ئىچىگە زىلچا گىلەملەر سېلىنغان، مەسچىتنىڭ تورۇسلىرى ۋە تۈۋرۈكلىرىگە ھەرخىل نەقىشلەر ۋە قاپارتما گۈللەر چىقىرىلغان، سېمونت تۈۋرۈكلۈك بېتون لەمپە جامە ئىچىگە ئاجايىپ ھۆسن قوشۇپ تۇرىدۇ، پۈتۈن جامەدە ئىچكىرى، تاشقىرى مەسچىت ۋە سەينانى قوشسا بىرلا ۋاقىتتا 10 مىڭ ئادەم ناماز ئوقۇيالايدۇ. جامەنىڭ قۇرۇلمىسى ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبىنى تولۇق ئەكس ئەتتۇرگەن.

قاغىلىق جامەسى پۈتۈن ناھىيەنىڭ دىنىي ئىشلىرىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان كۆزنەك ئورۇن بولۇپ، مەسچىتتە ۋەزىپە ئۆتەيدىغان خادىملار ھەر تەرەپتىن يېتىشكەن، ياشانغان، ئوتتۇرا ياش ۋە ياشلاردىن تەركىب تاپقانىدى.

قاغىلىق جامەسى 1992-يىلى ۋىلايەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى ساقلاش ئورنى تەرىپىدىن ناھىيە بويىچە 1-دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان يادىكارلىق ئورنى قىلىپ بېكىتىلگەن تۇرۇقلۇق، ئىشغالىيەتچى خىتاي ھاكىمىيىتى 2018-يىلى قۇربان ھېيت ھارپىسىدا 500 يىللىق جامەنى چېقىپ تاشلاپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ تارىخىي مىراسىنى يوقىتىشتىن ئىبارەت كەچۈرگۈسىز جىنايەت سادىر قىلغان. خىتاينىڭ بۇ جىنايىتى 2019-يىلى ئاپرېل ئېيىدا گوگۇل خەرىتىسىدىكى سۈنئىي ھەمراھ سۈرەتلىرى ئارقىلىق ئىسپاتلاندى.

تەييارلىغۇچى: ئابدۇلئەھەد ھاپىز

# شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلدىكى بىر قىسىم پائالىيەتلىرى

1. شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى رەئىسى دوكتور ئالىمجان بۇغدا باشچىلىقىدىكى بىر ھەيئەت 2023-يىلى 9-سېنتەبىر تۈركىيەدە تونۇلغان ئالىم ۋە دەۋەتچى شەيخ ئىسمائىل ھۈنەرلىجىنى زىيارەت قىلدى. زىيارەت جەريانىدا شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى تونۇشتۇرۇلۇپ ئۆتكەندىن كېيىن، ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتى ھەققىدە مەلۇمات بېرىلدى.





2. شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى ئىسلامىي ئىلىملەردە ماگىستىرلىق ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارغا يېتەكچىلىك قىلىش پىروگراممىسىنى 2023-يىلى 1-ئۆكتەبىر رەسمىي يولغا قويدى. بۇ پىروگراممىدا تۈركىيەدىكى ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ئىسلامىي ئىلىملەر ساھەسىدە ماگىستىرلىق ئوقۇۋاتقانلارغا قارىتا ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان ئۇستازلارنىڭ يېتەكچىلىك قىلىشى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان بولۇپ، پىروگراممىنىڭ 2023 - 2024 ئوقۇ-ئوقۇتۇش يىلى ئۈچۈن تۇنجى قاراردا 19 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى.



3. شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى رەئىسى دوكتور ئالىمجان بۇغدا باشچىلىقىدىكى بىر ھەيئەت 2023- يىلى 11-نويابىر مەركىزى ئىستانبۇلغا جايلاشقان پەلەستىن ئۆلىمالار بىرلىكىنى زىيارەت قىلدى. ھەيئەتنى پەلەستىن ئۆلىمالار بىرلىكى رەئىسى دوكتور نەۋۋاف تەكرۇرىي كۈتۈۋالدى.



زىيارەتتە شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى ھەيئىتى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ پەلەستىن خەلقىنىڭ ھەقلىق دەۋاسىنى قوللايدىغانلىقىنى، ھەرقانداق زۇلۇم ۋە زومىگەرلىككە قارشى تۇرىدىغانلىقىنى، غەززەدە ئىسرائىلىيەنىڭ بىگۇناھ خەلقنى بومباردىمان قىلىشىنىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى سادىر قىلىنغان جىنايەت ۋە ئۇرۇش ئەخلاقىغا زىت قىلمىش ئىكەنلىكىنى بايان قىلىش بىلەن بىرگە، مەزكۇر بومباردىماندا ئۆلتۈرۈلگەن ۋە ھېلىھەم ئۆلتۈرۈلۈۋاتقان پەلەستىن خەلقىگە جانابى ئاللاھتىن رەھمەت، ياردارلارغا شىپالىق تىلىدى.

ھەيئەت يەنە خىتاي رېجىمىنىڭ 1949-يىلىدىن بۇيان شەرقىي تۈركىستاندا پىلانلىق ھالدا ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈۋاتقانلىقىنى، ئەمما پەلەستىن مەسىلىسىدە خىتاينىڭ پەلەستىن تەرەپتە تۇرغاندەك قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، ئىسلام دۇنياسىغا ياخشىچاق بولماقچى ۋە ئۆزىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايەتلىرىنى يوشۇرماقچى بولغانلىقىنى تەكىتلىدى.

ھەيئەت زىيارەت ئاخىرىدا، غەززەدە خېيىم-خەتەر ئىچىدە ياردەمگە موھتاج بولۇۋاتقان پەلەستىن خەلقىگە يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن ئۆلىمالار بىرلىكى ئەزالىرىنىڭ ئۆزئارا توپلىغان ياردەملىرىنى پەلەستىن ئۆلىمالار بىرلىكىگە تاپشۇردى.

پەلەستىن ئۆلىمالار بىرلىكى رەئىسى دوكتور نەۋۋاف تەكرۇرىي بولسا ھەيئەتنىڭ زىيارىتىگە رەھمەت ئېيتىپ، شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ بۇ ئېغىر كۈنلەردە پەلەستىن خەلقىنى ئۇنتۇمىغانلىقى ۋە

ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجى بار تۇرۇپ، پەلەستىندىكى قېرىنداشلىرىغا ئىسلامىي قېرىنداشلىق مېھرىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغانلىقىغا تەشەككۈر ئېيتتى ۋە مەزكۇر ياردەملەرنى غەززەگە يەتكۈزىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنداقلا پەلەستىن خەلقىنىڭمۇ ھەردائىم شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ھەقلىق دەۋاسىنىڭ يېنىدا ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى.

4. 2023-يىلى 9-دېكابىر سېربىيە سانجاق رايونىنىڭ مۇپتىسى سەنەد خالىدوف ۋە بېلگراد رايونىنىڭ مۇپتىسى مۇستاپا يۇسۇپ، ماۋرىتانىيەلىك ئالىم ھەسەن ھەبىبۇللاھ، ھىندونېزىيەدىكى «ساھابەتۇلئەقسا» جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇللىرى قاتارلىق مۇھىم شەخسلەر شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنى زىيارەت قىلدى. مېھمانلارنى بىرلىكىمىزنىڭ ئىسلام دۇنياسى ئالاقە ئىشلىرىدىن مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىس مەھمۇدجان داموللام باشچىلىقىدىكى ھەيئەت كۈتۈۋالدى.



ئۇچرىشىشتا مېھمانلارغا شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى ھەققىدە مەلۇمات بېرىلىش بىلەن بىرگە، شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى تونۇشتۇرۇلدى.



5. شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ ساھىبخانىلىقىدا، 2023-يىلى 29-دېكابىر تۈركىيەدە پائالىيەت قىلىۋاتقان 50 كە يېقىن شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتىنىڭ مەسئۇللىرى بىر يەرگە جەم بولدى.



بۇ ئۇچرىشىشقا تۈركىيەدە شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى يولىدا سىياسەت، تەتقىقات، ئاخبارات، مەتبۇئات، تەلىم-تەربىيە ساھەلىرى بويىچە خىزمەت قىلىۋاتقان 50 كە ئۇيغۇر تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە ۋەكىللىرى قاتناشتى.



ئۇچرىشىشتا تەشكىلاتلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش، تەشكىلاتلار ئارا ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا بىر يەرگە جەم بولۇپ چۈشىنىش ھاسىل قىلىش، دۈشمەندىن (خىتايدىن) قۇتۇلۇشتىن ئىبارەت غايە-مەقسەت ئۈچۈن ئورتاق ھەرىكەت قىلىشنىڭ مۇھىملىقى تەكىتلەندى.

6. شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ 10-نۆۋەتلىك شۇرا يىغىنى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن 60 تىن كۆپ ئەزانىڭ قاتنىشىشى بىلەن 30-، 31-دېكابىر كۈنلىرى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلدى.

شۇرا يىغىنىدا خەلقىمىز دۇچ كېلىۋاتقان تەھدىتلەر، ئۆلىمالارنىڭ كونكرېت مەسئۇلىيەتلىرى ۋە قانداق قىلغاندا دەۋەت-تەشۋىقات خىزمىتىنى ۋەتىنىنىڭ مۇستەقىللىقىنى نىشان قىلغان ھالدا ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ؟ دېگەندەك تېمىلار مۇزاكىرە قىلىندى ۋە مۇھىم قارارلار چىقىرىلدى.



يىغىندا بىرلىكنىڭ نىزامنامىسىگە «تەپتىش ھەيئىتىنىڭ ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلىرى» دېگەن ماددا بىرلىك ئەزالىرىنىڭ ئورتاق ئاۋازى بىلەن ئىلاۋە قىلىندى. يىغىندا يەنە بىرلىكنىڭ ئىجرائىيە بۆلۈمىگە «ياشلار خىزمەت بۆلۈمى» تەسىس قىلىش قارار قىلىندى.

يىغىندا ئۆلىمالار بىرلىكى شەرقىي تۈركىستاننى خىتاي ئىشغالىيەتچىلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ بارلىق شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە پەرزى ئەين ئىكەنلىكىنى قايتا تەكىتلەش بىلەن بىرگە، ئۆلىمالارنىڭ بارلىق خىزمەتلىرىدە، بولۇپمۇ دەۋەت، تەبلىغ ۋە ھەر قايسى سورۇنلىرىدا «شەرقىي تۈركىستان» چوقۇم تىلغا ئېلىنىشى كېرەكلىكى، ئۆلىمالار بىرلىكى سۈپىتىمىز بىلەن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ۋەتەن دەۋاسى قىلىۋاتقان بارلىق تەشكىلاتلارغا ئوخشاش مۇساپىدە تۇرۇپ، بارلىق خىزمەتلەرنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ مۇستەقىللىقىنى نىشان قىلغان ئاساستا ئېلىپ بېرىلىشى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىلىدىغانلىقى ئالاھىدە تەكىتلەندى.

يىغىنىدا يەنە ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۈچۈن پائالىيەت قىلىۋاتقان بارلىق تەشكىلات ۋە شەخسلەر بىلەن ئالاقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، خەلقىمىزنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى، مىللىي ئەنئەنىسىنى، ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ۋە قىممەت قاراشلىرىنى قوغداش ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ دەۋا يولىدىكى ئاساسلىق پرىنسىپلىرى قاتارىدا كۆرۈشكە تەشەببۇس قىلىش تەكىتلەندى.

مۇزاكىرىدىن كېيىن ئۆلىمالار بىرلىكى قارمىقىدىكى بارلىق بۆلۈملەر ئۆزئارا مەسلىھەت قىلىپ، 2024-يىلى ئىچىدە قىلماقچى بولغان خىزمەتلىرىنى بېكىتىپ چىقتى. ئاخىرىدا شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ رەئىسى دوكتور ئالىمجان بۇغدا مۇزاكىرىلەرگە ئاساسەن ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ 2024-يىلى بىر يىل ئىچىدە ئىشقا ئاشۇرماقچى بولغان خىزمەتلىرى ھەققىدىكى قارارنى ئېلان قىلدى.

قاراردا شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ، بولۇپمۇ مۇھاجىرەتتىكى خەلقىمىزنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى، ئۆرپ -ئادىتىنى مىللىي ئەنئەنىسىنى قوغداشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ۋە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بارلىق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىشنىڭ مۇھىملىقىنى، ئەرەب-ئىسلام دۇنياسىدا شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى، تۈركىيەدە تونۇلغان بىر قىسىم ئۆلىمالار ۋە جامائەت ئەربابلىرى بىلەن شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىدىغان مەسلىھەت گۇرۇپپىسى بەرپا قىلىپ، قەرەللىك ھالدا ئۈچرىشىش ئارقىلىق، تۈركىيەدە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى جانلاندۇرۇشقا كۈچەيدىغانلىقىنى، ئۆلىمالار بىرلىكى تەشكىلاتلار ئارا مۇناسىۋەت بۆلۈمىنىڭ خىزمىتىنى جانلاندۇرۇپ، تۈركىيە سىرتىدىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىشكە ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى، مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ بارلىق خىزمەتلىرى ۋە پائالىيەتلىرىنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى مەركەز قىلغان ھالدا ئېلىپ بېرىش ھەققىدىكى تەشۋىقاتنى كۈچەيتىدىغانلىقىنى، خەلق بىلەن ئۆلىمالارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كۈچلەندۈرۈشكە ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى ئىستانبۇلدىكى ئۇيغۇر مەكتەپ ۋە مەدرىسەلىرىدە دىنىي، مىللىي قىممەت قاراش ئېڭىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن قەرەللىك تەربىيە پائالىيەتلىرىنى تەشكىللەيدىغانلىقىنى، ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىنىڭ قەلبىگە دىن، ۋەتەن ۋە مىللەت تۇيغۇسىنى سىڭدۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى، ئىلاھىيەت فاكۇلتېتلىرىدا ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا قاراتمىلىق خىزمەتلەرنى كۈچەيتىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى.



# ئاپتورلىرىمىز سەمىگە:

ئاللاھقا شۈكۈرلەر بولسۇنكى، ژۇرنال مەسئۇلى ۋە تەھرىر ھەيئەتىدىكى جاپاكەشلەرنىڭ ھىممىتى بىلەن ژۇرنىلىمىزنىڭ 8-سانى سىلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى. ژۇرنىلىمىز ھەر يىلدا ئىككى سان نەشر قىلىنىدىغان بولۇپ، ئەقىدە، ئىبادەت، ئەدەپ-ئەخلاق، كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە مۇئامىلە ،ئېقىم مەسىلىلىرى، مەشھۇر ئۆلىمالارنىڭ تەرجىمىھاللىرى... قاتارلىق دىنىمىزغا ئالاقىدار ھەرقايسى تېمىلاردا ماقالە قوبۇل قىلىدۇ.

تۆۋەندە ژۇرنىلىمىزنىڭ ئەسەر قوبۇل قىلىش شەرتلىرىنى ئاپتورلىرىمىز سەمىگە سالماقچىمىز:

1. ماقالە مەزمۇنى ئەھلى سۈننەت ئەقىدىسىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.
2. ئىلمانىي ئىدىيەلەر ياكى ئوتتۇرا يولدىن چەتنىگەن ئاشقۇن پىكىرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان بولۇشى كېرەك.
3. ئۆچمەنلىك ۋە پىتنە تارقىتىش خاراكتېرىدىكى ماقالىلەر بولماسلىقى كېرەك.
4. شەخس ۋە كوللېكتىپلارغا قارىتا ھاقارەت تۈسىنى ئالمىغان بولۇشى كېرەك.
5. مىللىتىمىزنىڭ رېئال ئەھۋالى ۋە كەلگۈسىگە ئالاقىدار رىغبەت ۋە ئۈمىدۋارلىق نۇقتىسىدىن يېزىلغان مۇلاھىزە ماقالىلىرى، شۇنداقلا تارىخىمىزدا ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ھاياتى يورۇتۇلغان، مۇھاجىرەتتىكى قېرىنداشلىرىمىزغا ئۈمىد، ئىلھام، ئىپتىخار بېغىشلايدىغان ماقالىلەر ئالدىن ئويلىشىلىدۇ.
6. ماقالىلەر ئۆلچەملىك ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا يېزىلغان بولۇشى، گىراماتىكا ۋە ئىملا قائىدىسىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.
7. ئايەت، ھەدىسلەر ۋە باشقا نەقىل مەنبەلىرى بەت ئاستىغا ئىزاھات شەكلىدە بېرىلىشى كېرەك.
8. ئايەتلەرنىڭ تېكىستى گۈللۈك ﴿ ﴾ تىرناق ئىچىگە، تەرجىمىسى قوش « » تىرناق ئىچىگە، ھەدىسلەرنىڭ تېكىستى چوك [ ] تىرناق ئىچىگە، تەرجىمىسى قوش « » تىرناق ئىچىگە، ئىزاھاتلار بەت ئاستىغا ئېلىنىشى كېرەك.
9. تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ ئەسلى مەنبەسى قوشۇپ ئەۋەتىلىشى كېرەك.
10. ئۆزلەشتۈرۈلگەن ماقالىلەر چوقۇم ئەسكەرتىلىشى كېرەك.
11. مەيلى ئىجادىي بولسۇن، ياكى تەرجىمە بولسۇن، تېما تاللىغاندا مۇمكىنقەدەر ئۇيغۇرلارغا يېڭى ھېسابلىنىدىغان تېمىلارنى تاللاش تەۋسىيە قىلىنىدۇ.




شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى تەتقىقات مەركىزى
تەرىپىدىن يېقىندا نەشر قىلىنىدىغان كىتابلار